www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى



1985 3

# شىنجاڭ داشۆ قۇرۇلغانلىغىنىڭ
# 50 يىللىغىنى تەبرىكلەيمىز!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى
تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن
نەشر قىلىندى
ئومۇمىي 23 - سان

★

# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى

(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
1985 - يىل 3 - سان

## مۇندەرىجە

دەۋرىمىزنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە يېتىشىپ ماڭايلى ........ بۇرھان شەھىدى 1
شىنجاڭ داشۆسىنى ياخشى باشقۇرۇپ، ھەر مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆپ ۋە
تېز يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشايلى! ........ ھاكىم جاپپار 8
«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلمىسى ۋە تۆتىنچى شەخس ئۇدغۇرمىش
ھەققىدە بەزى مۇلاھىزىلار ........ ئابلىمىت روزى 18
فارابىنىڭ ئىستېتىك قاراشلىرى ھەققىدە ........ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 36
مولوكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئايرىۋېتىش
توغرىسىدا ........ ئىسمايىل نىياز، سۇڭ لىلى 56
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سېلىشتۇرما تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ........
........ ئابدۇكېرىم راخمان 65
«جامىئۇل - ھىكايەت» توغرىسىدا دەسلەپكى مۇھاكىمە ........ تۇرسۇن قۇربان 86
شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى تۆھپىسى ........
........ جۇ ياڭگۇي، گاۋ شىنشىڭ 99
........ (ن. ئەخمىدى تەرجىمىسى)
شىنجاڭدا ئەڭ دەسلەپ نەشر قىلىنغان ئالىي مەكتەپ ژورنىلى «يېڭى نۇر» ........
........ ۋاڭ مىيتاڭ 115
........ (ق. قۇربان تەرجىمىسى)
قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەر-» پېئىلى توغرىسىدا مۇلاھىزە ........ مەترېھىم سايىت 121
ئۇيغۇر، قازاق يېزىقى ئىنفورماتسىيىسىنى (B) 8000 — PC — مىكرو ھىساپلاش
ماشىنىسىدا بىرتەرەپ قىلىش توغرىسىدا ........
........ سۇلتان جانبولاتوپ، ھوشۇر ئىسلام، ۋۇ زۇگياۋ 129
ھىجرىيە ۋە مىلادىيە كالىندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى ........ يۈسۈپ ئۇربىلى 185

# 新疆大学学报

一九八五年第三期

（哲学社会科学版）　季　刊　（总第23期）

## 目　录

1.紧紧跟上时代的步伐……包尔汉

2.办好新疆大学，为多出快出各族人才而努力……阿克木·加帕尔

3.关于《福乐智慧》的思想内容和贤智形象的意义……阿布力米提·肉孜

4.论法拉比的美学观……阿不都许库尔·买买提依明

5.试论所有权与经营权可以适当分开的问题……斯马义·尼亚孜，宋岭

6.关于开展维吾尔文学的比较研究……阿不都克里木·拉赫曼

7.《故事集》初探……吐尔逊·库尔班

8.新疆各族人民在抗日战争中的贡献……朱杨桂，高新生（尼·阿合买地译）

9.新疆最早的高校校刊——“新芒”……王梅堂（克由木·库尔班译）

10.试论古代维吾尔语中的动词“ول”……买德热合木·沙依提

11.PC－8000（B）微型计算机上维、哈文字信息处理系统……苏丹，吾守尔，吴宗尧

12.回历与公历对照表……玉苏甫·乌儿毕力

封底 新疆古今 林基路等烈士生前筹建的教学楼—新大红楼

www.uyghurkitap.com

# دەۋرنىڭ تەرەققىيات قەدەمىگە يېتىشىپ ماڭايلى

(شىنجاڭ داشۆ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلايمەن)

## بۇرھان شەھىدى

شىنجاڭ داشۆ 1935 - يىلى قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە 50 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. شىنجاڭ داشۆ رەھبەرلىكى تەرىپىدىن مۇندىن سەل ئىلگىرەك ئېۋەتىلگەن ۋەكىللەر ماڭا شىنجاڭ داشۆنىڭ مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەشكە تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى، ھەمدە شىنجاڭ داشۆدە زور ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەپ بەردى. بۇلارنى ئاڭلاپ، ئۆز ۋاقتىدا شىنجاڭ داشۆدە ئاز - تولا خىزمەت قىلغان كونا مەكتەپداشلاردىن بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئىنتايىن خوشال بولدۇم ۋە ھاياجانلاندىم.

شىنجاڭ داشۆ ئۆز تەرەققىيات تارىخىدا بەكمۇ ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتتى.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئازادلىقتىن بۇرۇن، شىنجاڭنىڭ مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرى تولىمۇ قالاق ئىدى. ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ مائارىپ خىراجىتى ئىنتايىن ئاز ئىدى. پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئاخباراتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىرەر ئورگان ياكى گېزىت تۇرماق، ھەتتا بىرەر مەدەنىيەت مۇئەسسەسىمۇ يوق ئىدى. 1923 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى بۇ خىل قالاق ھالەتتىن بىزار بولۇپ، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئاممىنىڭ مەكتەپ ئېچىش توغرىسىدىكى سادالىرى كۈچىيىشكە باشلىدى. شۇ سەۋەپلىك ياڭ زېڭشىن خەلق كۆڭلىنى ئەمىن تاپتۇرۇش ئۈچۈن ئانچە - مۇنچە مىدىرلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) دە بىر قانۇن مەكتىۋى ئاچتى، كېيىن يەنە بىر مۇڭغۇل قازاق مەكتىۋى ئاچتى. ياڭ زېڭشىن قانۇن مەكتىۋىنى ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سىياسىتىگە تاقابىل تۇرۇش يۈزىسىدىن ئاچقان ئىدى. شۇنىڭدەك، سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش جەريانىدا كىشىلەرنىڭ قىزىللىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن چوڭ بايلار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان تاشقى ئىشلار خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئەينى زاماندا شىنجاڭدا مەدەنىي مائارىپ قۇرۇلۇشىدىن سۆز ئېچىش-

مۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پۈتۈن ئۆلكىدىكى ماتارىپ ئورۇنلىرىنىڭ سانى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بىر ناھىيىنىڭ ماتارىپ ئورۇنلىرىنىڭ سانىچىلىكمۇ يوق ئىدى. بۇ مەسىلىگە كەلگەندە، ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆزىمۇ «ئۆز ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشقىلا بولىدىغانلىقى، تەرەققى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلىقى»نى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىغان ئىدى.

جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە كەلگەندە، شىنجاڭنىڭ ماتارىپ ئىشلىرىدا ياڭ زېڭشىن دەۋرىگە سېلىشتۇرغاندا بىر قەدەر ئىلگىرىلەش بولغان بولسىمۇ، بىراق پەرق چوڭ بولمىدى، مەيلى جىن شۇرېن بولسۇن ياكى ياڭ زېڭشىن بولسۇن، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى شىنجاڭنىڭ ماتارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشتىنلا ئىبارەت ئىدى، شۇڭا ئۇلار ماتارىپ بىلەن شۇغۇللانماي، ئۆزلىرىنىڭ يېقىنلىرىنى يېنىغا توپلاپ، ئۆزلىرىنىڭ تەسىر كۈچلىرىنى كېڭەيتىش بىلەن بولۇپ كەتكەن ئىدى.

1933 - يىلى «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى پۈرسەتپەرەست شىڭ شىسەي ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى ئاسانلا قولىغا كىرگۈزۈۋالدى. شىڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، پايدا - زىياننى مۆلچەرلەپ كۆرۈپ، شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىپ، جاھانگىرلىككە قارشى بايراقنى كۆتۈرۈپ چىققاندىلا، ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ دەپ قارىدى. شۇڭا، ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىلغارلىق تونىغا ئورىنىشقا باشلىدى. يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى ھېساۋىدا بىر مۇنچە ئىلغار ۋە دېموكراتىك مەزمۇندىكى خىتاپنامىلارنى ئېلان قىلدى (بۇ 1933-يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان سەككىز ماددىلىق خىتاپنامە بولۇپ، بۇنىڭدا ماتارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلغان). بۇنىڭ بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشەنچىسىگە، ئىلغار كۈچلەرنىڭ قوللىشىغا، سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىۋالدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بۇ مەزگىلدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇش، جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق - ھەمكارلىقىنى ئىچكىرى ئىلگىرى سۈرۈش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەرنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى چوڭ ئارقا سەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلارنى شىڭ شىسەينىڭ خىزمەتلىرىگە ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى. كۆپچىلىككە تونۇش بولغان ماۋزېمىن، چېن تەنچيۇ، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلار دەل مۇشۇ مەزگىلدە پارتىيىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن شىنجاڭغا خىزمەتكە كەلگەن.

1935 - يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن ھەر ساھەدىكى ئىلغار ئەربابلارنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا، دىخۋادا شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ئاممىۋى تەشكىلاتى — «شىنجاڭ فەندىخۇي» قۇرۇلدى. ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىن تارتىپ تاكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەرلىك ئورۇنلارغىچە، خەلق ئۆزكۈم - تۈزكۈملەپ تەشكىللىنىپ، جاھانگىرلىككە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىنقىلاۋى سەپكە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىمۇ تېزلىكتە راۋاجلاندى. نىسبەتەن چوڭ شەھەر بازارلىردا مەكتەپلەر ئېچىلدى. شىنجاڭ شۆيۈەن (ھازىرقى شىنجاڭ داشۆنىڭ ئاساسى) دەل مۇشۇنداق بىر ئەھۋالدا دۇنياغا كەلدى. بۇ، شىنجاڭ تارىخىدا ھەقىقەتەن زور بىر ئىش ئىدى. دەسلەپكى مەزگىلدە شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ كۆلىمى ناھايىتى كىچىك ئىدى، پەقەت ئىككىلا فاكولتېت بولۇپ، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانىمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. 1936 - يىل باھارغا كەلگەندە، ئىلى، چۆچەك، ئالتاي، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا مائارىپ ئىدارىلىرى تەسىس قىلىندى. دارىلمۇئەللىمىن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر قۇرۇلدى. بىر مەزگىل شىنجاڭدا ھەقىقەتەن كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان جۇشقۇن كەيپىيات بارلىققا كەلدى. 1938 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە كوممۇنىستلار، ئىلغار زاتلار، ئىنقىلاۋى ياشلار شىنجاڭنىڭ ئىقتىسات، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، تۈزكۈم - تۈزكۈملەپ شىنجاڭغا كېلىپ، ھەر مىللەت ئىلغار ياشلىرىنى تەربىيىلەش يولىدا ئاكتىپ تۆھپە قوشتى. بۇ مەزگىلدە، شىنجاڭ شۆيۈەن كوممۇنىستلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە كونا قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئىلغار ياشلار تەلپۈنىدىغان بىر جايغا ئايلاندى. مەسىلەن، كۆپچىلىككە تونۇش بولغان ئاببباسوف، ئابدۇلھەي قاتارلىق كىشىلەر ئىلگىرى - كېيىن بۇ يەرگە كېلىپ بىلىم ئالغان. ئەپسۇسكى، ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى. شىڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچى ئەپتى-بەشىرىسى ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. 1937 - يىلدىن باشلاپ، ئۇ ھەرخىل رەزىل ۋاستىلارنى بىر - بىرلەپ ئىشقا سېلىپ، ئىنقىلاۋى زاتلارنى، كوممۇنىستلارنى، ئىنقىلاۋى ياشلارنى تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلاپ، ئۆلتۈرۈپ، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىن قانلىق قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەدەنىيەت مەسلەھەتچىسى مەنسۇر قولغا ئېلىندى. شىنجاڭ شۆيۈەن مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان مەشھۇر كوممۇنىست لىن جىلۇ، شۆيۈەن مۇدىرى، مەشھۇر ئىلغار زات دۇجۇڭيۈەنلەرمۇ ئىلگىرى - كېيىن دەھشەتلىك تۈردە قەتل قىلىندى. شۆيۈەندىكى ئىلغار ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار قولغا ئېلىندى. سۈرگۈن قىلىندى، ئۆلتۈرۈلدى، شۆيۈەن جاھالەت ئىچىگە چۆمدى. نۇرغۇنلىغان ئىلغار زاتلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، مىڭ تەسلىكتە روناق تاپقان شىنجاڭ شۆيۈەن مۇشۇ مەزگىلگە كەلگەندە تاقىۋېتىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. مەكتەپ تەلىم - تەربىيىسىنىڭ ئىلغار مەزمۇنى چىقىرىپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى شىڭ شىسەينىڭ فاشىستىك قۇللاشتۇرۇش تەلىم - تەربىيىسى ئىگەللىدى. پۈتۈن شىنجاڭ ئاق تېررورلۇق ئىچىدە قالدى.

شىنجاڭ شۆيۈەن دۇنياغا كەلگەن كۈندىن تارتىپ، ئۇنىڭ بېسىپ ئۆتكۈسى يولىنىڭ ئەگرى - توقاي بولىدىغانلىقىدىن بىشارەت بار ئىدى. شىڭ شىسەينىڭ ئورنىغا گومىنداڭ چىقتى. ئەمما بۇمۇ شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىگە قىلچە پايدا ئېلىپ كەلمىدى. خەلق يەنىلا چىدىغۇسىز جاپا - مۇشەققەتلەردىن قۇتۇلالمىدى. بۇ مەزگىلدە، شىنجاڭ شۆيۈەن يەنە-

لا ئېغىر پالاكەتلەرگە ئۇچراۋەردى. 1945 - يىلى قىشقا كەلگەندە، شىنجاڭ شۆيۈەندە بىناكارلىق - قۇرۇلۇش فاكۇلتېتىنىڭ بىرىنچى يىللىق سىنىپىدا پەقەت بەشلا ئوقۇغۇچى قالدى. بۇ، ئەمەلىيەتتە، مەكتەپنىڭ يېپىلغانلىقى بىلەن باراۋەر ئىدى. 1946 - يىلى شىنجاڭ ئىنقىلاۋى بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. خەلق ئىنقىلاۋى بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن زور ئۈمىت كۈتكەن ئىدى. شۇ ۋاقىتتا، مەن بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرى ئىدىم، يولداش تۇجۇ مۇئاۋىن مۇدىر ئىدى. مەن ئۇ ۋاقىتلاردا ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن ئالدىراپ يۈرگەنلىكىم ئۈچۈن، مەكتەپ خىزمىتىنى، ئاساسەن، يولداش تۇجۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى. 1947 - يىلى 5 - ئايدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى تۈپەيلى، قۇرۇلغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بىرلەشمە ھۆكۈمەت تارقاپ كەتتى. گومىنداڭ چوڭ پانتۈركىست مەسئۇتنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىك تەختىگە چىقاردى. بۇ ئىش كەڭ ياشلار ۋە شۆيۈەندىكى ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا چوڭ تەسىر قوزغىدى. ئۇلار مەسئۇتنىڭ رەئىس بولۇشىغا قارشى ئىمزا قويۇش ھەركىتىنى باشلىۋەتتى. دىخۇا شەھىرىنىڭ كوچىلىرىدا مەسئۇتقا قارشى تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى تارقىلىشقا باشلىدى. مەسئۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن، شىنجاڭ شۆيۈەنگە بىر مۇئاۋىن مۇدىر تولۇقلىدى ھەمدە مەتىمىننى ئۇيغۇر تارىخى دەرسىنىڭ پروفېسسورلىغىغا تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن مائارىپ ساھەسىدە شۆيۈەن بىر تەرەپتىن، گومىنداڭنىڭ زوراۋان ھۆكۈمرانلىقىغا دۇچ كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، پانتۈركىستلەرنىڭ ۋەتەننى پارچىلاش، خەنزۇلار بىلەن دۈشمەنلىشىشتەك قۇترىتقۇچ ھەركەتلىرىگە دۇچ كەلدى. بۇ ئىككى خىل كۈچ بىرلىشىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىقنى كەلتۈردى. شۇ ۋاقىتتا، مەن يولداش تۇجۇ ۋە باشقا ئىلغار ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە، كۈچىمىز يەتكەن دائىرىدە بۇ ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە تاقابىل تۇردۇق. مەن بىر كۈنى، شۆيۈەن بويىچە ئېچىلغان بىر قېتىملىق ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار يىغىنىدا مەتىمىن تارقاتقان «شىنجاڭدا پەقەت ئۇيغۇرلارلا خوجا بولۇشقا ھەقلىق، باشقا مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى كۆچمەن مىللەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا خوجا بولۇش ھەققى يوق» دېگەندەك مىللىي بۆلگۈنچىلىك سۆزلىرىگە كەسكىن رەددىيە بەردىم. مەسئۇت، مەتىمىن قاتارلىق بىر توپ چوڭ پانتۈركىستلەر شىنجاڭدا، شىنجاڭ شۆيۈەن ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىلىرىنى سىڭدۈرۈپ، شىنجاڭنى ۋەتەندىن بۆلۈپ چىقىپ كەتمەكچى بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ شىرىن چۈشلىرى ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. 1949 - يىلى، خەلق ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا غەلىبە قازانغانلىق خەۋىرى شىنجاڭغا يېتىپ كەلدى. ھەر خىل ئىنقىلاۋى تەشكىلاتلار ئارقا - ئارقىدىن ھەركەتكە كېلىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئازاتلىق ئۇرۇشلىرىغا ماسلىشىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئوخشىمىغان شەكىللەر بىلەن كۈرەش ئېلىپ باردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆز ھالاكىتىنىڭ ئۇزۇنغا قالمىغانلىقىنى بارغانچە ھېس

قىلمىشقا باشلىغان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا ئۆلۈم ئالدىدا جان تالاشماقتا ئىدى. ئۇلار ۋەزىيەتنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، مېنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىككە تەيىنلىدى. شۇ ئارقىلىق خەلق بىلەن بولغان زىددىيەتنى پەسەيتمەكچى بولدى. ئەمما مەن بولسام ئۇ ۋاقىتتا قانداق قىلىپ ھەر ساھە زاتلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ شىنجاڭنى تېچلىق بىلەن ئازات قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتىم.

تېچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنى ئويۇشتۇرۇش ۋە ھازىرلاش كۆرىشى جەريانىدا شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى ئاكتىپ تۆھپە قوشتى. شىنجاڭ شۆيۈەندىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى بىلەن ھەمنەپەس بولدى، ئۇلار شىنجاڭنىڭ بۇرۇنىراق ئازات بولۇپ، گومىنداڭنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىدىن بالدۇرراق قۇتۇلۇشنى بىردەك ئارزۇ قىلىشاتتى. شۇ ۋاقىتلاردا شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ تۇرغان يولداش تۇجۇ ھېمىشە دىگوەدەك كېچىسى ئازات رايون رادىيو ئىستانسىلىرىنىڭ خەۋەرلىرىنى مەخپىي تىڭشاپ، خاتىرىلىۋېلىپ، ئەتىسى گېزىتنىڭ ئاردىسىغا قىستۇرۇپ ماڭا بېرەتتى ھەمدە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى ئەھۋاللارنى، ئىلغار ياشلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلار بىلەن ئىنقىلاۋىي قوشۇننى تولۇقلاش ئارقىلىق ئازادلىق يولىدىكى جەڭگىۋار كوچلەرنى ئۇلغايتىش مەسىلىسىدە مەن بىلەن مۇزاكىرە قىلاتتى. شىنجاڭ شۆيۈەندىكى ئىلغار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازات قىلىش يولىدىكى جەڭگىۋار ئىش ئىزلىرى تارىخ سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر قايسى ساھەلەردىكى زاتلارنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشى ئارقىسىدا 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - 26 - كۈنلىرى شىنجاڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي دائىرىلىرى ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، خەلق قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى جاكالىدى، شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ كۈنى باشقىدىن تۇغۇلدى. شۇندىن تارتىپ، شىنجاڭ تارىخىدا يېڭى بىر دەۋر باشلاندى. 1946 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىسەم، مەن شىنجاڭ شۆيۈەندە مۇدىر بولۇپ تۇرغان مۇشۇ ئۈچ يىل ئىچىدە شۆيۈەن ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ، بىراق مەكتەپنىڭ كۆلىمى يەنىلا كىچىك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئاز بولۇشتەك بىچارە ھالەت ئۆزگەرمىدى. 1949 - يىلى 9 - ئايدا پۈتۈن شۆيۈەندە ئاران 379 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچى بار ئىدى.

شىنجاڭ شۆيۈەنى ئۇنىڭ ياشىغان دەۋرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ئۇ بېسىپ ئۆتكەن يولنىڭ ھەربىر قەدىمىدە دەۋرنىڭ چوڭقۇر ئىزلىرى بار. جاھالەتلىك كونا جۇڭگودا ئۇ قانچە قېتىملار سەنتۈرۈلۈپ ھالاك بولۇش گىرداۋىغا دۇچ كەلگەن ئىدى. شىنجاڭنىڭ ئازات بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇ قايتىدىن دۇنياغا كەلدى.

ئازاتلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تولىمۇ كۆڭۈل بۆلدى، بولۇپمۇ شىنجاڭ

شۆيۈەننىڭ تەرەققىياتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. جۇزۇگلى شىنجاڭ شۆيۈەننى ياخشى باشقۇرۇش ھەققىدە مۇھىم يوليورۇق بەردى. جۇدې، دۇڭبىۋۇ ئاتارلىق يولداشلار شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەن مەزگىللەردە شىنجاڭ شۆيۈەندىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە، ئالغا بېسىشىغا كۆڭۈل بۆلدى، مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى يوقلىدى، ئوقۇغۇچىلارنى قىزىقىپ پەننى بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. 1952 - يىلى مەكتەپنى كېڭەيتىپ قۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا، يولداش ۋاڭجېن ئازادلىق ئارمىيە كوماندىر جەڭچىلىرىنى باشلاپ كېلىپ، مەكتەپنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ئەمگەككە قاتناشتى. جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ئورۇنلارمۇ مەكتەپنى كېڭەيتىپ قۇرۇش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلدى ۋە قوللىدى شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە مەكتەپتە تەكشۈرۈش، تەرتىپكە سېلىش خىزمەتلىرى ئىشلەندى. ئوقۇتۇش ئىسلاھ قىلىندى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى كۈچەيتىلدى. شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭ شۆيۈەن ئۆزىنى قالماي ئونىۋېرسال داشۆ قىلىپ كېڭەيتىلىپ، شىنجاڭدىكى ئىسمى جىسمىغا لايىق ئالىي بىلىم يۇرتىغا ئايلاندى. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرى 1 - بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدە ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ شۆيۈەننىڭ خىزمىتىگە بەكمۇ كۆڭۈل بۆلدى. مەكتەپتە ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت مائارىپ فاڭجېنىنى پائال ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئاڭ سەۋىيىسىنى، ئۆگىنىش سۈپىتىنى خېلى يۇقىرى كۆتەردى. تارىخىي تەرەققىياتنىڭ قەدىمىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭ شۆيۈەن چوڭ قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەشكە باشلىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، مەن شىنجاڭ شۆيۈەننىڭ مۇدىرلىق خىزمىتىنى داۋاملىق ئىشلىدىم. يولداش تۇجۇ شىنجاڭ 1- ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىگە مۇدىر بولدى. يولداش جاڭ دۇگېيۇ شىنجاڭ شۆيۈەننىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولدى. ھۆكۈمەت خىزمىتى ۋە باشقا خىزمەتلەر ئالدىراش بولغانلىقتىن مەكتەپتىكى خىزمەتلەر ئەمەلىيەتتە جاڭ دۇگېيۇ قاتارلىق يولداشلارغا يۈكلىنىپ قالدى. مەنمۇ مەكتەپ خىزمىتىگە دائىر دوكلاتلارنى دائىم دېگۈدەك ئاڭلاپ تۇردۇم. مەكتەپكە بېرىپ كېلىپ يۈردۈم، مەكتەپنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردۇم. 1955 - يىلى شىنجاڭدىن ئايرىلىپ بېيجىڭغا كېلىپ خىزمەت قىلىشقا باشلىغان كۈندىن تارتىپ تاكى 1962 - يىلغىچە يەنىلا شىنجاڭ داشۆنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدىم.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مەن «ئەكسىل- ئىنقىلابچى» دېگەندەك بىر دەۋە قالپاقنى كىيىپ، شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىنىپ كۈرەش قىلىندىم. كۈتۈلمىگەندە مېنى ئۆزەمگە تونۇش بولغان جايغا — شىنجاڭ داشۆگە قاماپ قويدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» نىڭ شىنجاڭ داشۆگە كەلتۈرگەن زىيانلىرىنى ئۆز

كۆزۈم بىلەن كۆرگىنىمدە ئىچىم ئېچىشىپ كەتتى. ئەمما ئۇنداق شارائىتتا مېنىڭ قولۇم-
دىن نېمە كېلەتتى؟ مەن داشۆدە ھەمىشە كۆرەش ئېلىنىپ تۇردۇم. بىر كۈنى [illegible]
رەشىدە سىرتتىن قايتىپ كېلىپ ماڭا: «مەن ھازىر سىرتقا چىققاندا، داشۆنىڭ بىر
ئىشچىسى مېنىڭ قولۇمغا پىچىرلاپ، بۇرھان ئەپەندى داشۆنىڭ كونا شىياۋجاڭى، مەن
ئۇنىڭ بىلەن كۆپ يىل بىللە بولغان، بىز ئۇنى چۈشىنىمىز، ئۇ بىر كىمگە يامانلىق
قىلمىغان، مېنىڭچە ئۇ يامان ئادەم ئەمەس.» دېگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ گەپلەر ئۆز ۋاقتىدا
بىزگە كۈچلۈك مەدەت بولدى. بىزنىڭ ھاياتقا بولغان ئىشەنچ ۋە ئىرادىمىزنى چىڭىتتى.

1983 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى ئاپتونوم رايونىنىڭ شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن
ئۆز ھاياتىنى تەقدىم ئەتكەن ماۋزېمىن، چېن تەنچيۇ، لىن جىلۇ، دۇچۇڭيۈەن قاتارلىق تۆت
ئىنقىلاۋي قۇربانىنىڭ قۇربان بولغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرلەش پائالىيىتىگە قاتنىشى-
ۋاتقان كۈنلەردە، مەن شىنجاڭ داشۆگە يەنە بىر قېتىم بېرىش پۇرسىتىگە سازاۋەر بولدۇم.
تونۇشتۇرۇش جەريانىدا مەن شۇنى بىلىپ يەتتىمكى، ئازات بولغان 34 يىلدىن بۇيان،
شىنجاڭ داشۆ ھەر مىللەت پەرزەنتلىرىدىن دۆلەت ئۈچۈن 14 مىڭدىن ئارتۇق مەخسۇس
خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە 60% تىن كۆپرەكى ئاز سانلىق مىللەت
پەرزەنتلىرى ئىكەن. ئۇلار ھازىر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدىكى تايانچ
كۈچلەردىن بولۇپ قاپتۇ. شىنجاڭ داشۆنىڭ مۇنچە كۆپ زىيالىلارنى يېتىشتۈرگەنلىكى مېنى
بەكمۇ خۇرسەن قىلدى. مېنى تېخىمۇ خۇشال قىلغىنى شۇ بولدىكى، پارتىيە 11 - قۇرۇل-
تىيى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىكى مەدىنى مائارىپ ئىشلىرىنى را-
ۋاجلاندۇرۇشقا تېخىمۇ ئېتىۋار بەرگەن. بۇ ياخشى ۋەزىيەتنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا، بۈگۈنكى
شىنجاڭ داشۆدە ئون نەچچە مىللەتتىن تەركىپ تاپقان 4 مىڭ 500 دىن ئارتۇق ئوقۇت-
قۇچى - ئوقۇغۇچى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭنىڭ مىللى ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك
ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ھەر خىل كەسپى خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلگەن.
مەن شىنجاڭ داشۆگە كىرىپ كەلگىنىمدە، ھەممە يەردە جۇش ئۇرۇپ تۇرغان يېڭى
كەيپىيات، يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان ئوقۇتۇش بىنالىرى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق
بىنالىرى كۆزۈمگە چېلىقتى. بۇنىڭدىن باشقا، مەكتەپنىڭ ئىچىنى قاپلاپ كەتكەن دەل-
دەرەخلەر كىشىنىڭ ھەۋىسىنى تېخىمۇ قوزغايدىكەن. بۇ يەردىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى
كۆرگىنىمدە، ئىپادىلەش قىيىن بولغان خۇشاللىق ئىچىگە چۆمدۈم. شىنجاڭ داشۆنىڭ يېرىم
ئەسىردىن بۇيان بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، شىنجاڭ داشۆنىڭ
بۈگۈنكى قىياپىتى ھەقىقەتەن ئاسان قولغا كەلگەن ئەمەس دەپ ئېيتالايمەن. شۇڭا، مەن
ساۋاقداشلاردىن ياخشى پەيتنى غەنىمەت بىلىپ، قىتىقىنىپ ئوگىنىپ، ئۈزلۈكسىز ئالغا
بېسىپ، يېپ - يېڭى بىر ئەۋلات زىيالىلاردىن بولۇپ چىقىشنى، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش
ئۈچۈن، ۋەتىنىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىلىم ۋە
كۈچلىرىنى تەقدىم ئېتىشنى ئۈمىت قىلىمەن.

# شىنجاڭ داشۆنى ياخشى باشقۇرۇپ، ھەر مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆپ ۋە تېز يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشايلى

(مەكتىۋىمىز شىنجاڭ داشۆ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى
خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن)

**ھاكىم جاپپار**

شىنجاڭ داشۆ - شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆپ مىللەتلىك ئۇنىۋېرسال ئالى مەكتەپ. شۇنداقلا مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق ئالى مەكتەپلەرنىڭ بىرى.

بۇ يىل شىنجاڭ داشۆ قۇرۇلغانلىقىغا 50 يىل توشتى. بۇ 50 يىل شىنجاڭنىڭ مائارىپ تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە. شىنجاڭ داشۆ يېرىم ئەسىردىن بېرى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئاقارتىشى ۋە ئىلىم-پەن قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، رايونىمىزنىڭ پەن-مائارىپ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. پەقەت ئازاتلىقتىن بۇيانقى 35 يىل جەريانىدا شىنجاڭنىڭ ھەر ساھەدىكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن 14 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ بەردى. ئۇلار ھازىر سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئۆزلىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

بىز شىنجاڭ داشۆ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلىگىنىمىزدە، ئۇنىڭ بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي مۇساپىسىنى ئەسلەپ، نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز، ئوقۇتۇش، پەن-تەتقىقات ۋە باشقا جەھەتلەردىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ ئۆتىشىمىز زۆرۈر. بۇ، بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ داشۆنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇپ، زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك

---

بۈگۈنكى دۇنيادا پەن-تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئۆزگىرىش دەۋرىدە تارىخىي تەرەققىياتنىڭ قەدەملىرىگە يېتىشىپ مېڭىشىمىز كېرەك. مەن شىنجاڭ داشۆنىڭ ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىنى، تالانت ئىگىلىرى تۈركۈم-تۈركۈملەپ يېتىشىۋاتقان بۇ يېڭى دەۋردە ۋەتەن ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ يارامىلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشىنى، ۋەتىنىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

www.uyghurkitap.com

يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك ۋە ئىنتىزاملىق ھەر مىللەت ئىقتىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىق.

شىنجاڭ داشۆنىڭ ھۇلى بولغان سابىق شىنجاڭ شۆيۈەن 1935-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، شۆيۈەن قۇرۇلغان ۋاقىتتا ئۇنىڭدا قانۇن، سىياسىيدىن ئىبارەت ئىككى فاكۇلتېت ۋە بىر مەخسۇس بۆلۈم بار ئىدى. 36-38-يىللىرى ئۇنىڭدا يەنە مائارىپ، تىل قاتارلىق فاكۇلتېتلار قۇرۇلدى. 1941-يىلى يېزا-ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق كەسىپلىرى تەسىس قىلىندى. شىنجاڭ شۆيۈەن قۇرۇلۇپ 1942-يىلغىچە يەنى شۇ چاغدىكى شىنجاڭ خاقانى جاللات شىڭشىسەي نىقاۋىنى يىرتىپ تاشلاپ، كوممۇنىزىمغا، كومپارتىيىگە ئاشكارا قارشى تۇرغان مەزگىلگىچە بۇ مەكتەپ شىنجاڭ تارىخىدا ناھايىتى زور ئىنقىلاۋىي رول ئوينىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ماركسىزىم-لېنىنىزىمنى تارقىتىش، ئىنقىلاۋىي ھەقىقەتنى تەشۋىق قىلىش، شىنجاڭ خەلقىنى، بولۇپمۇ شىنجاڭ ياشلىرىنى ئويغىتىش ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتا مۇھىم ئىدىيىۋى بازا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش كۈرىشىدە ئىنقىلاپ نۇرىنى چاچقۇچى تەشۋىقات جىندىسى بولۇپ كەلدى.

شىنجاڭ شۆيۈەن قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1938-يىلدىن 1942-يىللارغىچە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى، شۇ ۋاقىتلاردا شىنجاڭغا خىزمەتكە كەلگەن دىڭخۇا، چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن قاتارلىق مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شۇ چاغدا شىنجاڭ شۆيۈەندە مۇھىم خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن دۇجۇڭيۈەن (1939-يىلى شىنجاڭ شۆيۈەنگە مۇدىر بولغان)، لىن جىلۇ (1938-يىلى شىنجاڭ شۆيۈەننىڭ ئىلمىي مۇدىرى بولغان) ۋە شىنجاڭ شۆيۈەندە ئوقۇتقۇچى بولغان ماۋدۇن، جاڭجۇڭشى، جاۋدەن، ساكۇڭلياۋ قاتارلىق كوممۇنىستلار ۋە ئىلغار ئىدىيىلىك زاتلارنىڭ بىۋاستە تەلىم-تەربىيىسىدە شىنجاڭ شۆيۈەندە ماركسىزىم-لېنىنىزىمنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش كەڭ قانات يايغان. شىنجاڭ شۆيۈەن قاينام-تاشقىن ئىنقىلاۋى تەربىيە مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. مۇشۇنداق ئىلغار تەلىم-تەربىيىنىڭ تەسىرىدە ماركسىزىم ئىدىيىسىدىكى نۇرغۇنلىغان ھەر مىللەت ياشلىرى تېز باش كۆتىرىپ چىقىپ، كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇردى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدا كۆتىرىلگەن 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بولغان ئىنقىلاۋىي قۇربان ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، لوزى قاتارلىق يولداشلار شۇ چاغدىكى شىنجاڭ شۆيۈەننىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، ئۆز ھاياتىنى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن بېغىشلىدى. ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلاۋىي قۇربان، شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپمۇ مانا شۇ مەزگىلدە ماركسىزىم-لېنىنىزىم ئىدىيىسىدىكى ئىلغار ياشلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ كۈرەشكە ئاتلانغانلاردىن ئىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئاپتونوم رايونىمىزدا بەزى مۇھىم خىزمەتلەرنى ئۆتەۋاتقان ساۋدانوۋ زاھىر (ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى)، يوجەنلىڭ (ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى) قاتارلىقلارمۇ شۇ مەزگىلدىكى ئىنقىلاۋىي تەربىيە ئالغانلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ ھېساپ-

لىنىدۇ. شۇ مەزگىلدە شىنجاڭ شۆيۈەندە تەربىيىلەنگەن نۇرغۇنلىغان ئىنقىلاۋىي ئىدىيىدىكى ياشلار كېيىنكى كۈنلەردە ھەر خىل نامدىكى يەر ئاستى تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، جاللات شىڭشىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆرەشكە ئاكتىپ قاتناشتى. بۇ يولداشلاردىن خېلى بىر قىسمى سىياسى كۆرەش مەيدانىدا دۈشمەن بىلەن تىغمۇ-تىغ ئېلىشىپ، ئىنقىلاپ يولىدا مەردانىلەرچە قۇربان بولدى. مانا بۇ شىنجاڭ داشۆنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى مەڭگۈ ئۆچمەس بىر ئىنقىلاۋىي سەھىپە! شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىمۇ پەخىرلىك ئورۇن ئالغان ئۇنتۇلماس شانلىق تارىخ! بىز مەكتىۋىمىز قۇرۇلغانلىغىنىڭ 50 يىللىغىنى خاتىرىلىگىنىمىزدە، ئەركىنلىك ۋە ئازاتلىق ئۈچۈن كۆرەش قىلغان ئەشۇ مەكتەپداشلىرىمىز بىلەن پەخىرلىنىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىمىز.

باندىت شىڭشىسەي كومپارتىيىگە، كوممۇنىزىمغا قارشى تۇرغان ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئىچى-سىرتىنى سۈرلۈك قارا بۇلۇت قاپلاپ كەتتى. زاۋاللىققا يۈز تۇتقان بۇ ئەكسىيەتچىلەر شىنجاڭ شۆيۈەندىن ئىبارەت بۇ مەرىپەت ئوچىغىدىن ئۆلگۈچە قورقۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ تاشلىدى. شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بولغان لىن جىلۇ، دۇجۇڭيۈەننى ۋە شىنجاڭ شۆيۈەندىكى كوممۇنىستلارنى، ئىلغار پىكىرلىك زاتلارنى بىر-بىرلەپ تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلىدى ۋە ھاياتىغا زىيانكەشلىك قىلدى. ھەتتا شىنجاڭ شۆيۈەن ئوقۇغۇچىلىرىنى سىنىپلار بويىچە يىغىپ چاقىرىش نامى بىلەن يىغىپ قولغا ئالدى. باندىت شىڭشىسەينىڭ ۋە گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونلىرى شىنجاڭ شۆيۈەننى ئايلىنىپ يۈرىدىغان بولدى. ھەتتا نەزەربەنت ئاستىغا ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار سانى ئازىيىپ كەتتى. ئوقۇتۇش سۈپىتىمۇ تۆۋەنلەشكە باشلىدى. ئىلغار دەرسلىك قوراللىرى ۋە ئىنقىلاپ دەستۇرلىرى يىغىۋېلىنىپ، كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ شۆيۈەن ئىسمى بار جىسمى يوق ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئازاتلىق ھارپىسىدا يەنى 1949-يىل 9-ئاينىڭ 25-كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولغان مەزگىلدە شىنجاڭ شۆيۈەندە پەقەت 36 نەپەر ئوقۇتقۇچى، 379 ئوقۇغۇچىلا قالدى.

ئازاتلىقتىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە پارتىيە مىللى سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا پۈتۈن شىنجاڭ بەخت نۇرىغا چۆمۈلدى. جۈملىدىن شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ تارىخىدىمۇ شانلىق يېڭى سەھىپە ئېچىلدى. ئازاتلىقتىن كېيىن شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەن قەدىرلىك رەھبەرلىرىمىزدىن جۇئېنلەي زۇڭلى جۇدې ۋىيىۋەنجاڭ، دۇڭبىۋۇ فۇجۇشىلار شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى. يولداش ۋاڭجېن ئازاتلىقنىڭ دەسلىۋىدىلا شىنجاڭ شۆيۈەننى قۇرۇش ۋە ئۇنى شىنجاڭنىڭ ئىلىم-پەن مەركىزىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1955-يىلى سابىق شىنجاڭ شۆيۈەن ئاساسىدا شىنجاڭ داشۆگە تەييارلىق كۆرۈش باشلىنىپ، 1960-يىل 10-ئاينىڭ 1-كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن رەسمى شىنجاڭ داشۆ قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. كەسىپلەر تەڭشىلىپ تەبىئىي پەن، ئىجتىمائى

پەن ۋە سانائەت پەنلىرى كەسپلىرى تەسىس قىلىندى. شىنجاڭ داشۆنىڭ ئوقۇتۇش ئىش-
لىرى سان ۋە سۈپەت جەھەتتىنمۇ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1966 - يىلىغا كەلگەندە
ئوقۇغۇچىلار سانى كۆپىيىپ 2226 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى، خىزمەتچىلەر سانى بول-
سا مىڭغا يەتتى. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئوقۇتىلىق ئالىي مەكتەپلەرگە ھەمدە چەت مەملىكەت-
لەرگە بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلارنى ئېۋەتىپ ئوقۇتىلىق تەربىيىلەندى. بۇ ئارقىلىق ئوقۇتقۇچى-
لار قوشۇنى، بولۇپمۇ مىللىي تايانچ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى يېتىشتىپ، رەسمىي ئالىي مەكتەپ-
لەرنىڭ بىر تولۇق پروگراممىسى بويىچە دەرس ئۆتۈش يولغا قويۇلدى. ئوقۇتۇش سۈپە-
تىمۇ كۆرۈنەرلىك يۇقۇرى كۆتىرىلىشكە باشلىدى. ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»
دەپ ئاتالغان مەدەنىيەتنى ۋەيران قىلىش ھەركىتى پۈتكۈل ساھەلەرگە ئوخشاش جۇش
ئۇرۇپ گۈللىنىۋاتقان شىنجاڭ داشۆگىمۇ ئېغىر بالايى ئاپەتلەرنى كەلتۈردى. لىن بياۋ ۋە
«4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ چېكىدىن ئاشقان «سول» چىل ئۇشمىيەنىڭ كاساپىتىدىن
شىنجاڭ داشۆدىكى ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى قاتتىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ئوقۇش-
ئوقۇتۇش ئىشلىرىمۇ ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، مەكتەپ قورۇلۇشى، ئوقۇتۇش قوراللىرى
ۋە تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلار ئۇرۇپ چېقىلدى ۋە بۇزۇۋېتىلدى. 11 - نۆۋەتلىك
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى
قالايمىقانچىلىقلارنى تۈزىتىش ئارقىلىق پارتىيە مەركىزىي كومىتېت مائارىپ خىزمىتى توغرى-
سىدا بىر قاتار يېڭى سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن مائارىپ
ئىشلىرى، جۈملىدىن شىنجاڭ داشۆمۇ نەسلىگە كېلىپ، توغرا ئىزغا چۈشۈپ، قايتىدىن جۇش
ئۇرۇپ گۈللىنىش يولىغا قەدەم قويدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومى-
تېت ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە غەمخورلۇقى، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى، ئىشچى،
خىزمەتچىلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرى
يۇقۇرى كۆتىرىلىشكە باشلىدى. پەن تەتقىقات خىزمىتىمۇ قولغا ئېلىندى. پارتىيىمىزنىڭ
كادىرلار سىياسىتى ۋە مىللىي سىياسىتى، بولۇپمۇ زىيالىيلار سىياسىتى ئەمەلىلەشتۈرۈلدى.
50 - يىللارنىڭ كېيىنكى يىللىرىدىن باشلاپ تاكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» جەريانىدا
يۈرگۈزۈلگەن «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش» دېيىلگەن «سول» چىل سىياسىي ھەركەت-
لەردە ناھەق زەربىگە ئۇچرىغان 300 دىن ئارتۇق زىيالىينىڭ خاتا ۋە يالغان ئەنزىلىرى
بىر تەرەپ قىلىنىپ، كەڭ زىيالىيلارنىڭ ئاكتىپلىقى يۇقۇرى كۆتۈرۈلدى. مەكتەپنىڭ بىر يۈ-
رۈش تۈزۈم - نىزاملىرى بارلىققا كېلىپ، ئوقۇتۇش رەتكە سېلىندى ۋە ياخشىلاندى. بۇ-
رۇنقى بار كەسپلەرنى تەكشۈرۈش ۋە مۇستەھكەملەش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ
سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىقتىسات باشقۇرۇش، ئاخبارات،
ئىنگلىز تىلى، ياپون تىلى، قانۇن، ھېساپلاش ماتېماتىكىسى، سىمسىز تېلېگراف، ئورۇقلۇق
گىدرولوگىيىسى، ئانالىز خىمىيە قاتارلىق كەسپلەر يېڭىدىن تەسىس قىلىندى. ھازىر مەكتە-
ۋىمىز 12 فاكۇلتېت (بىرسى تەييارلىق بۆلۈم) 23 كەسپ بار ئۇنىۋېرسال داشۆ بولۇپ

قالدى. ھازىر مەكتىۋىمىزدىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر 2187 نەپەر بولۇپ، مىللىي ئوقۇتقۇچى ئىشچى-خىزمەتچىلەر 43% نى ئىگەللەيدۇ. پروفېسسور 7 نەپەر، دوتسېنت 64 (مىللىي 20) نەپەر، لېكتور 447 نەپەر، ئوقۇتقۇچى ئاسسىستېنتلار 665 نەپەر. ھازىر مەكتىۋىمىزدە ئومۇم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ 44.7% نى مىللىي ئوقۇتقۇچىلار تەشكىل قىلىدۇ. مەمنۇنىيەت بىلەن ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھازىر شىنجاڭ داشۆدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالىي مائارىپ تارىخىدا سان ۋە سۈپەت تەرەپتىن يېتىشكەن مىللىي ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى دەسلەپكى قەدەمدە بارلىققا كەلدى. ھازىر مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 5512 نەپەر بولۇپ، ئاساسىي بۆلۈم ئوقۇغۇچىلىرى 3884 نەپەر، ئاسپىرانتلار 32 نەپەر، ئىشتىن سىرتقى داشۆ ئوقۇغۇچىلىرى 826 نەپەر، بىلىم ئاشۇرۇش ۋە ۋاكالىتەن تەربىيەلەپ بېرىش سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار 742 نەپەر. مەكتەپتىكى ئاساسىي بۆلۈم ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچىلار 61.5% نى ئىگەللەيدۇ. 1982-يىلىدىن باشلاپ ئاسپىرانت ۋە ئاساسىي بۆلۈم ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەندە ئۇلارغا ماگىستىرلىق ۋە باكلاۋۇرلىق ئىلمىي ئۇنۋانى بېرىش يولغا قويۇلدى.

ھازىر شىنجاڭ داشۆدە ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ زامانىۋى پەننى بىلىملەر بىلەن قوراللىنىپ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن بىر قەدەر قولايلىق بولغان بەزى شەرتلەرمۇ ھازىرلاندى. مەكتەپتە تولۇق بولمىسىمۇ ھەر خىل پەنلەرنىڭ، ئاساسەن تەبىئىي پەنلەرنىڭ توققۇز مىليون يۈەن قىممىتىدىكى ئوقۇتۇش ۋە پەن-تەتقىقات ئۈسكۈنىلىرى بار. چوڭ-چوڭ تىپتىكى نازۇك تەجرىبە سايمان ئۈسكۈنىلىرىدىن 50 نەچچىسى بار بولۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە بولسىمۇ ئوقۇتۇش، پەن-تەتقىقات ئېھتىياجىنى قاندۇرماقتا. مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان ھەر خىل تىل-يېزىقتىكى كىتابلار تۈرى 900 مىڭغا يېتىدۇ. ھەر يىلى مۇشتەرى بولىدىغان دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى گېزىت-ژۇرناللار 730 خىلدىن ئاشىدۇ. كۇتۇپخانىدا 820 ئورۇنلۇق (كىشىلىك) مەخسۇس ئوقۇش زالى (قىرائەتخانا) دىن باشقا چەتئەل كىتابلىرى ۋە گېزىت-ژۇرناللىرىنى كۆرىدىغان بىر نەچچە مەخسۇسلاشقان بۆلۈملەر بار. مەكتەپتە ھازىر ئۆتىلىۋاتقان 23 خىل كەسىپنىڭ 421 خىل (ئوقۇتۇش شەرت قىلىنغان 237 خىل، تاللاپ ئوقۇيدىغان 180 خىل، ئۇزاق ئۆتىلىدىغان 4 خىل) دەرسىنىڭ ئوقۇتۇش ماتېرىيالى ئاساسىي جەھەتتىن قامدىلىپ، نورمال دەرس ئۆتۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىنماقتا. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر تىلىدا تۈزۈلگەن ۋە تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان دەرسلىكلەردىن مىق مەتبەدە بېسىلغانلىرى 68 خىلغا، ماي باسمىدا بېسىلغانلىرى 254 خىلغا يەتتى. مەكتەپ رەھبەرلىكى مىللىي تىلدىكى دەرسلىكلەر مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلمەكتە. ھازىر شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلىۋاتىدۇ. 1979-يىلىدىن باشلاپ پەن-تەتقىقات باشقارمىسى، ھەر قايسى فاكۇلتېتلاردا 28 تەتقىقات ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، پەن-تەتقىقات خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. مەكتەپتە تەتقىقات نىشانى 30 نەچچىگە يەتتى. مەخسۇس ئەسەر ۋە تەرجىمە ئەسەرلەردىن

www.uyghurkitap.com

143 ى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى 28 نەشرىيات ئورۇنلىرىدا نەشر قىلىندى. 700 دىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تۈرلۈك گېزىت ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. 53 خىل پەن-تەتقىقات تۈرى ئايرىم ھالدا مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قەدىمقى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى (مىڭ ئۆيلەرنى) سىن ئالغۇ لېنتىغا ئېلىش نەتىجىلىك ئورۇنلىنىپ، مەملىكەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار يىغىنىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. خەنزۇچە 24 تارىخنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئائىت قىسمىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىدە دەسلەپكى «تارىخىي خاتىرىلەر» قىسمى نەشرىيات ئورۇنلىرىغا بېرىلدى. قالغان قىسىملىرى جىددىي تەرجىمە قىلىنماقتا. «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى» نى تۈزۈش خىزمىتىمۇ جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا. ھازىر مەكتەپتە ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئىنستىتۇتى قۇرۇش تەييارلىقى ئىشلىنىۋاتىدۇ.

مەكتەپنىڭ ئارقا سەپ، مۇلازىمەتچىلىك خىزمەتلىرىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. مەكتەپنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى 69 مىڭ كۋادرات مېتىردىن كۆپىيىپ 140 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى 5 قەۋەتلىك 4 كورپۇس ئوقۇغۇچىلار ياتىقى، 17 كورپۇس ئوقۇتقۇچى، ئىشچى، خىزمەتچى ئائىلىلىكلەر بىناسى سېلىندى. مەكتەپنىڭ رەتلەش كۆكەرتىش خىزمەتلىرىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدە شىنجاڭ داشۆنىڭ تەرەققىياتى بىر مەھەل چېكىنىش، توختاپ قېلىشتەك ئەگرى-توقايلىقلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، 30 نەچچە يىلدىن بېرى كەڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى، خىزمەتچىلەرنىڭ جاپالىق تىرىشىشى، ئەجىر سىڭدۈرۈشى بىلەن ئوقۇتۇش ئىشلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆرلەش ھالىتىدە بولۇپ كەلدى. ھازىر 30 نەچچە يىلدىن بۇيان شىنجاڭ داشۆدە ئوقۇپ تەربىيىلىنىپ چىققان مەكتەپداشلار ھەر قايسى سەپلەردە تايانچ كۈچلەردىن بولۇپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ۋە تۈرلۈك كەسپىي ئورۇنلاردا مۇھىم رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتەۋاتىدۇ. مىڭلىغان مەكتەپداشلار مائارىپ، پەن-تەتقىقات، مەدەنىيەت ۋە باشقا تۈرلۈك ساھەلەردە كۆزگە كۆرۈنگەن، پىشىپ يېتىلگەن كەسپىي كادىر، ئىلمىي خادىم، ئوقۇتقۇچى، ئىنژېنېر، دوختۇر، يازغۇچى، شائىر ۋە ئالىملاردىن بولۇپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلماقتا. ھەتتا بىر قىسىم مەكتەپداشلار چەتئەللەردە كۆرۈنەرلىك ئالىملاردىن بولۇپ قالغان. مانا بۇ شىنجاڭ داشۆنىڭ شان-شەرىپى ۋە پەخرى.

ھازىر شىنجاڭ داشۆ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە. مەكتەپىمىز ئىلمىي پەن ئالماشتۇرۇش، ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش ئۈچۈن شاڭخەي ناتناش داشۆسى، نەنجىڭ داشۆسى قاتارلىق قېرىنداش مەكتەپلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىپلا قالماستىن بەلكى ئامېرىكا، ياپونىيە، تۈركىيە قاتارلىق ئەللەردىكى بىر قىسىم داشۆلەر بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتتى ۋە ئورنىتىۋاتىدۇ. مەكتىۋىمىزنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى مەملىكەت

ئۆچىدىلا ئەمەس، بەلكى باشقا دۆلەتلەردىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ ئۇلارنىڭ مۇشتەرى بولۇشىغا ئېرىشىۋاتىدۇ.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ماتارىپ تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، مەكتىۋىمىزدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى خىزمەتچىلەر ئۇنى قىزغىن ئۆگىنىپ شىنجاڭ داشۆنى ئىسمى جىسمىغا لايىق زامانىۋىلاشقان مەرىپەت ئوچىقى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كورەش قىلماقتا. لېكىن شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، مەكتىۋىمىز شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يارامـلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى تېز ۋە كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ بېرىش ئېھتىياجىدىن، ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان دەۋر تەلىۋىگە ماسلىشىشتىن خېلىلا يىراق. بولۇپمۇ سىرتقا قارىتا ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىك جانلاندۇرۇلۇۋاتقان، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كەڭ قانات يېيىۋاتقان، دۇنيا مىقياسىدا يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋى كۆتۈرىلىۋاتقان پەيتتە ئوقۇتۇش ئىشلىرىمىزدىكى نۇقسانلار، ئاجىزلىقلار ئاز ئەمەس. نۆۋەتتە يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋى مۇسابىقىسى بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى، ئىرسىيەت قۇرۇلۇشى، لازېر نۇرى، مىكرو ئېلېكترون تېخنىكىسى ئەقىل بولىغىنى ئېچىش قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇڭا بىز مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ماتارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارىدا كۆرسىتىلگەندەك زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياغا ۋە كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، سوتسىيالىزىم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرالايدىغان ھەر دەرىجىلىك لاياقەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشىمىز لازىم. شىنجاڭ داشۆنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسى «3 كە يۈزلەنگەن»، «دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭالايدىغان» زور بىر تۈركۈم ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم. بۇ كىشىلەر ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنى، باشقۇرۇش بىلىملىرىنى ئىگەللىگەن، زامانىۋى پەن-مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ۋە يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋىنىڭ تەلىۋىگە جاۋاپ بېرەلەيدىغان بولۇشى؛ دۇنيادىكى ئۆتكۈر پەنلەر بويىچە ئاساسى ياخشى قۇرۇلغان، چەتئەل تىل سەۋىيىسى ياخشى بولغان، ئىجاتچانلىقى يېتىلدۈرۈلگەن، دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان قۇرۇلۇشىدا دۇچ كەلگەن جىددى ئېھتىياجلىق مەسىلىلەرنى بۆسۈپ ئۆتەلەيدىغان بولۇشى لازىم؛ بىز تەربىيىلىگەن بۇ ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان بولۇشى، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان، ئىختىرا قىلالايدىغان كەشپىياتچىلاردىن بولۇشى لازىم.

شىنجاڭ داشۆنى مۇشۇنداق نىشان، تەلەپ ۋە ئېھتىياجغا لايىق داشۆ قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ماتارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك. قارارىدا كۆرسىتىلگەن ۋەزىپىلەرنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋە مەكتىۋىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈشىمىز، ئوقۇتۇش، پەن-تەتقىقات، ئارقا سەپ تەمىنات خىزمەتلىرىدىكى ئىسلاھاتتا ھەم قەتئىي، ھەم ئېھتىياتچان بولۇپ، سىناق ئۆتكۈزۈشكە ئەھمىيەت

www.uyghurkitap.com

بېرىش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. مۇھىمراق ئىسلاھاتلارنى كەڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك. ئىسلاھاتتا ئوقۇتۇشقا، بىلىمگە ۋە ئىقتىساسلىق كىشىلەرگە سەل قارايدىغان خاتا «سول» چىل ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرلىرىنى تازىلاپ ئىدىيىنى ئازات قىلىشىمىز لازىم. ھازىر يۈرگۈزۈلىۋاتقان ئوقۇتۇش ئۇسۇلىمىزدا ئۆتكەندە ئەنئەنە بولۇپ قالغان بەزى ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى بۆسۈپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. نەزەرىيىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىيەتكە سەل قاراش، دەرسخانىدىكى ئوقۇتۇشنىلا تۇتۇپ ئەمەلىي تەتقىقات، ئىلمىي تەجرىبىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك، دەرستىن سىرتقى بىلىملەرگە سەل قاراش، دەرسلىك كىتابتىن چىقىپ كېتەلمەسلىك، ئوقۇغۇچىلارنى يېڭى بىلىم-تېخنىكىلار بىلەن تونۇشتۇرۇپ كېتەلمەسلىكتەك نۇقسانلار ھېلىمۇ مەۋجۇت. شۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتى جەھەتتە، ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى ئىخچاملاش ۋە يېڭىلاش، دەرسلەرنى ھەم ئازايتىش ھەم قوشۇش، ئەمەلىيەت ھالقىسىنى كۆپەيتىش، ئۆگىنىش شەرت قىلىنغان دەرسلەرنى ئازايتىپ، تاللاپ ئوقۇلىدىغان دەرسلەرنى كۆپەيتىش، پەيدىن-پەي نومۇر تۈزۈمى، ئوقۇش ئىلمىي ئۇنۋان تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش ۋاقتىنى ۋە دەرستىن سىرتقى ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىنى كۆپەيتىش. قىسقىسى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل ئۆگىنىشى ۋە ئىجادكارلىقى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت-شارائىتلارنى ئىمكان قەدەر ھازىرلاپ بېرىشىمىز لازىم.

ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىدىكى مەركىزىي ھالقا. بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىلارغا تايىنىپ، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى ھۆرمەتلىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ بەزى ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشىمىز؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشىمىز، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئاساسىي پەنلەرنى ئۆگىنىشىنى، چەتئەل تىل ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. ئوقۇتۇش ۋە پەن-تەتقىقات باشلامچىلىرىنى ياخشى تاللاپ، پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى، پروفېسسورلارنىڭ ئەمەلىي رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ خىل شەكىل، كۆپ خىل ئۇسۇل ۋە تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەر بىلەن ياش ئوقۇتقۇچىلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشىمىز لازىم. بولۇپمۇ مىللىي ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەخلاقى ياخشى، كەسپتە لاياقەتلىك بولغان بىر تۈركۈم مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنى تېزدىن يېتىشتۈرۈشىمىز لازىم. مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپلا قالماستىن، يەنە تىل ئۆگىنىشىنى، بولۇپمۇ چەتئەل تىل ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىشىمىز زۆرۈر. بىز مىللىي ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدىكى خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى ئاجىزراقلارغا (بۇلار ئاز ساندا) 1 - 2 يىلغىچە خەنزۇ تىلى سەۋىيە ئۆتكۈلىدىن ئۆتۈش، ئۆز تىلىنى پىششىق بىلمەيدىغان ياش مىللىي ئوقۇتقۇچىلارغىمۇ 1 - 2 يىلغىچە ئۆز تىلىنى پىششىق ئۆگىنىۋېلىش، مۇشۇ ئاساستا 3 يىلدىن 5 يىلغىچە مەلۇم بىر چەتئەل تىلىنى ئىگىللىۋېلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. چەتئەل تىلىنى ئۆگىنىشتە ياش مىللىي ئوقۇتقۇچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ يەنىمۇ زور. بىز تۈرلۈك ئىدىيىۋى توسالغۇلارنى يېڭىپ، پىلانلىق، تەدبىرلىك ھالدا ئەمەلىي تۇتۇش قىلىدىغانلا بولساق، بۇ

تەلەپنى چوقۇم ئورۇنداپ كېتەلەيمىز. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىدا، مەكتەپكە كۆپرەك ئاسپىرانتلارنى ئېلىپ قېلىشنى ئاساس قىلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى قېرىنداش ئالىي مەكتەپلەر ۋە چەتئەللەردىكى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ئوقۇغۇچى، ئاسپىرانت ۋە پەن تەتقىقات تايانچلىرىنى چىقىرىشىمىز، ئوقۇتۇش ۋە پەن تەتقىقات ساھەسىدىكى ئاقپارات ئالماشتۇرۇش، ئۆگىنىش ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويۇشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، پەن-تەتقىقات بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىدىغان، ھەم پەن-تەتقىقاتنى ئوقۇتۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بارىدىغان قوشۇمچە پەن-تەتقىقات قوشۇنىنى تەدرىجى يېتىلدۈرۈشىمىز، ئەستايىدىللىق بىلەن پەن-تەتقىقات پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، پەن-تەتقىقات تېمىلىرىنى تاللىشىمىز لازىم. پەن-تەتقىقات تۈرلىرى ۋە تېمىلىرىنى تاللاشتا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياج-تەلىۋىنى ئاساس قىلىپ، ھەم يەرلىك ئالاھىدىلىككە، ھەم مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە پەن-تەتقىقات تېمىلىرىنى نۇقتا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇشۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. مەكتىۋىمىزنىڭ لاباراتورىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاپ، زامانىۋى ۋە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان تەجرىبە سايمانلىرىنى تولۇقلاپ، ئۇنى ھەقىقىي ھالدا ئوقۇتۇش ۋە پەن-تەتقىقات ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم. مەكتەپ كۇتۇپخانىسىنىڭ ئىسلاھات خىزمىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، كەڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئاسپىرانتلارنىڭ ئۆزلىگىدىن ئۆگىنىپ بىلىم تولۇقلاش، دىسسېرتاتسىيە ياقلاش ئىشلىرى ئۈچۈن ئوبدان شارائىت يارىتىپ بېرىشىمىز، كۇتۇپخانىنى كېڭەيتىپ تۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنى ئوقۇتۇش ھەمدە پەن-تەتقىقات ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىدىغان قىلىشىمىز لازىم. دەرسلىكلەرنى، بولۇپمۇ مىللىي تىلدىكى دەرسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى چىڭ تۇتۇشىمىز، مەكتەپ نەشرىيات ئورگىنىنىڭ ئاپپاراتىنى تولۇقلاپ دەرسلىك تۈزۈش ھەم تەرجىمە قىلىشنىڭ سۈرئەت ھەم سۈپىتىنى ياخشىلىشىمىز، باسما زاۋۇدىنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

مەكتىۋىمىزنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمىنى ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، بۇ جەھەتتە «چوڭ قازان» نىڭ تامىقىنى تەڭ يېيىشتەك كونا ئادەتلەرنى ئۈزۈل-كېسىل بۇزۇپ تاشلىشىمىز لازىم.

مەكتەپ ئارقا سەپ مۇلازىمەتچىلىك خىزمىتىنى ياخشىلاپ، خەلق ئوقۇش ياردەم پۇلىنى تارقىتىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشىمىز، ئارقا سەپ ئىسلاھاتىدىكى نىشاننى پەيدىنپەي ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشقا قارىتىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن تىرىشچانلىق، ئىقتىساتچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇپ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى تىرىشىپ ياخشىلىشىمىز كېرەك.

شىنجاڭ داشۆ چېگرا رايوندىكى كۆپ مىللەتلىك ئالىي مەكتەپ. بىز ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشىمىز، بولۇپمۇ ئىنقىلاۋى غايە تەربىيىسىنى، كوممۇنىستىك

ئەخلاق تەربىيىسىنى ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىشىمىز، مەكتىۋىمىزنى ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئىتتىپاقلاشقان، ئۆز-ئارا ئۆگىنىدىغان چوڭ ئائىلىسى قىلىشىمىز لازىم.

مەكتەپ ئىچىدىكى ئىسلاھات مەسىلىسى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ئۇ ناھايىتى جىددىي ۋە جاپالىق خىزمەتلەرنىڭ بىرى. شۇڭا تەۋرىنىپ يېتىشىمىز لازىمكى، ئىسلاھات جەريانىدا خاتالىق ئۆتكۈزۈشكە يول قويۇلىدۇكى، ئىسلاھات ئېلىپ بارماسلىققا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. ئايىسى ئورۇندا ئىسلاھات قەدىمى تېز ۋە پۇختا بولىدىكەن، شۇ ئورۇننىڭ ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇش خىزمەتلىرى جەزمەن نەتىجىلىك ۋە غەلىبىلىك بولىدۇ. ئالىي مائارىپنى «3 كە يۈزلەندۈرۈش» يۆنىلىشىمۇ ھەقىقى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىمىز بىر نىيەتكە كېلىپ، ئەقىل پاراستىمىزنى ئىشقا سېلىپ، مەكتىۋىمىزنىڭ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى ئالغا سۈرگۈچىلەردىن بولۇشىمىز لازىم. مەكتەپ باشقۇرۇشتا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن مەكتىۋىمىزدىكى بەزى كەسپلەرنى تەڭشەپ، يېقىندىن زۆرۈر بولغان بەزى كەسپلەرنى تەسىس قىلىشىمىز لازىم. ھازىرقى تەرەققىيات ۋە ئېھتىياجقا قاراپ، بىز يېقىندىن ئارخېئولوگىيە، كۇتۇپخانىشۇناسلىق، سانائەت خىمىيىسى، ئارخىپشۇناسلىق، ئىقتىسادىي جۇغراپىيە، گىدرو-گېئولوگىيە، تەدبىقى ماتېماتىكا قاتارلىق يېڭى كەسپلەرنى تەسىس قىلىشنى پىلانلىدۇق.

بىزنىڭ نىشانىمىز تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى دادىل ئېلىپ بېرىپ، «ئۈچكە يۈزلىنىش» نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئىككى ئالاھىدىلىك» (يەرلىك ئالاھىدىلىك، مىللىي ئالاھىدىلىك) نى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭ داشۆنى كۆپ پەنلىك، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ ئۆلچەملىك، ئىسمى جىسمىغا ماس بولغان نۇقتىلىق، ئۇنىۋېرسال ئالىي مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئوقۇتۇش ۋە پەن-تەتقىقاتنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن بىرلەشتۈرگەن كۆپ خىل شەكىللىك بىرلەشمە گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، يۇقىرى سەۋىيىلىك ئوقۇتۇش مەركىزى، پەن-تەتقىقات مەركىزى، ھەم سىگنال مەركىزى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت.

بىز پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، مەكتىۋىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ نەتىجىلىرىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى داۋاملىق ياخشى تەڭشەپ، مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى، مەكتىۋىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى قارشى ئالىمىز.

شىنجاڭ داشۆ شانلىق 50 يىلنى بېسىپ ئۆتتى. بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات ئىستىقبالى تېخىمۇ پارلاق، تېخىمۇ شانلىق. ئۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ تەرەققىياتى ئۈچۈن، بولۇپمۇ مىللىي مائارىپنىڭ جۇش ئۇرۇپ گۈللىنىشى ئۈچۈن چوقۇم يەنىمۇ زور خىزمەتلەر كۆرسىتىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلمىسى ۋە تۆتىنچى شەخسى ئۇدغۇرمىش ھەققىدە بەزى مۇلاھىزىلەر

ئابلىمىت روزى

«قۇتادغۇ بىلىك» 11 - ئەسىر ئىسلام شارائىتىدە قارا خانىلار جەمئىيىتى ۋە ئەلىگىنىڭ ئەڭ ئومۇمى ھادىسىلىرىنى ئۇقۇملار گۇرۇپپىسىغا مەركەزلەشتۈرۈپ ئىپادىلەپ بەرگەن بىر قىممەتلىك ئىلمىي ئەسەر. ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈپ غايە - ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئارزۇسى بولغان «بەخت - سائادەت» نىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ مەزمۇنى، خۇسۇسىيىتى، خاراكتېرى، مەۋجۇت بەخت - سائادەتنى قانداق قىلىپ ساقلاپ قىلىش، مۇقىملاشتۇرۇش ياكى غايىۋى بەخت - سائادەتنى قانداق ئېلىپ قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت مەسىلىنى (يۈسۈپ خاس ھاجىپ چۈشەنچىسىدە) ئۈچ ئاساسىي مۇقىم تۆۋرۈك ئۈستىگە ئورنۇتۇپ «قۇتادغۇ بىلىك» غايىسىدىكى ھەيۋەتلىك شەھەر قۇرۇلۇشىنى بىنا قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ چىرىكلىك ۋە زاۋاللىقنىڭ بىشارىتى مەلۇم بولۇشقا باشلىغان قارا خانىلار خاندانلىقى جەمئىيىتىنىڭ ئېھتىياجى ئىدى. ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مېھرىبان ئاتىسى، ئۇلۇغۋار تەببىي ھازىق① يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىپ بېرىلگەن كېسەلمەن كىشىنىڭ دەردىگە داۋا - رەنجىگە شىپا دورا قەغىزى بولۇپ شۇڭا ئۇ «قۇتادغۇ بىلىك» يەنى «بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم» دەپ مۇناسىپ نام ئالغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق تارىخى، پەلسەپىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە تەبىئەت كۆز قاراشلىرىنىڭ يەكۈنى بولغان ئىلمىي چۈشەنچە ۋە مەلۇم نەزەرىيە سىستېمىلىرىنى ئادەتتىكى ئەسەرلەردەك دەبدەبىلىك رىتورىك (نۇتقى) بايانلار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن بولماي، بەلكى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەتكە ئىگە ئەدەبىيات ۋاستىسى يەنى «مەنتىق دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن شېئىرى تىل»②. ئەقىل - ئىدراكتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بەدىئىي ھېسسىيات (لىرىكا) ۋە دراماتىك پېرسوناژلار مۇنازىرىسى ئۇسۇلىدا بايان قىلغان.

بەلگىلىك بىر دۇنيا قاراش. بىر قاتار پەلسەپىي تەپەككۇر ۋە سىياسىي چۈشەنچىلەرنى ئەدەبىياتنىڭ مۇنداق ئىخچام سىيۇژېت لىنىيىسى ۋە سىمۋوللۇق «مەنىۋى شەخس» لەر ئارقىلىق بايان قىلىش ئەشۇ كۈنگىچە دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا كەم كۆرۈلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھادىسە ئىدى. گەرچە قەدىمقى زامان مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي، پەلسەپىي كۆز قاراشلىرىنى سوئال - جاۋاب③ ياكى دىئالوگلار ۋاستىسى ئارقىلىق بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان④ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قوللانغان ئۇسۇللىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھەر بىر ئۇقۇملار گۇرۇپپىسى (كاتېگورىيە) ئۈچۈن بىر شەخسنىڭ نا- مىنى سىمۋول قىلىپ بەلگىلەش، ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدىكى ئىلمىي، مەنتىقىي باغلىنىشلارنى زىددىيەتلەر ئاساسىدا ھەل قىلىشتەك مۇنداق يۇقىرى سەۋىيىلىك بەدىئىي ماھارەت دە- رىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن ئىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تولىيازما نۇسخىسىغا ئۆز دەۋرىدىكى نامەلۇم ئاپتور تە- رىپىدىن يېزىلغان ئەسىرى مۇقەددىمىدە «...بۇغراخان ئېلىدا ھېچكىم بۇنىڭدىن ياخشى- راق كىتابنى ھەرگىز يازغىنى يوق. بۇ كىتاب قايسى پادىشالىق، قايسى ئىقلىمغا يەتسە، غايەت ئۆزلىكى ۋە پەۋقۇلئاددە گۈزەللىكىدىن، ئۇ ئەللەرنىڭ ھېكىملىرى بىلەن ئالىملىرى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەر بىرى بىر تۈرلۈك ئات ۋە لەقەب بەردى» دېسە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن يېزىلغان نەزمى (B) مۇقەددىمىسىدە:

24. مۇنىڭدەك كىتابنى كىم ئېيتقان ئەۋۋەل.
كېيىنمۇ كىم ئېيتار بۇنىڭدەكىنى دەل؟
25. كىم ئولسا مۇنىڭدەك يازارمۇ قېنى؟
يازۇچى بار ئېرسا، مەن ماختاي ئۇنى.

دېيدۇ. بۇ سۆزلەر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھېسسىياتقا بېرىلگەنلىكىدىن بولماي، بەلكى ئۆز دەۋرىدىكى خەلقارا جامائەت پىكرىنىڭ ئىنكاسىدۇر.

شۇڭا، بۇ ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى، سىياسىي - پەلسەپىي ئىلمىي كۆز قاراشلار- نى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ مەلۇم شەكىللىرى ئارقىلىق ئىستېتىكىلىق بايان قىلىشنىڭ يۈك- سەك نەمۇنىسى دېيىش مۇمكىن.

× × ×

ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ 13280 مىسرالىق شې- ئىرى تىل، ۋەقەلىكلەر سىزىقى بويىلاپ قاتناشقان پېرسوناژلار توققۇز كىشى. ئۇلار- دىن «كۈن تۇغدى ئېلىگ» (قانۇن - ئادالەتنىڭ سىمۋولى)، «ئايتولدى» (بەخت- سائادەت ياكى دۆلەت - ئىقبالنىڭ سىمۋولى...)، «ئۆگدۈلمىش» (بىلىم ۋە ئەقىلنىڭ سىمۋولى...)، «ئودغۇرمىش» (ئاقىۋەت ۋە قانائەتنىڭ سىمۋولى...) دىن ئىبارەت تۆت شەخس يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان ئىجتىمائىي كۆز قاراشلارنىڭ ئاساسى ئىگىسى. قالمىش بەش نەپىرى بولسا، ئىككىنچى دەرىجىلىك ياندىش كۆلەڭگە شەخسلەر بولۇپ، تۆت ئاساسىي ئۇقۇملار سىمۋوللىرىنىڭ ۋەكىلىنى تولۇقلىغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ

بىرىنچىسى، پايتەختتە مۇساپىر ئايتولدىنىڭ بىرىنچى بولۇپ تونۇشقان كىشىسى - ئاق نىيەتلىك كۆسەمىش بولۇپ، ئۇ، ئايتولدىنىڭ مەقسەتكە باي دانىشمەن كىشى ئىكەنلىكىنى ئۇردا ھاجىبىغا تونۇشتۇرغۇچى، ئىككىنچىسى بىلىملىك ئايتولدىنىڭ بۇ شەھەرگە كەلگەنلىكىنى كۈنتۇغدى ئېلىك خانغا تونۇشتۇرغۇچى ئىسمى ئېيتىلمىغان تۈز كۆڭۈل ئۇردا ھاجىبى. ئۈچىنچىسى، ئۇمارۇ ناملىق خىزمەتچى بوۋاي ئۇدغۇرمىشنىڭ مۇرىدى. تۆتىنچىسى ئىسمى نامەلۇم ئات بازار يىگىت. بەشىنچىسى ئىسمى ئېيتىلمىغان ياش ئوغلان (خىزمەتچى).

مانا بۇلار پۈتۈن داستاننىڭ سيۇژېت لىنىيىدە ئۇچراپ تۇرىدىغان بەدىئى پېرسوناژلاردىن ئىبارەت.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرى كېلىدىكى، «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئالدىنقى تۆت شەخس ئادەتتىكى ئەدەبى ئەسەرلەردە ئۇچرايدىغان بەدىئى قەھرىمانلاردىن بولماستىن، بەلكى تارىخ، ھادىسە، تەپەككۇر تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم ئۇقۇملار گۇرۇپپىسىغا ۋەكىللىك ئېلىدىغان سىمۋوللار، كېيىنكىلىرى بولسا ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى راۋاجلاندۇرغۇچى ياردەمچى پىگورلاردىن ئىبارەت.

دېمەك، يۇقۇرىدا ئېيتقىنىمىزدەك يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۆت نەپەر سىمۋوللۇق شەخس نامى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان بۇ تۆت گۇرۇپپا ئىدىيىۋى كۆز قاراشلىرى، ئۇنىڭ تەبىرىچە، بىر - بىرىگە چەمبەرچەس باغلانغان، ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان، بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان ۋە بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان ئامىللار. گەرچە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەدەبىيات ۋەقەلىكنىڭ تۈزۈلۈش نۇقتىسىدىن سۆزنى قانۇن - ئادالەتنىڭ سىمۋولى بولغان كۈنتۇغدى ئېلىكتىن باشلىغان بولسىمۇ، مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى بەخت - سائادەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئايتولدىغا مەركەزلەشتۈرۈپ «قۇتادغۇ بىلىك» كىتاۋىنىڭ تەپەككۇر دەرۋازىسىنى ئاچقان. تۆت شەخسنىڭ ئىچىدە «ئايتولدى» پۈتۈن كىتاپنىڭ ئاساسى غايە ۋە مەقسەت، كۈنتۇغدى ئېلىك، ئۆگدۈلمىش، ئۇدغۇرمىشلار بولسا، سەۋەپ، نەتىجە. يەنى، بىر ئۇلۇغۋار غايە ۋە مەخسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان كۆپ تىرلىق تۈۋرۈك، ئاساسى ھۇل. شۇڭا بەخت - سائادەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئايتولدى ئۆز ئىسمىنى «تولغان ئاي» غا ئوخشۇتۇپ ئاينىڭ خۇسۇسىيىتى، مەزمەنى، خاراكتېرى، تۇراقسىزلىقى، نەدە تۇرۇپ نەدە تۇرمايدىغانلىقى، قاچان يوقۇلۇپ، قاچان پەيدا بولىدىغانلىق شەرتلىرىنى تېرەن مەنا، پەلسەپىۋى ئۇقۇملار بىلەن شەرھىلىگۈچىدۇر.

730. بۇ ئايتولدى ئېيتتى: مېنىڭ بۇ ئېتىم،
خۇيۇم ئوخشۇ تۇرۇپ ئايغا قويمىش ھىكمىم،

731. ئاي ئاۋۋال تولامۇ كىچىك تۇغۇلۇر،
كۈندىن - كۈن چوڭيۇپ يۇنۇرى چىقۇر.

www.uyghurkitap.com

732. تولۇن بولسا تولۇپ، جاھان يورىتار،
جاھان خەلقى ئۇنىدىن يورۇنلۇق ئالار.

733. تولۇن ئاي ئەگىزگە ئۆرلەگەچ، كېيىن،
كېمىيىپ ئاستا، كۆركى كېتەر يۈزىدىن.

734. يورۇغى ئاز - ئازدىن يەنە يوقلۇر،
تۇغۇلۇپ كىچىك ئۇ، قايتىدىن تولۇر..

735. مېنىڭ بۇ ئۆزۈممۇ شۇنداق ئېرۇرمەن.
بەزى بار، بەزىدە يوقاپ كېتۇرمەن.

ئايتولدى ئۆزىنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلىرىنى مۇندىن ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بىر ۋەقە يەنى كىتاپنىڭ 15 - بابىدىكى 620 - 621 - بېيىتلار مەزمۇنىچە كۈن تۇغدى ئىلىگ بىلەن ئۇچراشقاندا، يېنىدىن بىر دۇگىلەك توپنى چىقىرىپ كىنايە سۈرىتىدە ئاستىغا ئويۇپ ئولتۇرغان (622 - بېيىت) ئىدى، كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىدىن رەنجىپ سەۋەبىنى سورىغاندا:

666. بۇ ئەردى كۆرسەتمەك ئۆزەمنى ساڭا،
دېمەك مەن تۇراقسىز، ئىشەنمە ماڭا.

668. گۈۋەنمە بۇ بوش بەختكە، ئۇتلۇق كىشى،
ئىشەنمە بۇ بەختكە ئاتاغلىق كىشى.

669. ئاقار سۇ، گۈزەل سۆز، بۇ بەخت توختىماي —
كېزەرلەر جاھاننى يۈرۈپ تىنمىغاي.

670. ئىشەنچىسىز، ۋاپاسىز بەخت بىقارار.
يۈزەر ھەم ئۇچار تېز، ئاياغى تايار.

دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئايتولدى كۈنتۇغدى ئىلىگ بىلەن سۆھبەت جەريانىدا ئۆزىنىڭ يوقۇرىدەك تۇراقسىز، مۇقىم بولالماسلىقتەك ئەيىپلىرى ۋە ئۇنىڭ سەۋەپلىرىنى، قانداق قىلغاندا تۇراقلىق ئىلغىلى بولىدىغانلىقىنىمۇ بايان قىلىدۇ:

686. تۇراقسىز بىرلىشۇم ماڭا ئەيىپ ئەمەس،
تاللايمەن ئۆزەمگە يېڭى نەرسە بەس.

867. پۈتۈن كونا نەرسە يېقىمسىز بولۇر،
يېقىمسىز يۈكى كور، كوڭۇلسىز كېلۇر.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ «بەخت - سائادەت» ئۇقۇمىنى شەخسىنىڭ بەختى - سائادىتى بىلەن ئومۇمى خەلق، جەمىيەت ۋە دۆلەتنىڭ بەختى - سائادىتىدىن ئىبارەت ئىككى مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ ۋە ئۆز - ئارا بىرلەشتۈرىدۇ. ئۇ، 700 - بېيىتتە ئايتولدى ئاغزىدىن:

مېنى تۇتسا چېك گەر كىشىلەر تېپىپ،
سۆزۈم شۇكى كەتمەيمەن ئۇندىن قېچىپ.

دېگەن شەرتنى قويىدۇ. كۈنتۇغدى ئىلىگ شۇ چاغدا:

701. ...نەدۇر سېنى باغلاش يولى،
كېرەك نە كىشەن سېنى چېك تۇتقىلى؟

دەپ سورايدۇ. ئايتولدى بۇ سوئالغا شەخسىنىڭ بەختى - سائادىتىنى ساقلاپ ئىلىشنىڭ شەرتى مۇنداق دەپ جاۋاپ بېرىدۇ:

703. تاۋازۇلۇق ئۆلسۈن مېنى تاپقۇچى،
كىچىك پېىل ھەم سۆزنى يۇمشاق قىلغۇچى.

704. ئۆزىنى تۇتسا ئۇ، ئاشماي ھەددىدىن،
يامان - ئەسكى ئىشلارغا بارماي يېقىن.

705. يىغىلغان مېلىنى بۇزۇپ چاچمىسا،
تۈزەپ خۇلقىنى ئۇ، پەيلىن بۇزمىسا.

706. ئۆزىدىن ئۇلۇغقا خىزمەت قىلسا ئۇز،
ئۆزىدىن كىچىككە چۈچۈك قىلسا سۆز.

707. كىشىنى كېيىن بىرلە رەنجىتمىسە،
كىچىكلەر كۆلۈپ ھەم بوزەك ئەتمىسە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

708. بىكاردىن ھاراققا بىشىن تىقمىسا،
بىكاردىن - بىكارغا مىلىن چاچمىسا.

709. ئۆيۈڭغا بەرمىسە تىلىۋ - تولىنى،
دۇرۇس قىلسا دائىم خۇيى - پەيلىنى.

710. تۇرانسىز بەختكە شۇلادۇر كىشەن،
مۇشۇ خىلدا باغلانسا، ئاچماس چۈشەن.

..........................................

يۇقۇرقىدەكلەر، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەبىرىچە شەخسنىڭ بەختى - سائادىتىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ بىر قىسىم ئەخلاق ئۆلچەملىرى. لېكىن، بۇنىڭدىن باشقىمۇ يەنە كىتابنىڭ بېشىدىن - ئاخىرىغىچە ھەر بىر مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا، ئىلمىي دەلىل، سىللوگىزمىلىق ۋاسىتىلاردىن پايدىلىنىپ شەخسنىڭ بەختى - سائادىتى ھەققىدە قىممەتلىك كۆز قاراشلارنى ئەتراپلىق بايان قىلىدۇ.

ئەمما جەمئىيەت، ئومۇمى خەلق ۋە دۆلەتنىڭ بەختى - سائادىتىنى مۇئىملاشتۇرۇش ياكى قولغا كەلتۈرۈش ھەققىدە توختالغاندا، بۇ مەسىلىنى غايەت زور پەلسەپىي تەپەككۇر، تارىخىي ساۋاتلار، ئەمەلدە ئىسپاتلانغان تەبىئەت دىيالېكتىكىسى، ئىجتىمائى پەننىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قاتار كۆز قاراشلىرى ئاساسىدا ھەل قىلماقچى بولىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، جەمئىيەت بەختى - سائادىتىنى مۇئىملاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى شەرتى ئۈچ نۇقتىدۇر.

بىرىنچىسى، جەمئىيەتتە ئادالەتلىك قانۇن بولۇش (بۇ مەنە دائىرىسىگە دۆلەت ھاكىمىيەت تەشكىلاتى ساغلام، قانۇنى ئادىل. ھەممە ئادەم باراۋەر، پەسكەشلىكتىن خالى، ئەمەلدارلار ئەخلاقى پاك، ھەربى ئىشلار مۇكەممەل يەنى قىلىچنى كۈچەيتىش...... قاتارلىقلار كىرىدۇ).

ئىككىنچى، بىلىم - ئەقىل (بۇ مەنە دائىرىسىگە پوتكول جەمئىيەتنى ئىلىم بىلەن باشقۇرۇش، مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش، جەمئىيەت ۋە شەخسنى ئىلىم - مائارىپ بىلەن نۇرلاندۇرۇش...)، بۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە مۇۋازىنەتلىك (تەڭپۇڭ) بولغان «ئەلەم ۋە نەلەم» دۇر.

ئۈچىنچىسى، ئاقىۋەت ۋە قانائەت (بۇ مەنە دائىرىسىگە، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ بىر مۇنچە ئىسلام پىكىر ئېقىملىرى تۇتاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ راتسىئونال مېغىزى يەنىلا «ئەخلاق»، يەنى شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنى بىلىش، ھەددىدىن ئارتۇق شەخسى مەنپەئەت، پەس ئارزۇ - ھەۋەسلەرگە بېرىلمەسلىك ...... قاتارلىقلار كىرىدۇ).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مانا شۇ يۇقۇرىدىكى ئۈچ شەرت تولۇقلىنىپ، كامالەتكە

يەتكۈزۈلسە، بەخت - سائادەتنى مۇقىملاشتۇرۇش مۇمكىن - دەپ قارايدۇ. يەنى دۇنيانى يارىتىش، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى بۇ خىل پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرىدا، ھەل قىلغۇچ ئامىللىقى ئىسپاتلانغان ماددىي ئاساسقا تايىنىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويماستىن بەلكى مەنىۋى مەدەنىيەت، ئەخلاقىي ئىسلاھات ئارقىلىق بەخت - سائادەتنى مۇنۇملاشتۇرۇش، ياكى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن - دەپ قارايدۇ. (لېكىن ماددىي بايلىق يارىتىش شەخسى بىلەن جەمئىيەتنى بېيىتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنىمۇ ھەرگىز كۆزدىن چەتتە قالدۇرمايدۇ). بۇ، ئوتتۇرا ئەسىر روھانىي چۈشەنچىلەر ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىۋاتقان مەزگىلدىكى جەمئىيەت شۇناسلىقنىڭ خۇسۇسىيىتى.

× × ×

ئېنگېلس: «ئەڭ دەسلەپكى يۇنان پەيلاسوپلىرى ئەينى ۋاقىتتا يەنە تەبىئىي پەن ئالىملىرى ئىدى»⑤ دەيدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي كۆز قاراشلىرىدا يۇقىرى سەۋىيىلىك مۇتەپەككۇر. پەيلاسوپ، شائىر بولۇشى سۈپىتى بىلەن بىللە يەنە تەبىئەت دۇنياسى، تەبىئەت دىيالېكتىكىسى، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك ۋە باشقا ساھەلەردە چوڭقۇر ئىزدەنگەن، نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى پىششىق بىلىدىغان تەبىئىي پەن ئالىمى دېيىشكە بولىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۆت تادۇ» (تۆت زات) كۆز قارىشى، يەر ۋە قۇياشنىڭ دەۋر قىلىش ھەركىتى، تۆت پەسىل، ئون ئىككى بۇرج، يۇلتۇزلار ھەركىتىنىڭ بەزى قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى قاراشلار ئوتتۇرا ئەسىر ئۈچۈن خېلى ئىجابىي بولغان پىكىرلەر سىستېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بولۇپمۇ ماتېماتىكىدا «ئۈچ نۇقتىدىن بىر ۋە بىرلا تەكشىلىك ئۆتىدۇ» دېگەن ئاكسىئوما (بەندە ھېچقانداق ئىسپات تەلەپ قىلىنمايدىغان ھەقىقەت). ئوچۇغراق قىلىپ ئېيتقاندا، ماتېماتىكىدىكى ئۈچ نۇقتىنىڭ بىر مۇقىملىقىنى ساقلىيالايدىغانلىقى ھەققىدىكى قانۇنىيەت، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرىغا يەنى «قۇتادغۇ بىلىك» كىتاۋىغا ئاساس بولغان. پۈتكۈل «قۇتادغۇ بىلىك» ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى مانا شۇ تەبىئىي پەن - ماتېماتىكىدىكى ئۈچ نۇقتا بىر تەكشىلىكنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلىيالايدىغانلىق قانۇنىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي پەندىكى مۇھىم بىر تېما - «بەخت - سائادەت» نى مۇنۇملاشتۇرۇش چۈشەنچىسىگە تەدبىق قىلىنىشتۇر. شۇنداقلا، بۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى مۇقىملىقنىڭ ئاكسىئوماسىنى تونۇش ۋە ئۇنى ئەمەلىي تۇرمۇشتا قوللىنىشتىن ئىبارەت تەبىئەت چۈشەنچىسىنىڭ ئېتنىك تۇرمۇشتىكى ئالامەتلىرىدىن گەۋدىلىك ھالدا پايدىلانغانلىقىدۇر. بۇنىڭدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، تەبىئەت شۇناس - ئالىم ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا بۇ خىل قانۇنىيەتتىن خېلى بۇرۇنلا پايدىلانغان ئىدى. بۇنىڭغا مۇنۇلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن:

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە ئەدىمقى كۆچمەنچىلىك دەۋرىدىن قالغان بىر خىل ئۈچ پۇت-لۇق قازان بار. بۇ قازان ھازىرقى تەلەپپۇزدا «داڭقان» دېيىلىدۇ. ئازاق ئەلقىسە بولسا، «ئوچاق» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداق قازان مەيلى دالىدا، مەيلى بورانلىق ئىيالار-دا بولسۇن ئىشلەتكەندە ئىختىشاشلا ئاغدۇرۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئۇ، دالىدا ئاش پۇشۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن ئەپلىك ۋە ئىشەشلىك.

ئىلى، ئېرتىش، تارىم، توشقان، تۈمەن، قارناش، يورۇڭقاش دەريالىرىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يازغى كەلكۈن تۈپەيلى ئېرغاقنى سۇ ئېلىپ كېتىدىغان ھادىسىلەر پات-پات بولۇپ تۇراتتى. ئۇلۇغ سۇنى توختۇتۇش مۇمكىن بولمىغان چاغلاردا، جامائەت ئۈچ پۇتلۇق كاجۋا - بۇقا ياساپ پۇتلىرى ئارىسىنى شاخ - تاشلار بىلەن تولدۇرۇپ دەر-يانىڭ تېشىپ كېتىۋاتقان خەتەرلىك ئورنىغا ئورنىتىلاتتى. مۇنداق ئۈچ پۇتلۇق كاجۋا بۇنا سۇ ئىچىدە ئىنتايىن مۇقىم بولۇپ، بۇ ئارقىلىق، ئېرغاق ۋە يەر، جاي، ئۆيلەرنى ساقلاپ قېلىش مەقسىدىگە يەتكىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىدە تولاراق جەنۇبى شىنجاڭ يېزىلىرىدا «يالغۇز ئوغۇل» دېيىلىدى-غان بىر دېخانچىلىق قۇرالى بار. بۇنىڭ قۇرۇلىشمۇ ئۈچ پۇتلۇق بولۇپ، تاننارنى ئۇ-نىڭ ئىككى پۇتىغا ئىلغاندا ئاغزى ئېچىلىدۇ - دە، بىر پۇتى تاغارنى بېسىپ تەڭشەپ تۇرىدۇ. ئائىلىدە باشقا ئەمگەك كۈچى بولمىغان يالغۇز كىشى، ماتېماتىكىلىق قانۇنىيەتتىن پايدىلىنىپ ياسالغان ئۈچ پۇتلۇق مۇشۇ ئەھرىسانىنىڭ ياردىمى بىلەن يالغۇز تاغارنى تول-دۇرۇپ، ئەمگەك ئونۇمدارلىقىنى ئاشۇرۇش مەقسىدىگە يېتەلەيدۇ. مانا بۇلار يۈسۈپ خاس ھاجىپ گەۋدىلەندۈرگەن ئىدىئولوگىيە قانۇنىيىتىنىڭ خەلق تۇرمۇشىدىكى ئاساسى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇقىملىقنىڭ قانۇنىيىتىنى ئەسەرنىڭ ھەر خىل تېمىلىرىدىمۇ مۇۋاپىق سۈرەتتە تەدبىق قىلىدۇ. ئۇ، قانۇن - ئادالەتنىڭ سىمۋولى بولغان «كۈنتۇغدى ئىلىگ» نىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ يەنە شۇ ئۈچ نۇقتا بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئايتولدى، بىر نېتىم كۈنتۇغدى ئىلىگ بىلەن كۆرۈشكەندە:

823. (ئېبى) ……………… ئىلىك قۇتى،
نېچۈن بولدى ئىلىك ئېتى؟

دەپ سورايدۇ، كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۇنىڭ سوئالىغا مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ:

824. …… ئالىم بۇ قىلىقىم كۆرۈپ،
تويدى بۇ ئېتىمنى كۈنگە ئوخشىتىپ.

825. قارا كۈن ئوۋالماس - ھېمىشە پۈتۈن،

يورۇغى بىر دەكلە ۋە پارلاق نولۇن.

826. مېنىڭمۇ قىلىقىم ئاڭا ئوخشىدى.
ئادالەت بىلەن تولدى كەم بولمىدى.

827. ئىككىنچى تۇغار كۈن يورۇر بۇ جاھان.
ئۇمۇمغا چاچار نۇر، كېمەيمەس ھامان.

828. مېنىڭمۇ ھۆكمۈم شۇ، يونالماس ئۆزۈم،
پۈتۈن خەلققە بىردەك ئىلىقىم سۆزۈم.

829. ئۈچىنچى ئىسىدۇ يەر، تۇققاندا كۈن.
چېچەك ئاچىلۇر ئاندا تۈمەنمىڭ تۈسۈن.
قايۇ ئەلگە كىرسە مېنىڭ ئانۇنۇم،
ئۇ ئەل تۈزۈلۈر بولسا تاش يا تۇرۇم.

830. مېنىڭمۇ ئىلىقىم مۇشۇنداق بولۇش،
مېنىڭدىن ھەممىگە تېگەر تەڭ ئۇلۇش.

يۇقۇرىدىكى مىسرالاردا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇياشنىڭ خۇسۇسىيىتىگە تەبىر بېرىپ، ئۇچ خىل يەنى پارچىلانمايدىغان بىر پۈتۈن، ئالەمگە، ئۇمۇمغا تەكشى نۇر چېچىپ يورۇ- تىدىغان، پۈتۈن ئالەمنى ئىسسىتىپ باھار چېچەكلىرىنى ئېچىلدۇرۇدىغان-دەپ تەرىپلەيدۇ.

ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ نازۇك تەبىئەتلىك شائىر، ئالىم، ھېكمەت ئىگىسى مۇتەپەككۇر بولۇشتىن باشقا يەنە ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ ئالدىدا تۇرۇقماس جەڭچى، جاسارەتلىك قەھرىمان. فېئودال ئوتتۇرا ئەسىر ھۆكۈمران گۇرۇھى، پادىشا، خانزادە، ئەمىرلەرنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئەيىپ-نۇقسانلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئىنتايىن خەتەرلىك ئاقىۋەتلەر بىلەن نەتىجىلىنىدىغان ئىدى. لېكىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز كىتاۋىدىكى بىرىنچى شەخس كۈنتۇغدى ئىلىگىنىڭ ئەمەلىيىتىنى سۆرەتلىگەندە ئەدىبىياتنىڭ كىنايە، ئىستىتارە ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، «ئۇچ پۈتلۈق كۈمۈش كۈرسى» (ئورۇندۇق) دا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ ئۆز ئىلىدىن مۇنداق بايان ئېلىدۇ:

801. مۇنۇ مەن ئولتۇرغان بۇ كورسىغا باق،
ئەي كۆڭلۈم تونى بار ئۇندا ئۇچ ئاياق.

802. پۈتۈن ئۇچ ئايالىق ئىگىلىمەس بولۇر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆرۈر ئۈچ پۈتى تۈز ھەم قايماس بولۇر.

803. قىڭغايسا بىرى ئۈچ ئاياقنىڭ ئەگەر،
قايار ئىككىسى ئولتۇرۇچى چۈشەر.

804. پۈتۈن ئۈچ ئاياقلىق تۇغرا، تۈز بولۇر،
ئەگەر بولسا تۆت، كۆر، بىر ئەگرى بولۇر.

805. نىمىكى تۈز ئولسا، پۈتۈن ئۆز بولۇر،
نىمىكى ئۆز ئولسا، دىمەك تۈز بولۇر.

806. نىمىكى ئىگىلسە ئۇ، ئەگرى بولۇر،
پۈتۈن ئەگرى، يامانلىق ئۇرۇغى بولۇر،

807. قايسى تۈز ئىگىلسە، تۇرماس يىقىلار،
نىمىكى تۈز ئولسا، يىقىلماي تۇرار.

808. مېنىڭ ھەم قىلغىم ئىگىلمەس ئىرور.
ئىگىلسە دۇرۇسلۇق قىيامەت بولۇر.

809. قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،
ئايىرماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھىچ كىشىن.

يۇقۇرىدىكى مىسرالار پادىشا، ۋەزىر، ھۆكۈمران تەبىقىگە بېرىلگەن تەنبىھ، ئاگاھلاندۇرۇش بولۇپ، مۇقىملىقنىڭ ئۈچ پۈتلۈق كۇرسىدا كىنايە قىلىنىشىدۇر.

«بەخت - سائادەت» نى مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ ئىككىنچى تۈۋرىكى (داستاندىكى ئۈچىنچى شەخس) ئۆگدۈلمىش. ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا ھەل قىلغۇچ ئامىل بولغان بىلىم ۋە ئەقىلدىن ئىبارەت. ئىنسانىيەت دۇنياسى ئىپتىدائىي دەۋرلەردىن تاكى «قۇتادغۇ بىلىك» يېزىلىۋاتقان دەۋرگە قەدەر ئۈزلۈكسىز ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا دۇنيانى تونۇش، بىلىشنىڭ ھىسسى سەۋىيەسىدىن تەدرىجىي يوسۇندا ئىدراكى، ئەمەل بىلەن دەرىجىگە يېتىپ كەلدى. ئەقلى بىلىشنىڭ يېتىلدۈرۈش جەريانى ئۈزلۈكسىز سىناق. تەجرىبە ئەمەلىيىتى - ئۆگىنىشتۇر. يۇسۇپ خاس ھاجىپ بۇ ھەقتە ئىنتايىن كەڭ توختۇلۇپ، تەخمىنەن مىڭ بەشيۈز مىسرا ئەتراپىدا تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بېيىتلار مەزمۇنىدىن يىغىنچاقلىغاندا، ئىلىم بىلىم - ئۆگىنىش ئۈچ شەرتنى تەقەززا قىلىدۇ:

1 - كىچىكتىن - چوڭ، ياشتىن - ئېرىغىچە ھارماي - تالماي ئۆگىنىش، ئۇنىڭ دۇشمەنلىرىنى تۇرمۇش ۋە خىيالىدىن پۈتۈنلەي سىقىپ چىقىرىش.

2 - بىلىم، ئەقىل ھەرگىز ئۆزلىكىدىن قولغا كەلمەيدۇ، جاپا چېكىش، رىيازەت ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

3 - مەيلىنى بېغىشلاش، ئىجتىھات قىلىش. بىلىم ئېلىشنىڭ زۆرۈر شەرتىدۇر - دېگەن پىكىرنى ئالغا سۈرىدۇ. شۇڭا بەخت - سائادەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ياكى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئىككىنچى تۈۋرۈكى بولغان ئۆگدۈلمىش غايەت زور ساھەنىڭ مۇنازىرە، ماۋزۇسى، ئۇلۇغۋار غايىلارنىڭ جان تومۇرى ھېساپلانغان.

«بەخت - سائادەت» نىڭ ئۈچىنچى تۈۋرۈكى ھېساپلانغان تۆتىنچى شەخس ئودغۇرمىش خېلى مۇرەككەپ ماۋزۇ، ئۇنىڭدا ئالغا سۈرۈلگەن «ئاقىۋەت ۋە قانائەت» نىڭ بىرى شەيئىلەرنىڭ تارىخى، ئىككىنچىسى ئەخلاقىي ئۆلچەم ئىناپ بولۇپ، ئاچكۆز، شەخسىيەتچىلىكنىڭ تىزگىنى.

«قۇتادغۇ بىلىك» مۇنازىرە ماۋزۇسىنىڭ كەڭلىكى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلىقى ئېتىۋارى بىلەن بۇ كىتاپنى ئىجتىمائىيات دەرسلىكى، پەلسەپە قامۇسى، ئەدەپ - ئەخلاق دەستۇرى، دۆلەت تەشكىلاتىنىڭ ئىش ئەخلاقى نىزامنامىسى قاتارلىق پەخىرلىك تەرىپلەر بىلەن ئاتاش مۇمكىن. بۇ ھەقتە ھەر قايسى ئاپتورلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي تەھلىل، مەنتىققە ئۇيغۇن مۇھاكىمە بايانلىرىنى قويۇپ ئۆتتى ۋە مەلۇم ئىزدىنىش نەتىجىلىرىگە ئېرىشتى. مەن كۆپچىلىككە ياندىشقان ھالدا «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچىلىرىمنى قويۇپ ئۆتتۇم. تۆۋەندە مۇرەككەپ ۋە مۇھىمراق بولغان تۆتىنچى شەخس ئودغۇرمىش ھەققىدىكى بەزى مۇلاھىزەمنى قويۇپ ئۆتىمەن.

× × ×

تۆتىنچى شەخس «ئودغۇرمىش» ئۇقۇملار گۇرۇپپىسىنىڭ (كاتېگورىيە) ئاقىۋەت ۋە قانائەتتىن ئىبارەت بىر جۈپ پىكىر سىستېمىسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. لېكىن، مۇشۇ خىل پىكىرنىڭ ئاقىۋەت مەزمۇنىغا تەئەللۇق بولغان قىسمى دىئالېكتىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىيات، ئىنكارنى ئىنكار قىلىش قانۇنىغا ئۇيغۇن بولۇپ، ئادەمنىڭ ئۆلۈشى، شەيئىلەرنىڭ يېڭىلىنىشى مۇقەررەر، ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا مال - بايلىق، دۇنيا - دەپىنە، راھەت - پاراغەت، بەخت - سائادەتلەرمۇ مەڭگۈلۈك بولالمايدۇ. «ئاقىۋەت» بۇ بىر قانۇن ئىكەن، ئۇنىڭ بىردىن بىر شەرتى مۇقەررەرلىكنى تونۇشتۇر. تونۇغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تېخىمۇ مۇھىم بىر شەرتى ئادەم ئۆزىنى تىزگىنلەش، «قانائەت» تىن ئىبارەت ئەخلاق ئۆلچىمى ئارقىلىق شەخسىي مەنپەئەت، ئاچكۆزلۈك، دۇنياغا ھېرىسلىق، پايدا مەنپەئەتنىڭ كويىغا كىرىپ بارلىق ھاۋايى - ھەۋەس، بۇزۇقلۇقلارغا بېرىلىشتىن ئۆزىنى توختىتىپ، ئۆز ھاياتىنىڭ خاتىرجەم، بەختلىك ئۆتىشىگە قانائەت قىلىش، ئۆلۈمنى ياد ئېتىش دېگەندىن ئىبارەت. بۇ خىل ئەخلاق ئۆلچىمى ئوتتۇرا ئەسىر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بولۇپمۇ مال - دۇنياغا تويماس يۇتۇرى

www.uyghurkitap.com

قائىلام گورۇھىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا خېلى ئىلغارلىققا ئىگە.

ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا ئاقىۋەت بىلەن قانائەت چۈشەنچىسى قوش گىزەك بىر-بىرىگە مۇئەككەللەر دەپ تونۇلۇپ، ئەنئەنىۋى ساماۋى دىنلار يەنى بۇددا، خرىستىيان دىنلىرى، كېيىنرەك ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ مۇھىم پرىنسىپلىرى دەپ قارالغان ئىدى. بۇ ئىككى ئەقىدە پرىنسىپلىرىنى تونۇپ يەتكەنلەر سەگەك، ئويغاق ھىساپلىنىپ، «ئاقىۋەت» نىڭ مۇقەررەرلىكىنى چۈشىنىپ «قانائەت» نى يېتەكچى ئىلمىغانلار «بىغەم»، «غەپلەتتىكى» «غاپىل» لار ھىساپلىناتتى. غاپىللىق بىلەن سەگەكلىكنىڭ ئىلاھىيەتچىل مەزمۇنى ۋە ئۆزىگە خاس چۈشەندۈرۈشلىرى بار.

غاپىللىق بىلەن سەگەكلىك كېيىنكى مەزگىللەردىكى تەسەۋۋۇپ پىكىر ئېقىمىدا ئاساسىي ئورۇننى ئىگەللىدى.

قارا خانىلار ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىلا ئاغدۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرغان سامانىلار⑥ دۆلىتىنىڭ دىنىي زاھىتلىرى ئارقا-ئارقىدىن شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قارا خانىلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا كېلىپ، ئىسلام دىنى تەرغىباتى ۋە بەزى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان ئىدى. كېيىنرەك X-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرى ئىرانىدا ئەۋجىگە چىققان سۇبىكتىۋ پانتېزىم-(ۋەھدە تەۋوجوت)-يەككە بارلىق، (تەركى دۇنيا-چىلىق)-پىكىر ئېقىمى قارا خانىلارنىڭ مەركىزى ئۆلكىلىرىچە يېتىپ كەلدى. بەزى تەزكىرە خەۋەرلىرىگە قارىغاندا 1032-يىللىرى خوتەن رايونى تامامەن ئىسلاملاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن قەشقەر، يەكەن، خوتەن رايونلىرىغا 778-يىلى ۋاپات بولغان كۆپىلىق ئەبۇ ھاشىم، 875-يىللىرى ۋاپات بولغان ئىرانلىق ئەبۇ يېزىد تەيخۇر ئەل بەستەمى، 922-يىلى ئىراندا ئىسلام سوت مەھكىمىسى (دارىلقازا) تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئىرانلىق ھۆسەيىن ئىبنى مەنسۇر ھەللاجى، 910-يىللىرى ۋاپات بولغان ئىراقلىق جۇنەيدىلباغدادى⑦ نىڭ تەرەپدار مۇرىت-مۇخلىسلىرى يېتىپ كېلىپ كەڭ كۆلەمدە تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىغان. ھەتتا ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا فېئودال خانلىقلارنىڭ ئاتتىق چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان بىر تۈركۈم تەرىقەت پېشىۋالىرى، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغىلى تېخى ئۇزۇن بولمىغان قارا خانىلارنىڭ شەرقى رايونلىرىغا كېلىپ خان، شاھزادە، ئەمىر، ئوردا ئەمەلدارلىرى، ياشلار، ھۈنەرۋەن، كاسىپ ئىگىلىرىنى ئۆز يوللىرىغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنغان. ھازىرغىچە، قەشقەر-خوتەندىكى بەزى مازار تەزكىرىلىرىنىڭ بىشارەت بېرىشىچە، بۇنداق تەسەۋۋۇپ دولقۇنى-قارا خانىلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان خانى سولتان سىتۇق بۇغراخاننىڭ بىرىنچى ئىزباسارى بايتاش بۇغراخان (ئەرەپ چەشمى مۇسا بۇغراخان) دەۋرىدە باشلانغانلىقى مەلۇم. «تەزكىرەئى سەيىد ئەرسلانخان» ناملىق تەزكىرىنىڭ مەزمۇنى بۇ نوقتىنى مەلۇم پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلايدۇ. [سەيىد ئارسلانخان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىزى تۇركان خاتۇن-(ئەرەپچە ئىسمى ئەلانۇرخان) نىڭ ئوغلى ئىدى دېيىلگەن] ھازىرغىچە قەشقەردە

مازىرى بار دەپ تونۇلغان سەيد جالالىددىن باغدادى[8]. شەيخ ھەبىبى ئەجەم[9] قاتارلىق كىشىلەرمۇ تەرىقەت مۇرەشىدلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭمۇ قارا خانىلار دەۋرىدە كەلگەنلىكى ھەققىدە بەزى رىۋايەتلەر بار.

بۇ ھال جەمئىيەتتە كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ ئىش - ئەمگەكتىن ئايرىلىپ ئائىلە - بالا چاقىلىرىنى تاشلاپ، جەمئىيەت ۋە ھۆكۈمەت خىزمەتلىرىدىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈپ، تاغلارغا چىقىپ - يىگانە خىلۋەتتە ئىستىقامەت يولىغا كىرگەنلىكى ئەلۋەتتە، جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى، ئىلىم - مائارىپنىڭ رىۋاجى، ئىقتىساتنىڭ گۈللىنىشى، ھاكىمىيەتنىڭ تىنچ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن ئېغىر تەسىر قىلماي قالمايدۇ.

ھەر ئانداق بىر كىلاسسىك ئەدەبىي ئەسەر ئۆز زامانىسىنىڭ دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرمەي قالمىغىنىدەك «قۇتادغۇبىلىك» مۇ چوڭ تىپتىكى بىر ئەدەبىي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ پاسسىپ ئامىللىرىنى ئەكس ئەتتۈرمەي قالمىغان.

چۈشىنىشىمىزچە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «كىتاۋىغا «قۇتادغۇبىلىك» (بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم) دەپ ئات قويدۇم. ئۇنى تۆت ئاساسى ھۇل ئۈستىگە ئورناتتىم» دىگىنىدە كۆزدە تۇتقىنى ھەرگىزمۇ بىر پۈتۈن ئۇقۇملار گۇرۇپپىسىغا سىمۋول قىلىنغان تۆتىنچى شەخس ئودغۇرمىشنىڭ ئاقىۋەت تونىغا ئورنىۋالغان تەركى دۇنيالىق ئىلمىشى. جەمئىيەتتىن قول ئۈزۈپ تەنھا ئىستىقامەت يولىغا مېڭىشتەك پاسسىپ خۇسۇسىيەتلىرى ئەمەس، بەلكى ئۆز دەۋرى ئۈچۈن قىممەن ئىجابىلىق خاراكتىرىنى ئالغان ئاقىۋەت ۋە قانائەتتىن ئىبارەت ئەخلاق ئۆلچىمى.

ئىتتىپۇرا ئەسىر ئىسلام مەملىكەتلىرىدە ئەقىدە تۈرى جەھەتتە «ئەھلى قال» ۋە «ئەھلى ھال» دېيىلگەن ئىككى ئېقىم، ئىككى گۇرۇھ شەكىللىنىپ ئۆز ئارا كەسكىن تالاش - تارتىشلار باشلانغان ئىدى. «ئەھلى قال» دېيىلگەنلەر قۇرئان، ھەدىس كىتاپلارىنىڭ سۆز - ئىبارىلىرىنى يادلىۋېلىپ دوگما ئاساسىدا تەڭرىگە سېغىنغۇچىلار: «ئەھلى ھال» دېيىلگەنلەر ئاللەھنى «ۋەھدە تەۋوجۇت» (يەككە بارلىق) چۈشەنچىسى بىلەن بايان قىلىپ، ئەقىل يەتمىگەن ساھەلەرگە پەقەت ھېسسى يول بىلەن يەنى، قەلىپ كۆزى، سەزگۈ، خىلۋەتتە پىكىر يۈرگۈزۈش يولى بىلەن تەڭرىگە ئېرىشىشكە بولىدۇ، دەپ ئىشەنگۈچىلەر؛ ئىككى گۇرۇھقا ئايرىلىپ كىتاپ سۆزى بىلەن ئىش كۆرگۈچىلەر «زاھىرى»، سەزگۈ ھېسسى يول بىلەن ئىش كۆرگۈچىلەر «باتىنى» دېيىلەتتى[10]. كېيىنكىلىرى ئۆزلىرىنى تەسەۋۋۇپچى - تەرىقەتچىلەر دەپ ئاتاشقان. ھەتتا ئۇلار بەزى ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ مەمۇرى تۈزۈملىرىگە خىلاپ كېلىدىغان ھەركەتلەردە بولغانلىقى. جەمئىيەت ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق تەنقىت قىلىنغان. كۆپچىلىك ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىچە «بىر قولدا بۇ دۇنيا، يەنە بىر قولدا ئۇ دۇنيانى تۇتۇش لازىم، ئىككى قول، ئىككى پۇتنى ئۇ دۇنياغىلا قارىتىش ساپ ئىبادەت ئەمەس» دېيىلەتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز كىتاۋىدا تەركى دۇنياچىلىقنى قاتتىق رەت قىلىدۇ.

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۆزىگە سادىق ھەمرا، ئەگەشكۈچى يوق يولداش، بىلىملىك - ئاقىل مەسلىھەتچى ئىكەنلىكىدىن مەمنۇن بولغان كۈن تۇغدى - ئىلىگ بىر كۈنى ئۆگدۈلمىشكە:

3133. ئەي خۇلقى ئۆز ئاران تاپقانتىم سېنى،
يوقاتۇرسەم سېنى مەن ئۆزگىسى قېنى؟

3132. يانا بولسا ئەردى سېنىڭدەك بىرى،
بۇ يولدىن ماڭاردى كېيىن - ئىلگىرى،

3134. مېنى ئەنسىرەتتى بۇ يالغۇزلىقىڭ،
يانا بولسا كاشكى، بۆلەك ھەمدىمىڭ.

3136. كۆر، بارمۇ، سەن ئىستە قېرىنداش ئارا،
يولۇڭدىن ماڭارلىق مۇناسىپ ساڭا.

دەپ، يېڭىدىن يەنە بىر قابىلىيەتلىك، دۆلەت ئىشلىرىغا ياردەمدە، ئەقىل - پاراسەتتە ئۆتكۈر، بىلىملىك كىشى تېپىشنى بۇيرۇيدۇ. كۈنتۇغدىنىڭ مەقسىدىنى چۈشەنگەن ئۆگدۈل - مىش چوڭقۇر مۇلاھىزىدىن كېيىن، ئەخلاقى ياخشى، پەزىلىتى يۇقىرى بولغان بىر ئۇرۇق - تۇققىنى بولۇپ، ئۇ ھازىرقى كۈندە يىراق بىر تاغدىكى غاردا تائەت - ئىبادەتكە مەشغۇل ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇ، خالسا تەكلىپ قىلىپ دۆلەت - خەلق ئىشلىرىغا ئاتناشتۇرساق دېگەن مەسلىھەتنى بېرىدۇ. كۈن تۇغدى ئىلىگ خوشال بولۇپ، غايەت گۈزەل بىر تەكلىپنامە ۋە نەسىھەتلىك خەت يېزىپ ئۆگدۈلمىشتىن ئەۋەتىدۇ:

3197. ئىلىگدىن سالام، ھال سوراش بۇ بىتىك،
يوقتۇدۇم ئىسەنلىك تىلەي تېتىك.

3198. تېنىڭ ساق سالامەت، ئىسەندۇرمىكىن،
تېچوگرەك يۈدەرسەن زامانە يۈكىن؟

3203. يېقىن قەۋم - قېرىنداشتىن ئېچىپ سەن ئۈزۈك،
يورۇپ سەن يۇرت، ئەلدىن ئۆرۈپ يۈزۈڭ،

3229. ئۈزۈك ئالدىڭ ئەمدى زاھىت ئېتىنى،
بالا ئىچرە سالدى بۇتائەت سېنى.

3236. تائەت قىل شەھەر - كەنت ئارا، بېرىكەل،

ئىشىڭ ئاچسۇن ساڭا ياخشىلىق تۈگەل،

3237. خەلققە بېرىپ نەپ، مۇڭلىغا يارا،
قېرىنداش دىلىن ئاچ، يېقىنلاش ئاڭا.

3248. كىشى ياخشىسى ئەلگە پايدا بېرۇر،
بۇ ياڭلىغ كىشىلەر خەلققە زۆرۈر.

3249. ئاتەتكە ئىشىنىپ يۈرەر بولسا قۇل،
تاپالماس خۇدانىڭ سۆيۈنچىگە يول.

3259. خەلققە ياخشىلىقچۇن ئاچقاردىم سېنى،
بۇ خەت نەپىسى، زورلاپ سەن بۇزما ئۇنى.

3214. ئەگەر بارغان ئولساڭ تائەت قىلغىلى،
تائەتنى قىل كەنتتە شۇدۇر دىنى يولى.

3215. ئىبادەتكە ئەۋۋەل بىلىم كۆپ ئولگەن،
بىلىمسىز ئىبادەت بىرى پايدا چۈشەن

ئەمما جاھىل شەيخ ئۇدغۇرمىش دۇنيانىڭ ئەيىپلىرىنى 266 مىسرا سۆز بىلەن كۆر
سىتىپ، ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىن يىراقلىشىپ ياشىماقنىڭ ئەۋزەللىكىنى سۆزلەيدۇ. ئۆگدۈلمىش
ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن مۇنازىرىلەشكەندىن كېيىن «دۇنيانىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاخىرەتنى
تېپىش مۇمكىنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئاخىر ئۇدغۇرمىش خانغا بىر پارچە نومۇسسىز خەت
يېزىپ مۇنداق تەلەپ قويىدۇ:

3754. تائەت ئەل خۇداغا ھامان تاپارسەن،
كېچە - كۈندۈز ئوچۇق ئىشىك يېتەرسەن.

3755. بۇ تۆت ھاجىتىم، خان راۋا قىل ماڭا،
ئۇپۇپ يۈز قۇلۇڭ خىزمەت ئەيلەي ساڭا.

3756. تىلەرمەن تىرىكلىكنى ئۆلمەيدىغان،
يىگىتلىك تىلەيمەن قېرىمايدىغان.

3757. ھەمىشە كېسەلسىز، مېنى ئەيلە ساق،

باي ئەت، ئەيلە يونسۇل بولۇشتىن يىراق.

3758. بۇ تۆت نەرسە بەرسەڭ ساڭا ئىش قىلاي،
تۇتۇپ بۇيرۇغۇڭنى پىدايىلىق بولاي.

3759. ماڭا بەرسەڭ ئەگەر شۇلارنى ئەي خان،
بېرىپ قول ساڭا قۇل بولاي مەن ھامان.

بۇ، ھەتتا دۇنيا، راھەت، پاراغەت دېگەننىڭ ئاخىر پۇشايمان كەلتۈرىدۇ، دۇنيانىڭ راھەتى مانا بۇلار:

3573. جاھان تاتلىغكىم بۇ ئۈچ نەرسەدۇر،
بۇ ئۈچىنىڭ لەززىتى باراۋەر تۇرۇر،

3574. يەمەك، ئىچمەك ئېرۇر بۇ ئۈچىنىڭ بىرى،
خوتۇندۇر ئۈ بىرسى سويۇنسە ئېرى،

3575. ئۈچىنچى تەن ساغلىق، تىرىكلىك شۇدۇر،
بۇ ئۈچ ئىچىرە بۇ بەك كىرەكلىك ئېرۇر.

دەپ ئەيىپلەيدۇ. شۇنداق تەلەپ ئۆدغۇرمىشنى مۇنازىرىلەر ئارقىلىق قايىل قىلالماي قايتىپ كېتىدۇ. بىر قانچە قېتىم بېرىپ - كېلىشلەر ئارقىلىق ئاخىر دەرۋىش ئۆدغۇرمىش، ئۆزىنىڭ خان ئالدىدا خىزمەت قىلىش لاياقىتى يوقلىقىنى، ئوردا ئەمەلدارلىرى، ھەربىلەر، ئالىملار، شەھەر - يېزا خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇش يوسۇنلىرىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۆگدۈلمىش پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ھەر تەبىقە ھەر خىل ئادىمى، دىخان، ھۈنەرۋەن، سودىگەر، كاسىپ قاتارلىقلار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە ئىنتايىن كەڭ چۈشەندۈرىدۇ ۋە ساۋاق بېرىدۇ.

ئۆدغۇرمىش ئاخىر نائىلاج كۈنتۇغدى ئىلىگ خان ئالدىغا كېلىدۇ. كۆپ مۇنازىرىدىن كېيىن قايىل بولماي تاققا قايتىپ كېتىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كېلىدۇ. كۈنتۇغدى ۋە ئۆگدۈلمىشلەر ئۇنىڭ جەمئىيەت، خەلقتىن ئايرىلىپ، تەنھا رىيازەتتە ئۆتكەن ھاياتىغا جەمئىيەت، ھايات يولىدىن ئايرىلىپ پۈتۈنلەي ئىبادەت يولى بىلەن تەڭرىگە يېتىش ئۈمىدىن ئەمەسلىكىگە ئەپسۇسلىنىپ ماتەم بىلدۈرىدۇ. كىتاب ئاخىرى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز - ئۆزىگە ئېيتقان «بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيا ئىشلىرى» ھەققىدىكى پىكىرلىرى بىلەن تۈگەيدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ھەم ئېيتىمىزكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ مەسىلىدە ئىسلاھات، مۇرەسسە يولىنى تۇتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشاۋاتقان فېئودال ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتى، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوفىزىم تەسىرىنىڭ چوڭقۇر ۋە كەڭلىكى، نادانلىق ۋە جاھالەت ھاۋاسىنىڭ نوپۇزلىقىدىن بولسا كېرەك. شۇنداقتىمۇ ئىسلام دۇنيا - سىنىڭ ئۇلغار قاتلىمى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن تەركى دۇنياچىلىقتىن قول ئۈزۈش چاقىرىقلىرىغا ئوخشاش ئادەتتىكى دەۋەت ۋەز - نەسىھەت بىلەنلا ئەمەس، خېلى ئېنىق پاكىت پەلسەپىۋى مۇنازىرىلەر ئارقىلىق «تەركى دۇنياچىلىق» نىڭ نەقەدەر خاتا، زىيان - لىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلىدۇ. ھەتتا زاھىتلارغا نىسبەتەن شۇنچىلىك جىددى مۇناسىۋەتتە بولۇۋىدىكى، كۈن تۇغدى ئىلىگ، ئۆدغۇرمىشلار تىلىدىن تەركى دۇنيا - چىلىق يولىغا ماڭغان سوپى، زاھىت، تەرىقەتچىلەرنىڭ ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش يولى، دۇنيا ئىشلىرى بىلىملىرىدىن قىلچە خەۋىرى يوق، نادان، جاھىل كۈچلەر ئىكەنلىكىنى قاتتىق پاش قىلىدۇ. ئەقەللىي جەمئىيەتتىكى ئاددى دېھقان، ھۈنەرۋەن، ئەمگەك ئەھلى بىلەنمۇ قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشنى ئۆگىتىدۇ. بۇ، ئۆدغۇرمىش تىپىدىكى كىشىلەرنى جەمئىيەت ئۈستىدىكى يۈك، تىرىك تاپ كىشىلەر دېگەنلىكتۇر. «ئۈزۈك ئالدىڭ ئەمدى زاھىت ئېتىمنى، بالا ئىچرە سالدى بۇ تائەت سېنى» دەپ يېزىلغان 3229 - بېيىت - بۇ پىكىرنىڭ ئەمىلى دەلىلى.

ئويلىنىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە شۇكى، ئىسلام دىنى ئەقىدىسىدە «ھالال ئەمگەك بەندىنى خۇداغا يېقىنلاشتۇرىدۇ» دېگەن چۈشەنچە بار. بۇ ئەلۋەتتە ئىجتىمائى تۇرمۇشتا رىئال ئەھمىيەتكە ئىگە. يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنيانىڭ ئىشلىرى بىلەن ھالال ئەمگەكتىن قول ئۈزۈپ، تەركى دۇنيالىق يولىغا ماڭغۇچىلارنىڭ سانى كۆپەيگەنسېرى ئۇنىڭ زىيانلىق ئاقىۋەتكە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدىن ئالدىن بىشارەت يېزىپ، ئۆدغۇرمىشنى تەركى دۇنياچىلىق يولىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئامالىغا ھەركەت قىلىدۇ، لېكىن، نەتىجە بەرمەيدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» يېزىلىپ دەل ئەللىك يىل ئۆتكەندىن (1125 - يىللىرى) قارا خانىلار جەمئىيىتى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ قارا قىتانلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلىنىدۇ. تارىخنىڭ بۇ كەلمىشىنى ئۆتكۈر كۆزلۈك خاس ھاجىپ ئالدىن كۆرەلىگەن ئىدى. يىغىپ ئېيتقاندا سەلجۇقىلار، غەزنەۋىلەر، خارەزىمشاھلارنىڭ ھالاكەتكە يۈز تۇتقىنى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا 180 يىلدەك ھۆكۈم سۈرگەن تومۇرىلەر ۋە ئۇلار ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان ئۇلۇغبەگدەك ئىلىم مەرىپەت ھامىيلىرىنىڭ سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپ خانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇلىشىنى، شەيخ ئەھمەتتەك جاھان كەشتى دەرۋىش، تەركى دۇنياچىلارنىڭ چېكەت - كىدەك پىتراپ كەتكەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شىنجاڭدىمۇ دەل شۇنداق بىر تارىخ يەنى بىر يۈز يەتمىش يىل ھۆكۈم سۈرگەن سەئىدىيە - يەركەن خانلىقى خوجا ئەخمەت كاسانىنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن بولغان تەسەۋۋۇپچى خوجا ئاپپاق تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، جۇڭغار ئاق سۆڭەكلىرىگە تۇتۇپ بەرگەنلىكى تارىخ بېتىدە يېزىلغان. يۈسۈپ

www.uyghurkitap.com

خاس ھاجىپ مىڭ يىللار بۇرۇنلا زاھىت (ئەركىن دۇنياچى) لىقنىڭ ئېغىر ئاقىۋەتلىرىنى ئالدىن كۆرگەن ئىدى.

× × ×

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دانالىقىدا كامالغا يەتكەن ئەقىل - پاراسىتى، پايانسىز دېڭىزدەك كەڭ بىلىمى، ھېكمەت ۋە پەلسەپىگە تولغان كۆكرەك سېنەسى، توغرا ۋە ھەققانىيلىقتا ۋايىغا يەتكەن ئۆتكۈر بەدىئىي تىلى كىشىنى قايىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەر قايسى جەھەتلەردىن ئالغا سۈرگەن تەشەببۇس ۋە كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىي شارا - ئىتى بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلغاندا غايەت زور ئىلغارلىققا ئىگە، ھەتتا بەزى كۆز قاراشلىرى زامان ئۆچۈن دايىملىق ئەھمىيەتكە ئىگە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادەتتە بىر تەقۋادار مۇسۇلمان، ئىسلام ئۆلىماسى، جامائەت ئەربابى ۋە شائىر بولۇشى بولسا، شۇنچىۋالا جەمئىيەت بىلىملىرىنى قانداق قىلىپ ئۆگىنىپ بولالىغان، مەيلى خان، لەشكەر بېشى، مەيلى بەگ، ئەمەلدار مەيلى كاتىپ، غەزنىچى، جەڭچى، دېھقاندىن چارۋىچىغىچە، سودىگەردىن ھۈنەرۋەنگىچە بولغان جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەسىگە كىرىپ ئۇلارنىڭ پىكىر ھېسسىيات، ئارزۇ تەلەپ، تۇرمۇش - ئۆرپ ئادەت، پسىخو - لوگىيەسىنى قانداق ئۆگىنىپ بولالىغان؟ دېگەن چۈشەنچىگە كەلتۈرىدۇ. بولۇپمۇ، ئۇ ئېلىگىرى ھاكىم، ئەمەلدار، قوماندان، جەڭچى بولغانمۇ؟ دېگەن ئويغا سالىدۇ. ئۇ، كەل - گۈسىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھايات يولى، ئىجادىيەت جەريانى، تەرجىمە ھال تەزكىر - سى ئۈستىدە، ئىزدىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىزاھاتلار؛

① تەبىئى ھازىق - ئوتتۇرا ئەسىر تىبابەت ئىلمىدە نەزىرىيە ۋە ئەمەلىيەتكە ئەڭ ماھىر، ھەممىنى بىلەرمەن ئۇستا تېۋىپلەرگە بېرىلگەن ئىنۋان،

② ئەبۇ نەسىر فارابى «شېئىر كىتابى» رىسالىسى.

③ جۇڭگونىڭ قەدىمقى كىلاسسىك ئەسىرى «روھنىڭ يوقۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا» فەن جىن «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 84 - يىل 3 - سان.

④ «ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن» نىڭ سارائ دەرۋىش بىلەن ئۇ دۇنيادىكى سۆھبىتى» پارسچەدىن تەرجىمە، قولىيازما.

⑤ «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى» 1979 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 319 - بەت.

⑥ سامانىلار - 844 - يىللىرى ئىسمائىل بىننى ئەخمەت بىننى مەسئوت بىننى سامان ناملىق كىشى تەرىپىدىن قۇرۇلغان سۇلالە بولۇپ 1008 - يىللىرى قارا خانىلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان.

⑦ خەلق ئارىسىدا جۇنەيدىلباغدادى يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلارغا كېلىپ ۋاپات بولغان دېگەن ئەپسانە - رىۋايەت بار. ھەتتا «غېرىپ - سەنەم» خەلق داستانىدىمۇ «ئۇ پەقىر - مىسكىنلەرنىڭ ھامىيسى» قىلىپ كۆرسىتىلگەن. «غېرىپ - سەنەم» قولىيازما، 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىقى يېرىمىدا كۆچۈرۈلگەن.

⑧ قەشقەر شەھرىنىڭ شەرقى جەنۇبى قىسمىدىكى پايناپ يېزىسىدا خەلق ئىخلاس قىلىدىغان مازىرى بار (ئۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىغا يېقىن)

⑨ شائىر ئابدىرېھىم نىزارىنىڭ كۆرسىتىشىچە ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ قايراق يېزىسىدا ئۇنىڭ مازىرى بار.

⑩ ئادىكىرىم قۇشەيرىنىڭ «رىسالەئى قوشەيرىيە» دىن ئېلىندى.

# فارابىنىڭ ئىستېتىك قاراشلىرى ھەققىدە

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

70 - يىللاردىن بېرى ئوتتۇرا ئەسىر ناتۇرال پانتېئىزمىنىڭ ئاساسچىسى ئەبۇنەسىر فارابىنىڭ (870 — 950 - يىللار) باي ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىلمىي مىراسلىرى ئۈستىدە خەلقارادىكى يېڭى تەتقىقات قىزغىنلىقى باشلىنىپ كەتتى. ھەر خىل تىللاردا نەشر قىلىنغان فارابى ئەسەرلىرى بىلەن فارابى تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان مونوگرافىيە ۋە ئىلمىي ماقالىلار زور كاتتۇلۇك ھاسىل قىلدى.

ئەپسۇسكى، ئوتتۇرا ئەسىر شەرقىدە ئۆزىگە خاس تەلىمات ياراتقان ۋە «قەدىمنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى»① ئارىستوتېلدىن كېيىنكى «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ شۆھرەت قازانغان فارابىنىڭ ئىستېتىك قاراشلىرى بىر پۈتۈن خاس تېما سۈپىتىدە يېتەرلىك مۇلاھىزە قىلىنغىنى يوق. ۋاھالەنكى، فارابىنىڭ ئىستېتىك قاراشلىرى يالغۇز ئۇنىڭ مۇزىكاشۇناسلىق ۋە شېئىرىيەت توغرىسىدىكى ئىلمىي مىراسلىرى ئىچىدىلا ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى، بىلىش نەزەرىيىسى ۋە غايىۋى كەلگۈسى جەمئىيەت توغرىسىدىكى پۈتكۈل تەلىماتلار سىستېمىسىدا ئىزچىل ئىپادىلەنگەن قىممەتلىك بىر جەۋھەر.

## 1

### سەنئەت - بىر خىل تەپەككۇر شەكلى ئىكەنلىكى توغرىسىدا

فارابى سەنئەتنى تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ بىرى. تەپەككۇرنى بولسا ئىنساننىڭ باشقا جانلىق تەبىئەت ۋە ھايۋاندىن پەرقلىنىدىغان بەلگىسى دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «شەرھ كىتاب ئىساغوجى لى فارفىرىيوس» (فارفىرىنىڭ ئىساگوگى ناملىق كىتاۋىغا يېشىم) ناملىق ئەسىرىدە ئىنساننىڭ مىنېراللار، ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋانلاردىن كېيىنكى تەبىئەت مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ: «ھايۋان ئۈچۈن سەزگۈ ئاتالغۇسى ئۇنىڭ ئېنىقلىمىسىنىڭ ئاخىرقى قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھايۋان ئوزۇقلىنىدىغان ۋە سېزىدىغان جىسىمدۇر»، «شۇنداق قىلىپ بىز جاۋاپ تاپتۇقكى، ئىنسان - ئوزۇقلىنىدىغان، سەزگۈ ۋە ئەقىلگە ئىگە جىسىمدۇر. بۇ جاۋاپ ئىنسانغا مۇۋاپىق ھەم ئۇنىڭغا تەگداش قىممەتكە ئىگە چۈشەنچىدىن ئىبارەت»② دەپ يازىدۇ. فارابى «فۇسۇسۇل ھىكمە» (ھىكمەت مەنىلىرى) ناملىق ئەسىرىدە: ئىنسان نۇتۇق ۋە تەپەككۇر شاراپىتىدىن ھايۋاندىن پەرقلىنىدۇ، «ئىنسان ئېقىل ۋە

www.uyghurkitap.com

سەزگۈ ۋاستىسى بىلەن بىلىم ھاسىل قىلىدۇ. سەزگۈلەر ياردىمى بىلەن ھېسسىي ئوبرازلارنى بىلىۋالىدۇ، ھېسسىي ئوبرازلار ياردىمى بىلەن تەپەككۇر ئوبراز (مەقۇلات) لەرنى ھاسىل قىلىدۇ» ③ دەپ كۆرسىتىدۇ. فارابى ئىنساننىڭ بىلىش خاراكتېرىدىكى مەنىۋى ئەقىدارىنى تۇغما، تەبىئىي ئىقتىدار دەپ ئىزاھلاش بىلەن بىللە بىلىش جەريانلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە بىلىشتىن ھاسىل بولغان بىلىمنى ئېرىشكەن نەتىجە دەپ چۈشەندۈرگەن.

فارابى بىلىش جەريانلىرىنى ھېسسىي بىلىشتىن ئەقلى تەپەككۇرگىچە بولغان ئىككى ئاساسىي باسقۇچقا ئاجراتقان. ئۇ «ھېكمەت مەنىلىرى» ۋە «كىتاب ئەرە ئەھلۇل مەدىنەتول فەزىلە» (پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى ئاراشلىرى ھەققىدە) ناملىق ئەسەرلىرىدە تاشقى سەزگۈ ئىقتىدارلىرى بىلەن ئىچكى روھى ئىقتىدارلار توغرىسىدا كەڭ توختالغان. ئۇ، بۇ ئەسىرىنىڭ «ئىنسان روھىنىڭ بۆلەكلىرى ۋە ئىقتىدارلىرى» ناملىق بابىدا: ئىنساندا ئۇنىڭ دەسلەپكى ۋۇجۇتقا كېلىشى بىلەنلا ئوزۇقلاندۇرغۇچى قۇۋۋەت پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ ياردىمىدە ئىنسان ئوزۇقلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سەزگۈ ئارقىلىق سېزىش ئىقتىدارلىرى پەيدا بولىدۇ»، «ئۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق ئىقتىدار ۋۇجۇتقا كېلىدۇكى، ئۇ سېزىلىۋاتقان نەرسىگە نىسبەتەن ئىنساننى ياكى جەلپ قىلىدۇ ياكى يىراقلاشتۇرۇپ، ئىنساندا مايىللىق ياكى نەپرەت، قىزىقىش ياكى يىرگىنىش تۇغدۇرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق ئىقتىدار پەيدا بولىدۇكى، ئۇنىڭ ياردىمىدە ئىنسان ئىلگىرى سېزىۋالغان ۋە ھازىر ئۆز پائالىيىتىدىن تاشقىرىدا بولۇۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ئوبرازلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. بۇ خاتىرە ئىقتىدارىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن زاھىر بولۇپ تۇرغان سەزگۈلەر ئۆز ئىزىدىن غايىپ بولىدۇ. مانا بۇ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىدۇر.... ئەڭ ئاخىرىدا ئىنساندا تەپەككۇر ئىقتىدارى يۈز بېرىدۇ، ئۇنىڭ ياردىمىدە ئىنسان ئۆز ئوبيېكتلىرىگە نىسبەتەن ئەقلىي چۈشەنچىگە ئېرىشىپ، گۈزەللىك بىلەن خۇنۈكلۈكنى پەرقلەندۈرۈپ، سەنئەت ۋە پەن توغرىسىدىكى بىلىملەرگە ئىگە بولىدۇ» ④ دەپ بايان قىلىدۇ.

فارابىنىڭ ئىستېتىك قاراشلىرىدا خاتىرە ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ بىلىش جەريانىدىكى ئورنى ۋە رولى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ خاتىرە بىلەن تەسەۋۋۇرنى ھېسسىي بىلىش باسقۇچىدىكى ئىقتىدار ۋە بىلىش ئامىلى، ئۇنى ئەقلى بىلىشكە ئۆتۈشنىڭ شەرتى ۋە كۆۋرۈكى دەپ ھېساپلىغان. ئۇ، «ھېكمەت مەنىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ خىل ئىچكى روھى ئىقتىدارلار ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇلار شەيئىلەردىن ئېلىنغان ئوبرازلارنى بىلىقچىنىڭ تورىدەك تۇتىۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىقتىدار ئوبرازنى ساقلاپ قالىدىغان ئىقتىدار دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قۇۋۋەت مېڭىنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا جايلاشقان، ھېس قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئوبرازلىرى ئۇنىڭدا سەزگۈ ئىقتىدارلىرىسىزمۇ ساقلانغان بولىدۇ» ⑤ دەپ يازغان.

فارابى ئۆزىنىڭ «كىتابۇ شېئىر» (شېئىرىيەت ھەققىدە) ناملىق ئەسىرىدە تەسەۋۋۇرنى بىۋاستە تەسەۋۋۇر ۋە ۋاستىلىق تەسەۋۋۇر دەپ ئىككى تۈرگە ئاجرىتىدۇ ۋە مۇنداق

دېدۇ: «ھەر بىر نەرسە بىرەر نەرسىگە بىۋاستە ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ نەرسە تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. ياكى بولمىسا بىر ياكى ئىككى نەرسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. بۇ ئوخشىتىلغان نەرسىگە بىلدۈرۈلگەن مۇلاھىزىگە كۆرە شۇنداق بولىدۇ»⑥. فارابى نەرسىنىڭ ئەسلىگە يېراق بولغان نەرسە ئارقىلىق تەسەۋۋۇر ۋە ئوخشىتىش ئويۇشتۇرۇشنى ئالاھىدە ماھارەت ھېساپلىغان.

فارابى تەسەۋۋۇرنىمۇ تەقلىدى خاراكتېرلىك تەسەۋۋۇر ۋە ئىجادى خاراكتېرلىك تەسەۋۋۇر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ بىۋاستە تەسەۋۋۇر ۋە ۋاستىلىق تەسەۋۋۇر ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزىرىنىڭ داۋامىنى تەشكىل قىلغان. ئۇ يۇقۇرقى ئەسىرىدە تەقلىدى خاراكتېرلىك تەسەۋۋۇرنى «شەيئىلەرنى شۇ شەيئىنىڭ ئۆزىدە تەسەۋۋۇر قىلىش» دەپ كۆرسەتسە، ئىجادىي خاراكتېرلىك تۇشما تەسەۋۋۇرنى بولسا، «بىر خىل شەيئىلەرنى باشقا بىر خىل شەيئىدە تەسەۋۋۇر ئېلىش»⑦ دەپ كۆرسىتىدۇ.

فارابى كىشىدە تەسەۋۋۇر ئۆيغىتىدىغان ۋە ئۇنىڭ سۈپەت خۇسۇسىيەتلىرىنى بەلگىلەيدىغان سەۋەپلەر جۈملىسىگە ئىلگىرىكى تەسىرات خاتىرىلىرىنىڭ قوزغىلىشىنى، تەسەۋۋۇر قىلغۇچىنىڭ ئەندىشىسى ۋە بىلىم دەرىجىسىنى كىرگۈزگەن. ئۇ يۇقۇرقى ئەسىرىدە: «ئەگەر كىشى بىرەر نەرسىگە نەزەر سالسا، بۇ نەرسە ئۇنىڭ خوش كۆرمەيدىغان نەرسىسىگە ئوخشاپ كەتسە، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ياقتۇرماسلىق ھېسسىياتى پەيدا بولىدۇ... ۋاھالەنكى، بۇ نەرسە ئەسلىدە ئۇ تەسەۋۋۇر ئېلىغاندەك يامان نەرسە بولماسلىقى مۇمكىن... بۇلار تولا ھاللاردا ئىنسانىنىڭ خىياللىرىغا باغلىق بولىدۇ. بۇلار ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بىلىم ياكى ئەندىشىسىگە باغلىق بولىدۇ»⑧ دەيدۇ.

فارابى تەسەۋۋۇرنىڭ بىلىشتىكى ئورنى ۋە پەن، سەنئەت، رىتورىكا (ناتىقشۇناسلىق) ۋە سوفىستىكا (سەپسەتە) دىكى رولى ھەققىدىمۇ توختالغان. فارابىنىڭ قارىشىچە ھېسسى بىلىش ئىققىدارى ھېساپلانغان تەسەۋۋۇر، ھەقىقەتنى بىلىش جەريانىدىكى مۇھىم بىر ئامىل. بىراق، تەسەۋۋۇرنىڭ نوقۇل ئۆزىلا ئەقلىي بىلىش سالاھىتىگە، ھەقىقىلىق قىممىتىگە ئىگە ئەمەس. تەسەۋۋۇرسىز پەن، سەنئەت، رىتورىكا ئىلىملىرىنىڭ، ھەتتا ھەقىقەتنى سۈيئى ئىستىمال قىلىدىغان سەپسەتەۋازلىقنىڭمۇ ئىش ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئۆزىنىڭ «رىسالەفى قانۇن سىنائەت ئەششېئر» (شېئىرىيەت سەنئىتى قانۇنلىرى توغرىسىدىكى رىسالە) ناملىق ئەسىرىدە سوفىست بىلەن سەنئەتچىنىڭ (تەقلىدچىنىڭ) پەرقى ئۈستىدە مۇنداق دەيدۇ: «سوفىست بىلەن تەقلىدچىنىڭ مەقسىدى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. سوفىست ئاڭلىغۇچىلارنى غەپلەتكە ئۈندەپ، ھەقىقەتكە توغرا كەلمەيدىغان نۇقسانلىق نەرسىلەرنى تەسەۋۋۇر ئېلىدۇرىدۇ. ئۇ ھەتتا يوقنى بار، بارنى يوق دەپ تەسەۋۋۇر قىلدۇرىدۇ.

ئەمما تەقلىدچى شەيئىلەر تەسەۋۋۇرىنىڭ ئەكسىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان تەسەۋۋۇرنى شەكىللەندۈرىدۇ»⑨. فارابى بۇ يەردە يېڭى پلاتونىزىم، ئىسلام كالامىزىمى بىلەن خىرىستىيان ئىلاھىيەتچىلىرى تەرغىپ ئېلىغان «ھېس-تۇيغۇ ۋە تەسەۋۋۇر ئادى-

شىش ۋە گۇنانىڭ يىلتىزى» دېگەن ئېقىدىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە رىسالىسىدىكى سەنئەتنىڭ قانۇنى ئورنىغا ھامىلىق قىلىدۇ. ئۇ «شېئىرىيەت ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدە: «ئىسپاتلاشتا ئىلىم، تۇپىكىدا (مۇنازىرە، سەنئەتتە) ئىككىلەندۇرۇش، رىتورىكىدا (ناتىقشۇناسلىقتا) ئىشەندۇرۇش قانچىلىك ئەھمىيەتلىك بولسا، شېئىرىيەتتە تەسەۋۋۇر شۇنداق زۆرۈر بولىدۇ»⑩، دېسە، «شېئىرىيەت سەنئىتى قانۇنلىرى توغرىسىدىكى رىسالە» ناملىق ئەسىرىدە: «ئوخشىتىش شېئىرىيەت سەنئىتىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدىن روشەنكى، شېئىردىي مۇھاكىمە ئوخشىتىشتىن دېمەكتۇر»⑪ دەيدۇ.

× × ×

فارابى تەسەۋۋۇر مەسىلىسىنى ئوبراز مەسىلىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلغان. ئۇنىڭ پىكرىچە تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى پەقەت ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەنلا تەسەۋۋۇر خىياللىرىنى ھاسىل قىلالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوبراز بولماي تۇرۇپ تەسەۋۋۇرنى قىياس قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

فارابى يەنە ئوبراز ۋە ئۇنىڭدىن تەركىب تاپقان تەسەۋۋۇرنى تاشقى ئالەمدىكى نەرسە ۋە ھادىسىلەرنىڭ كىشىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر قىلىشى ئاساسىدا چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ «ھېكمەت مەنبەلىرى» ناملىق ئەسىرىدە: «كۆز — ئەينەكتۇر، ئۇندا شەيئىلەرنىڭ ئوبرازلىرى ئەكس ئېتىدۇ... قۇلاق ئۆزگۈرۈپ تۇرىدىغان... ھاۋا دولقۇنلىرىدىكى ئاۋۇشنى ئالالايدۇ. قۇلاق سېزىمى... تاشقى تەسىرلىنىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان ئۆزگۈرۈشنى سېزىشتۇر»⑫ دەيدۇ، شۇنىڭدەك ئۇ، بىلىش جەريانلىرىنىڭ داۋاملىق راۋاجلىنىشى مەسىلىسىنىمۇ تاشقى ئالەمدىكى بىلىش ئوبيېكتلىرىنىڭ مەۋجۇتلىقى ئاساسىدا ئىزاھلايدۇ. «شەرھ كىتاب ئەلمە قۇلاتىل ئارىستوتالىس ئەلەجمەھتۇت تەئلىق» (ئارىستوتېلنىڭ كاتېگورىيە ناملىق كىتاۋىغا يېشىم) ناملىق ئەسىرىدە: «سېزىلگۈچى نەرسە سەزگۈلەردىن بۇرۇن مەۋجۇت بولغىنىغا ئوخشاش، بىلىنگۈچى نەرسىلەرمۇ بىلىمدىن ئىلگىرى مەۋجۇتتۇر»⑬ دەپ تەكىتلەيدۇ.

فارابى يەنە «ئەل ماسا ئىلئۇل فەلسەفىيە ۋە لجاۋابە ئەنھا» (پەلسەپىلىك سوئاللار ۋە ئۇلارنىڭ جاۋاپلىرى) ناملىق رىسالىسىدا ئوبرازلارنىڭ ھاسىل بولۇشى ھەققىدە مۇنداق تېممەتلىك مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بارىدۇ: «شەيئىلەردىن ئوبرازلارنىڭ پەيدا بولۇش يوللىرى 3 خىل بولىدۇ؛ بىرىنچىسى، شەيئىلەر ئوبرازلىرىنىڭ سەزگۈدە پەيدا بولۇشى، ئىككىنچىسى، تەپەككۇردە پەيدا بولۇش، ئۈچىنچىسى، شەيئى (بۇيۇم) دا پەيدا بولۇشتىن ئىبارەت. ئوبرازنىڭ شەيئىدە ئىپادىلىنىشىگە كەلگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بىر بىرەر شەيئى ياكى جىسىمنىڭ ئىككىنچىسىگە تەسىر قىلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ بىرەر جىسىمنىڭ ئىككىنچى بىر جىسىم ئالامەتلىرى ياكى ئوبرازىنى قوبۇل قىلىۋېلىشىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، تۆمۈر ئوتقا يېقىنلاشقاندا ئۇ ئوت ئوبرازىنى قوبۇل ئىلىپ قىزىرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا قوبۇل قىلغۇچى تەسىر كۆرسەتكۈچىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

شەيئىلەر ئوبرازلىرىنىڭ سەزگۈدە ئىپادىلىنىشىگە كەلگەندە شۇنى دېيىش كېرەككى، بۇ شەيئىلەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر ئىلماي پەيدا بولمايدۇ. ئوبرازلارنىڭ مۇنداق ئىپادىلىنىشىمۇ شەيئىلەر ھالىتىگە ئالاقىدار بولۇپ، ئۇنىڭ ماددىسىغا تەسىر قىلىشى نەتىجىسىدە يۈز بېرىدۇ. شەيئىلەر ئوبرازلىرىنىڭ ئېقىلدا ۋۇجۇتقا كېلىشى توغرىسىدا شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئېقىلدىن تاشقىرىدا تۇرغان نەرسىنىڭ ئوبرازى شۇ نەرسىنىڭ ھالىتى ۋە ماددىسىغا باغلىق بولمىغان ھالدا مۇستەقىل رەۋىشتە ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. دېمەك، ئوبيېكت ئۆزگە ئېگىشلىك بولغان ھەممە نەرسىدىن مەۋھۇملەشكەن ھالدا ئوبراز شەكلىدە ھاسىل بولىدۇ. ئومۇمەن سەزگۈدە پەيدا بولغان ئوبرازلار غۇۋا، نائېنىق بولۇپ، مۇئەييەن جىسىملارنىڭ كۆلەڭگۈسىدىن ئىبارەت بولىدۇ»[14].

فارابىنىڭ قارىشىچە مەۋھۇملەشكەن (خىياللاشقان) ئوبراز شۇ شەيئىنى بىلىش جەريانىنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، «بۇنىڭدا ماھىيەت شۇ شەكىلدىن ئايرىمچە ئەمەس، بەلكى شۇ شەكىل ماھىيەتنىڭ ئۆزىدىن ئىبارەت بولىدۇ»[15].

فارابى ئوبراز چۈشەنچىسىنى سەگەك (ئويغاق) ۋاقىتلاردىكى ۋە چۈش كۆرۈشتىكى ئوبرازلارغىچە مۇھاكىمە قىلغان. ئۇ «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى قاراشلىرى ھەققىدە» ناملىق شاھ ئەسىرىنىڭ «چۈش كۆرۈشنىڭ سەۋەپلىرى» ناملىق بابىدا بۇ ھەقتە توختىلىپ، چۈشتىكى كۆرۈنىشلەرنى خاتىرە ۋە تەسەۋۋۇر ئوبرازلىرىنىڭ تەپەككۇرسىز، ئويقۇلۇق ھالەتتىكى تەسادىپى غىل - پال كۆرۈنىشى سۈپىتىدە ئىزاھلايدۇ.

فارابى ئوبرازلارنىڭ بىلىش ۋە تەسەۋۋۇر قوزغىتىش ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىش رولىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇ «شېئىرىيەت ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدە ئوبرازنىڭ تەسەۋۋۇر قوزغاش ۋە پائالىيەتكە تەسىر ئىلىشتىن ئىبارەت بىۋاستە قىممىتىنى: «خىيالغا كەلگەن سۆزلەردىن كۈتۈلىدىغان مەقسەت ئاڭلىغۇچىنى ئۇنىڭ خىيالىغا كەلگەن نەرسىنى ئىلىشقا ئۈندەشتىن ئىبارەت»[16] دەپ ئىخچاملىغان.

فارابىنىڭ «ئېقىل كىتاۋىنىڭ مۇقەددىمىسىگە يېشىم» ناملىق ئەسىرىدە سەزگۈ بىلەن تەپەككۇردە پەيدا بولغان ئوبرازلارنىڭ ئوبيېكتىپ جىسىملىق سۈپەتلىرى تەكىتلەنگەن. ئۇ: «جىسىملار سېزىلىدىغان ۋە ئېقىلدا تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغان جىسىملارغا بۆلىنىدۇ. بىراق ئەقلى تەسەۋۋۇر ئىلىنىدىغان جىسىملارنىڭ ئۆزىنى تەپەككۇر قىلىشى مۇمكىن، سېزىلىدىغان جىسىملارنى بولسا، باشقا ئالامەتلىرى ئارقىلىق ھېس قىلىدۇ.... ئېقىلدا تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغان نەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ ئالامەتلىرى بولغان ياكى بۇ ئالامەتلەر بولمىغان ئالاھىدە ھالدىمۇ تەپەككۇر قىلىش مۇمكىن. ماتېماتىكلارنىڭ ئەسەرلىرىدە تويۇملارنىڭ ھەممىسى بۇ خىل ئالامەتلەرسىز، ئۇلاردىن مەۋھۇملەشتۈرۈلۈپ ۋە ئاجرىتىلىپ تەپەككۇر قىلىنىدۇ»[17]. بۇ يەردە فارابى «سەزگۈدىكى جىسىم» ۋە «تەپەككۇردىكى جىسىم»، «سەزگۈدىكى ئوبراز» ۋە «تەپەككۇردىكى ئوبراز» مەسىلىلىرىنى تىلغا ئالغان. فارابى «سەزگۈدىكى ھىسسى ئوبرازلار تەپەككۇردىكى ئوبرازلارغا راۋاجلىنىدۇ، تەپەككۇر ئوبرازلىرى ھىسسى ئوب-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

رازلارغا تايىنىدۇ، بۇ بىلىشنىڭ ھادىسىدىن ماھىيەتكە، ئاكسىدېنتاتسىيىدىن سۇبستانسىيىگە⑱ ئۆتۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، دەپ قارىغان.

فارابى تەپەككۇر شەكىللىرىنى «كاتېگورىيىلىك» ۋە «غەيرى كاتېگورىيىلىك» تەپەككۇردىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە، مۇلاھىزىلەرنى «ئىستىقرا» (ئىندۇكسىيەلىك) ۋە «تەمسىلى» مۇلاھىزىلەرگە ئاجراتقان. ئۇ «شېئىرى مۇھاكىمە»، «ئوخشىتىشلىق مۇھاكىمە»، ھەتتا «كېيىنكى سىللوگىزىم» ئاتالغۇلىرىنى ئىشلەتكەن⑲. بۇ مەنتىقى تەپەككۇر ۋە ئوبرازلىق (ئوخشىتىشلىق) تەپەككۇر شەكىللىرىنى ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە پەرقلەندۈرۈش يولىدا بېسىلغان مۇھىم قەدەم ئىدى.

فارابى ئوبرازلىق مۇلاھىزىلەر ئۈستىدە توختالغاندا ئۇنىڭ ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىگىمۇ نەزەر تاشلىغان. ئۇ «شېئىرىيەت ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدە: «بۇ خىل مۇلاھىزىلەر بەزىدە شۇ نەرسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسىلەردىن تۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. بەزىدە ئۇ بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزىدىن، ياكى ئۇ نەرسىلەرگە ئوخشايدىغان نەرسىلەردىن تۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن»، «ئەسلىگە يېقىن بولغان نەرسىلەرگە تەقلىد قىلىشتىن كۆرە، ئەسلىدىن يىراق بولغان نەرسىلەرگە قىلىنغان تەقلىد... تەقلىد بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئارىسىدا ئەڭ لاياقەتلىك... بولۇپ، مۇنداق كىشى شۇ سەنئەت ئەھلىگە تولىمۇ مۇناسىپ بولىدۇ»⑳ دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە تىپىكلەشتۈرۈش كاتېگورىيىسىنىڭ ساددا ئۇندۇرمىسى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

## 2

## سەنئەتنىڭ ئاساسى خۇسۇسىيىتى تەقلىد ئىكەنلىكى توغرىسىدا

مەلۇمكى تەقلىد نەزەرىيىسى قەدىمقى زاماننىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ سەنئەتنى سەنئەتچىنىڭ رېيال ھادىسىلەرگە تەقلىد قىلىشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن دېگەن ساددا رېيالىستىك كۆز قاراش ۋەكىللىك قىلاتتى. دېموكرىت (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 460—370 - يىللار) بولۇپمۇ ئارىستوتېل «سەنئەتنىڭ ھەقىقى مەنبىئى ۋە كۈچى تەقلىد قىلىش» دەپ ئىزاھلاشقان ئىدى. ئارىستوتېل پلاتوننىڭ سەنئەت «ئىدىيال چۈشەنچە» لەرنىڭ شولىسى ۋە ئىلاھى روھقا قىلىنغان تەقلىد دەيدىغان ئىدىيالىستىك تەقلىدچىلىك كۆز قارىشىغا قارشى ئۆزىنىڭ ماتېرىيالىستىك ئېستېتىك كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. فارابى ئارىستوتېلدىن كېيىن ئۈستۈنلىككە ئىگە بولغان يېڭى پلاتونىزىملىق سەنئەت نىگىلىزىمگە قارشى كۈرەش جەريانىدا ماتېرىيالىستىك تىندەنسىيىدىكى تەقلىد نەزەرىيىسىنى بايان قىلدى،

فارابى «شېئىرىيەت ھەققىدە» ناملىق رىسالىسىدا تەقلىدتىمۇ ياكى شەكىللەۋازلىقمۇ دېگەن تەلەپپۇزدا ئۆز مۇھاكىمىسىنى باشلايدۇ. ئۇ «بىز شېئىرىيەتتىن خەۋەردار بولغان

كۆپچىلىك خەلقلەرگە قارىغاندا ئەرەبلەرنىڭ شېئىرىيەتتە بېيىت قاپىيىلىرىگە كۆپرەك ئېتىۋار بېرىدىغانلىقىنى كۆرىمىز ...... بېيىتلاردىكى سۆزلەردىن چۈشۈنىلىدىغان مەنىلەر شۇ سۆزدە ئىپادىلىنىۋاتقان نەرسە ۋە ھادىسىگە تەقلىت قىلىنغان بولۇشى لازىم» ㉑ دەيدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «كۆپچىلىك شائىرلارنىڭ چۈشەنچىسىچە، سۆزلەر مەلۇم تەرتىپتىكى بۆلەكلەرگە. ئۇلار مۇئەييەن تەڭداش ۋەزنلەرگە ئىگە بولۇشى لازىم دېيىلىدۇ. ئۇلار بۇ شېئىرلار بىرەر نەرسىگە تەقلىت قىلىپ توقۇلغانمۇ يوقمۇ دېگەن مەسىلىگە ئېتىۋار قىلىشمايدۇ»، «شېئىر بىرەر نەرسىگە تەقلىت قىلىنغان سۆزلەردىن تەشكىل قىلىنىشى كېرەك» ㉒ دەپ كۆرسىتىدۇ. فارابىنىڭ سەنئەتنىڭ رېئاللىقتىكى ئىش ھەرىكەتكە تەقلىت قىلىنىشى توغرىسىدىكى بۇ كۆز قارىشىنىڭ ئەينى زاماندىكى جەڭگىۋار ئەھمىيىتى ۋە ئىستېتىك قىممىتى ئۆز ئۆزىدىن روشەن.

فارابى تەقلىت قىلىشنى ھەممە سەنئەت ژانىرلىرى ئۈچۈن ئورتاق خۇسۇسىيەت سۈپىتىدە ئىزاھلىغان. ئۇ «شېئىرىيەت قانۇنلىرى ھەققىدىكى رىسالە» ناملىق ئەسىرىدە: «بىز يەنە شۇنداق ھساپلايمىزكى بۇ، سەنئەت بىلەن نەققاشلىق-رەسساملىق سەنئىتى ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك باغلىنىش بولىدۇ. گەرچە بۇ ئىككىسىنىڭ سەنئەتتىكى ماتېرىياللىرى ھەر خىل بولسىمۇ، ئەمما شەكلى، ئىجادىيىتى ۋە مەقسەتلىرىدە ئوخشاشلىق بولىدۇ. شېئىرىيەت سەنئىتىنى بېزەيدىغان نەرسە سۆز-مۇلاھىزىلىرى بولسا، رەسساملىق سەنئىتىنى بېزەيدىغان نەرسە بوياقلار ھساپلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا شۇنداق پەرقلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئىنسان تەسەۋۋۇرى ۋە سەزگۈلىرىدە تەقلىت قىلىشتىن ئىبارەت بىر مەقسەتكە يۈزلەنگەن بولىدۇ» ㉓. دەپ يازىدۇ. فارابى بۇ ئىدىيىسىنى مۇنداق سۆز بىلەنمۇ ئىپادىلىگەن: «ئەمەلدە نىمە مەۋجۇت بولسا شائىر ئۇنى شۇڭا تەقلىت قىلىنغان سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ، بۇ خۇددى ھەيكەلتاراش ئۇنى ئۆز ھەيكەلتاراشلىقى بىلەن، ھايۋانات تەقلىتچىسى ئۇنى ئۆز ھەرىكىتى بىلەن، شاخمەتچى جەڭ پائالىيىتىنى قايتا ئىشلەپچىققانغا ئوخشايدۇ» ㉔.

فارابى: «نەرسىلەرگە تەقلىت قىلىش، ئىش ھەرىكەت بىلەن قىلىنىدىغان تەقلىت ۋە سۆز بىلەن قىلىنىدىغان تەقلىت» گە بۆلۈنىدۇ. «ئىش-ھەرىكەت بىلەن قىلىنىدىغان تەقلىتنىڭ ئىككى تۈرى بولىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى ئىنساننىڭ ئۆز قولى بىلەن بىرەر نەرسىگە ئوخشايدىغان شەكلىنى ياساپ ياكى بىرسىنىڭ ئىبرازىنى ئىشلەپ ئۇنى مۇئەييەن بىر كىشى ياكى نەرسىگە ئوخشاتماقچى بولىدۇ. بۇنىڭ يەنە بىرى بولسا، ئىنساننىڭ باشقا بىرەر كىشىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە ئوخشىغان ھەرىكەتتە بولۇشىدىن ئىبارەت»، «سۆز بىلەن قىلىنغان تەقلىت ئۇنىڭ شۇ سۆزدە ئىپادىلىنىۋاتقان بىرەرسىگە ئوخشۇتۇلغان سۆزلەردىن تۈزۈلگەن ياكى دېيىلگەن بولۇشىدۇر» ㉕.

فارابى تەقلىت نەزەرىيىسىنى چىنلىق ۋە مۇمكىنلىك ئاساسىدا چۈشەندۈرگەن. ئۇ «شېئىرىيەت ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدا: «پەقەت تەقلىت بولۇشىنىلا ئەمەس بەلكى ئۇلار

ئارقىلىق تەقلىت قىلىنىشى مۇمكىن بولغان نەرسىلەرنىمۇ» ㉖ سەنئەت تەقلىدىگە گەۋدىلەندۈرۈش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. فارابىچە بۇ هال «كامالەتلىك شائىر»، «تەپەككۇر قىلغۇچى شائىر»لار ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم تەقلىت تەلىۋى ئىدى.

× × ×

فارابى تەقلىت قىلىش ماھارىتىنى سەنئەتچىنىڭ ئىجادىيەت ئىستېداتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغان.

فارابى ئۆزىنىڭ «شېئىر سەنئىتى قانۇنلىرى توغرىسىدىكى رىسالە» ناملىق ئەسىرىدە بەدىئىي تالانت ھەققىدە: «ئەمدى بىز سىزگە ئېيتساق شائىرلار چىندىن تۇغما قابىلىيەتلىك ۋە شېئىر يېزىشقا تەييار تەبىئەتلىك بولىدۇ، ئۇلاردا ئوخشىتىش ۋە تەمسىللەش لاياقەتلىرى ياخشى ئىشلەيدۇ» ㉗ دەپ يازىدۇ.

فارابى بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى تۇغما قابىلىيەتنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇتلۇقىنى، ئۇنىڭ تەقلىت قىلىش ۋە ئوبراز يارىتىش ئارقىلىق قايتا ئىپادىلەشتە گەۋدىلىنىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىش بىلەنلا قانائەتلەنمەيدۇ، بەلكى، تۇغما قابىلىيەت ئەقلىي پائالىيەت بىلەن، بولۇپمۇ ئۆگىنىش ۋە بىلىم بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «لېكىن، بۇ خىلدىكى شائىرلار شېئىرىيەت سەنئىتىدىن يېتەرلىك خەۋەردار بولۇۋەرمەيدۇ. بەلكى ئۇلار تۇغما قابىلىيەتلىرىنىڭ سازلىقى بىلەنلا قانائەتلىنىدۇ. ئۇلار يېتەرلىك ھازىرلىقلار ئاساسىدا ئىش ئېلىپ بارمايدۇ. مۇنداق شائىرلار ھەقىقىي پىكىر يۈرگۈزگۈچى شائىرلار قاتارىغا كىرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلاردا شېئىرىيەت سەنئىتىنى ئىگەللەشكە لازىم بولغان كامالەت يېتىشمەيدۇ» ㉘.

فارابىنىڭ قارىشىچە «شائىرنىڭ ئەڭ ياخشىسى تۇغما قابىلىيەتلىك شائىر» ㉙ بولۇش ئاساسىدا «كامالەتلىك»، «پىكىر يۈرگۈزگۈچى»، «مۇلاھىزىكار» شائىردىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭچە «بۇ خىل شائىرلار ھەقىقەتەن قابىلىيەتلىك شائىر دەپ ئاتىلىشقا لايىق» بولىدۇ. ㉚

فارابى يۇقىرىدىكى ئىككى خىل شائىرلاردىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىگە تەقلىت قىلغۇچى ئۈچىنچى خىلدىكى شائىرلار ھەققىدە توختىلىپ، ئۇلارنى ئۆلۈك تەقلىت قىلغۇچى - يادلىغۇچى، «يولدىن ئاداشقۇچى ۋە تايغۇچى» شائىرلار دەپ كۆرسىتىدۇ. فارابى ئۆز مۇلاھىزىلىرىنى كېڭەيتىپ يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بەزەن شۇنداق ئەھۋاللارمۇ بولىدىكى، شېئىر سەنئىتىدە ئەڭ ئارقىدا قالغان شائىر يۇقىرى سەۋىيەلىك ئاجايىپ شېئىر يارىتىشى ھەتتا بۇ ساھەنىڭ داڭدارلىرىمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغان شېئىر يارىتالىشى مۇمكىن. بىراق، بەزىدە ئۇنىڭغا ئادەت ۋە تەسادىپنىڭ توغرا كېلىپ قېلىشى سەۋەپ بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇنداق ئادەم بۇ شېئىرى بىلەن مۇلاھىزىكار شائىر دېگەن نامغا ئىگە بولالمايدۇ».㉛

فارابى بەدىئىي ئىجادىيەتتە كامالەت ۋە ئۇنىڭ شەرتى ھەم ئۆلچەملىرى مەسىلىسى-



www.uyghurkitap.com

دىمۇ قىممەتلىك مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزگەن. ئۇ: «شائىرلارنىڭ شېئىرى ئىجادىيەتتىكى ئەھۋالى كامالەتكە يېتىشكەن ۋە يېتىشمىگەنلىكى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ياكى غايە ياكى ماۋزۇ (تېما) جەھەتتىن شۇنداق بولىدۇ» [32] دەيدۇ. فارابى غايە جەھەتتىكى شەرتلەر ئۈستىدە توختالغاندا ئەخلاقى ۋە روھى كەيپىيات جەھەتتىكى مەنىۋى ھالەتنىڭ سەنئەتچىگە كۆرسىتىدىغان ئىجابىي يۈكسەلدۈرۈش ياكى سەلبىي چۈشكۈنلەشتۈرۈش تەسىرىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ: ياكى شائىر مۇنداق سەلبىي روھىي ھالەتلەردىن «ئۈستىن كېلىدۇ ياكى بەزىدە ئۆزى ئۇنىڭغا مۇھتاج بولغانلىقى تۈپەيلىدىن چۈشكۈنلۈككە ئۇچراپ، پەسىيىپ كېتىدۇ» [33] دەپ كۆرسىتىدۇ. فارابى ماۋزۇ جەھەتتىكى شەرتلەر ئۈستىدە توختالغاندا ماۋزۇ كاتېگورىيىسىنىڭ ئۆزەگى سۈپىتىدە ئوخشۇتۇشنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ: «شائىرنىڭ يېتۈك ياكى يېتۈك ئەمەسلىكى ھەققىدىكى مۇلاھىزە (ئۆلچەم - ئا) مۇشۇ ئوخشۇتۇشنىڭ ھەقىقەتكە يېقىن ياكى يىراقلىقىغا باغلىق» [34] دەپ كۆرسىتىدۇ. فارابىنىڭ بۇ يەردە «ھەقىقەت» ئىبارىسىنى قوللانغانلىقى دىققەتكە سازاۋەر.

فارابى: ئوخشۇتۇشنىڭ ھەقىقەتكە «يېقىن ياكى مۇناسىپ بولۇشى ماۋزۇغىمۇ، شۇنىڭدەك شائىرنىڭ بۇ سەنئەتتىكى ماھارىتىگىمۇ باغلىق بولىدۇ» ھەتتا ماھىر شائىر بىر-بىرىدىن يىراق بولغان ئىككى نەرسىنى، مۇلاھىزىلەرنى ئاشۇرۇش (ۋاستىسى) بىلەن بىر-بىرىگە مۇۋاپىق قىلىپ ئىپادىلىيەلەيدۇ ...... بۇ شېئىرىيەتتە داڭ چىقىرىشتىكى زور بايلىق» [35] دەپ كۆرسىتىدۇ. فارابى بۇ يەردە بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ئوبيېكتىپ ئامىللار بىلەن سۇبيېكتىپ ئامىللارغا نەزەر تاشلىغان. ئۇنىڭ «مۇلاھىزىلەرنى ئارتتۇرۇش» ۋاستىسى ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزىرى كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەرزىيدۇ.

فارابى بەدىئىي ئىجادىيەتتە «مۇقەررەرلىك» ۋە «ئەركىنلىك» ئاساسىدا مۇئامىلە قىلغان. ئۇ شېئىرى ئىجادىيەتنى مىسال قىلىپ، ئۆزى تىلغا ئالغان 3 خىل شائىرلارنىڭ ھەممىسىلا ئىجادىيەتتە «تەبىئىلىك ياكى مەجبۇرلىقتىن خالىي بولالمايدۇ» [36] دەيدۇ. ئۇ بۇنىڭغا مىسال قىلىپ مۇنداق يازىدۇ. «بىر شائىر كۆپىنچە مەدھىيىگە ياكى ياخشى سۆز ئىشلىتىشكە تەبىئىلىك بولسا، بەزى ۋەزىيەت ئۇنىڭدىن ھەجۋى ۋە باشقا خىلدىكى شېئىرلار يېزىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئېھتىماللىق بىر شائىر شېئىرىيەت ژانىرلىرىنىڭ مەلۇم بىر تۈرىدە ئىجات قىلىش سەنئىتىنى تاللىۋالغان ۋە ئۆزىمۇ شۇ خىل شېئىرلارنى يېزىشقا ئادەتلەنگەن بولسا، بەزى ھاللاردا، ئۆزى تاللىۋالمىغان تۈردىمۇ شېئىر ئىجات قىلىشقا توغرا كېلىدۇ ...... بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن مەجبۇرى يېزىلغان شېئىر بولىدۇ. مۇنداق مەجبۇرىيەت ئىچكى ياكى بولمىسا تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يۈز بېرىدۇ» [37] دېمەك فارابى تەبىئىي ۋە ئىختىيارى ئىجادىيەت پرىنسىپىغا ھامىلىق قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## فارابى شېئىرىيەت ۋە مۇزىكاشۇناسلىق توغرىسىدا

فارابى ئوتتۇرا ئەسىر شەرقىدىكى مەشھۇر پەيلاسوپ، شائىر بولۇشى بىلەن بىللە يەنە كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىيات نەزىرىيەچىسى ئىدى. ئۇ ئەدەبىيات نەزىرىيىسىگە ئائىت «كىتاب بۇ شېئىر»(38)، «رىسالەفى قانۇن سىنائەتىە شېئىر»(39)، «كالام لەھۇفى شېئىر ۋەلقەۋافى» (40) (شېئىر ۋە قاپىيەلەر توغرىسىدا سۆز) قاتارلىق خاس ئەسەرلەر يېزىشتىن تاشقىرى ئۆزىنىڭ كۆپ قىسىملىق ئەسەرلىرى «ئەھسالۇل ئۇلۇم» (پەنلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى) ۋە «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى قاراشلىرى توغرىسىدا» ناملىق ئەسەرلىرىدە ئىمالىك يوسۇندا توختىلىدۇ.

فارابى ئۆزىنىڭ پەنلەرنى تۈرگە ئايرىش سىستېمىسىدا شېئىرىيەت ئىلمىنى تىل ئىلىملىرى تۈركۈمىنىڭ 7 - قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «...... تىل بىلىمىگە يېقىنلىقى دەرىجىسى بويىچە شۇندىن كېيىن شېئىرىيەت (پوئېتىكا) تۇرىدۇ. ئۇ، ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بىرىنچى قىسمى - ئاددىي ياكى مۇرەككەپ بولغان شېئىرى ۋەزىنلەرنى». «ئىككىنچى قىسمى - ھەر قانداق ۋەزىندىكى شېئىرلارنىڭ ئاخىرىدىكى قاپىيىدارلىقى»، ۋە ئۇلارنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى «ئۈچىنچى قىسمى، شېئىرىيەتتە قانداق نەسرى سۆزلەرنى ئىشلەتكىلى بولمايدىغانلىق ۋە قانداق سۆزلەرنى ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىقىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ» (41) فارابىنىڭ قارىشىچە تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا زاماندا تىل سەنئىتىنىڭ بىر قىسمى ھېساپلانغان شېئىرىيەت ئىلمى ۋەزىن بەھرىلەر، قاپىيە شەكىللىرى ۋە شېئىرى تىل گۈزەللىكىدىن ئىبارەت 3 جەھەتتىن تەتقىق قىلاتتى،

فارابى شېئىرى ۋەزىن مەسىلىسىنى شېئىرىيەت سەنئىتىدىكى ئاساسى قانۇنىيەتلەرنىڭ بىرى دەپ قارىغان. فارابى: «قايسى بىر سەنئەتتە بولمىسۇن قانداق مۇھاكىمە قانۇن دەپ ئاتىلىدىكەن، ئۇ تىلغا ئېلىنغان سەنئەتنىڭ ھەممە تەرىپى ئۈچۈن خۇددى قانۇن دېگۈدەك ئېتىراپ قىلىنغان بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمقىلەر مىقدار، سوپەت ۋە باشقىلارغا مۇناسىۋەتلىك خاتالىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا ياردەم قىلىدىغان بارلىق قۇراللارنى قانۇن دەپ ئاتاشقان»(42)؛ شېئىرىيەتتە رىئايە قىلىنىدىغان «قانۇن - قائىدىلەرنىڭ ئەڭ كىچىگى ۋەزىن مەسىلىسىدۇر»، «ۋاھالەنكى بۇ قانۇن - قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش شېئىرىيەتنى ئەڭ ئەۋزەل ۋە ئۇلۇغۋارلىققا ئېرىشتۈرۈشكە سەۋەپ بولىدۇ»(43) دەپ كۆرسىتىدۇ.

فارابى ۋەزىن مەسىلىسىنى بېيىت شەكلىدىكى شېئىرىي جۈملە ۋە ئۇنىڭ رىتىم، تۇراق ۋە ئاھاڭدارلىقى جەھەتلەردىن مۇھاكىمە قىلغان. ئۇ شېئىرى جۈملىنىڭ ئىبرازلىق، نەقلىدى سۈپەتكە ئىگە بولۇشى بىلەن بىللە، يانا «ئۇنىڭدا ئىشلىتىلىدىغان ئىبارىلەرنىڭ رىتىمدار، مەلۇم بۆلەكلەرگە ئاجرىتىلغان بولۇشى»؛ «شېئىرىدىكى بېيىتلارنىڭ ھەر بىر

بۆلۈكىدىكى ۋەزىن تەرتىپى بىلەن باشقا قىسمىدىكى تەرتىپ ئاھاڭدار بولۇشى كېرەك»؛ «بېيىتتىكى سۆزلەر بىر تەرەپتىن گەپ نېمە ئۈستىدە بولسا ئۇنى ئوبرازلىق تەرىزدە ئىپادىلىگەن بولۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن بېيىتلار ئۆز ئارا ئاھاڭدار بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ»، ئەگەر «سۆز جۈملىلەر بىرەر نەرسىگە قىلىنغان تەقلىدتىن تەشكىل تاپقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىر خىل ئاھاڭدار ۋەزىنگە چۈشۈرۈلمىگەن بولسا، مۇنداق سۆز تىزمىلىرى شېئىر ھېساپلانمايدۇ، ئۇنى شېئىرى سۆز-مۇلاھىزە دېيىش كېرەك. خالاس» ㊹ دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ شېئىرى تېكىست بىلەن نەغمە (مۇزىكا) نىڭ مۇناسىۋىتىدە ۋەزىن رېتىم بۇزۇلۇشىغا ئېھتىيات قىلىشىنى تەۋسىيە قىلغان.

فارابى قاپىيە مەسىلىسىنى شېئىرىيەتتىكى مۇھىم گۈزەللىك كاتېگورىيىسى تەرىزىدە تىلغا ئالغان. ئۇ: «شېئىرى سۆز-جۈملىلەردە يۇقىرىدىكى شەرتلەر ئېتىۋارغا ئېلىنىش بىلەن بىللە شېئىرنىڭ ئاخىرىدا ئىشلىتىلىدىغان سۆز بۆلەكلىرىنىڭ باراۋەر تۈگەللىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ياكى بىر خىل تاۋۇشلۇق سۆزدىن ياكى بىر ۋاقىتتا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ئىككى سۆزدىن تەشكىل قىلىنىشى كېرەك» ㊺ دەپ كۆرسىتىدۇ.

فارابى شېئىري تىل مەسىلىسىگە ئالاھىدە توختالغان. ئۇنىڭ پىكرىچە، شېئىرىيەت تىلى ناتىقشۇناسلىق تىلىدىن پەرقلىنىشى لازىم. ئۇ ئەينى زاماندىكى تەقلىدسىز، ئوبرازسىز قۇرۇق، مەپھۇم ۋە يەڭگىل سۆزلەر بىلەن شېئىر يېزىشقىمۇ، شۇنىڭدەك، شېئىرى ۋەزىن ئۆلچەملىرىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك، ھەتتا ئۇلارنى شالغۇتلاشتۇرۇپ قوللىنىشقىمۇ ئېتىراز بىلدۈرگەن. بۇ ئەينى زامان بەدىئىي ھاياتىدىكى ئەملى مەسىلىلەر ئىدى. فارابىنىڭ كۆرسىتىشىچە: «خىتابە-ناتىقشۇناسلىقتىمۇ تەقلىدى ۋاستىلار قوللىنىلىدۇ... ناتىقلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئەسلى شېئىرى مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش قابىلىيىتى بولىدۇ.» ㊻ ئەمما ئۇلار ئوبرازلىق ئىپادىلەشتە تولىمۇ ئوچۇق ئاشكارە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ جامائەتچىلىككە تەسىرى تولىمۇ مۇبالىغىلىق ئالدى-قاچتى گەپ تەسىرى پەيدا قىلىدۇ. بۇ مەزمۇنلار ئەگەر شېئىرى يوسۇندا، باشقىچە ئېيتقاندا يېپىق ھالەتتە ئوبرازلاشتۇرۇلسا، ئۇ جامائەتچىلىك ئارىسىدا شېئىرى ئەسەر سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدۇ. فارابى شائىرنىڭ ئۆز ئەسىرىدە خىتابى، ئوچۇق-ئاشكارا ئىبارە ۋە مۇلاھىزىلار يۈرگۈزۈشىنى «شائىرنىڭ شېئىرى يولدىن چېكىنىپ خىتابىي يولغا مايىل بولغانلىقى» ㊼ دەپ خاراكتېرلىدۇ.

فارابى ئۆزىنىڭ «شېئىرىيەت قانۇنلىرى توغرىسىدا رىسالە» ناملىق ئەسىرىدە شېئىرى ئەسەرلەرنى ئۇنىڭ ۋەزنىگە ياكى ۋەقەلىكىگە قاراپ تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىنى تىلغا ئالىدۇ. فارابى ۋەزىننى بويىچە تۈرگە ئايرىش جەھەتتە مۇزىكاشۇناسلار بىلەن ئارۇزچىلار ئالاھىدە تەتقىقات يۈرگۈزىدۇ، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە قايسى مىللەت ۋە قايسى تىلدا بولۇشىغا قارىلىدۇ. ۋەقەلىككە قاراپ تۈرگە ئايرىش بويىچە ھەر قايسى خەلقلەر ۋە مىللەتلەردىكى شېئىرىيەت تەتقىقاتچىلىرى، شېئىرى ئىدىيىلەرنى نازارەت قىلغۇچىلار، شېئىرى ئىقىملارنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئىش ئېلىپ بارىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ، پارابى پارس ۋە ئەرەپ شېئىرىيىتىدىكى

مەدھىيات، ھەجۋىيات، شېئىرى تېپىشماق، كۆلكىلىك شېئىرلاردا غەزەلىيات ۋە يۈسۈفى (لىرىك) شېئىرى شەكىللەرنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە قەدىمقى گرېك شېئىرىيىتىدىكى تىراگېدىيە، دىتاگىراما، ساتىرە، پرىئىما، ئېپوس، كومېدىيە، دىراما قاتارلىقلار، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس مەزمۇن ۋە تۈزۈلمىلىك خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە توختىلىدۇ.

فارابى ئۆز زامانىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن مۇتەپەككۇر شائىرى سۈپىتىدە رۇبائىنىڭ ئۇستىسى ئىدى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان 9 پارچە شېئىرىنى بىز «تارىم» ژورنىلىنىڭ 1981 - يىل 4 - سانىدا ئېلان قىلدۇق، ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى فىرانسۇز ئەرەبشۇناسى كارراديۋونىڭ ئىسپاتلىشىچە دەرۋىش مەۋلەۋىلەر ئارىسىدا ھازىرغىچە دەرۋىشلىك بېيىتلىرى سۈپىتىدە كۈيلىنىپ كېلىۋېتىپتۇ. بىز فارابى شېئىرلىرىدىن ئۇنىڭ ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئايرىم دېتاللارنى بىلمۇالىمىز، بۇ شېئىرلار مۇھىمى ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرىنى ئىپادىلەشنىڭ شېئىرى شەكلى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ رۇبائىياتنىڭ ئەڭ قەدىمقى ۋە ئەڭ ياخشى نەمۇنىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

× × ×

فارابىنىڭ مۇزىكاشۇناسلىق تارىخىدىكى تەسىرى دەۋر بۆلگۈچ خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىقىنى ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ھازىرقى زامان فارابىشۇناسلىرى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان. ئۇنىڭ پىفاگور مۇزىكا نەزەرىيىسىگە قارشى ئىلمىي مۇزىكا نەزەرىيىسى ئىشلەپچىقانلىقى، ئۆز دەۋرىنىڭ يىرىك مۇزىكا ئىستېتىكى، مۇزىكا ئىجاتچىسى، چالغۇلار ئىختىراچىسى ھەم ماھىر سازەندە بولغانلىقى ئېتىراپ قىلىنغان.

فارابى مۇزىكاشۇناسلىققا ئائىت كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى. ئۇ «كىتابۇل مۇسقۇد كەبىر» (مۇزىكا توغرىسىدىكى چوڭ قامۇس) ناملىق 3 توملۇق كىتاپ، «كالام فىئىل مۇسقى» (مۇزىكا توغرىسىدا سۆز)، «رىسالە فىئۇل مۇسقى» (مۇزىكا ھەققىدە رىسالە)، «كىتاپ فىي ئىھسا لىلىقا» (رىتىملەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى ھەققىدە كىتاپ) «كالام لىھۇفى ئەننە خلە مىئزافەن ئىلە ئىلىقا» (ئۆلچەملىك رىتىملاردا ئۇدارلارنىڭ مەركەزلىشىشى توغرىسىدا) قاتارلىق خاس ئەسەرلەر يازغان، «ئىھسالۇل ئۇلۇم» كىتاۋىدا مۇزىكاشۇناسلىق توغرىسىدا مەخسۇس سەرلەۋھە ئاجراتقان.

فارابى مۇزىكاشۇناسلىقنىڭ پەنلەر سىستېمىسىدىكى ئورنى ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات دائىرىلىرى توغرىسىدا ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن ئىدى. فارابى مۇزىكا ئىلمىنى ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش سىستېمىسىدا تۇتقان ئورنى ۋە باشقا پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بويىچە ماتېماتىكا پەنلىرى تۈركۈمىنىڭ ئارىفمېتىكا، گېئومېترىيە، ئوپتىكا، ئاسترونومىيەدىن كېيىنكى 5 - تارمىقىدا قاتارغا تۇرغۇزغان. مۇزىكاشۇناسلىق ئەينى زاماندا ماتېماتىكا پەنلىرىگە كىرگۈزۈلگەن ئىدى.

فارابى «ئىھسالۇل ئۇلۇم» ناملىق ئەسىرىدە مۇزىكا ئىلمىنىڭ ئوبيېكتى ۋە دائىرىسى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ: «مۇزىكا ئىلمىگە كەلگەندە، بۇ ئىلىم ئاھاڭلار (مېلودىيىلەر) نىڭ

تۈرلىرى، ئۇلارنىڭ نېمىدىن، قانداق تۈزۈلگەنلىكى ۋە قانداق ئەھۋاللاردا ئۇلارنىڭ ئۆزگۈر ۋە تەسىرچان بولىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىدۇ. مۇزىكا ئىلمى-ئەمەلىي مۇزىكا ئىلمى ۋە نەزىرىي مۇزىكا ئىلمىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن.

ئەمەلىي مۇزىكىنىڭ خىزمىتى تەبىئىي ياكى سۈنئىي ۋاستىلار ياردىمى ئارقىلىق ھېسسىي تەسىرچان مېلودىيە ئاھاڭلىرىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشتۇر. تەبىئىي ۋاستىلار بۇ تاماق كېچىك تىل ۋە تاماقتىكى بارلىق تارماقلار، ئاخىرىدا بۇرۇننى كۆرسىتىدۇ؛ سۈنئىي ۋاستىلارغا، ئالايلۇق نەي، بەرباب ۋە باشقىلار كىرىدۇ. ئەمەلىي مۇزىكانت مېلودىلەرنى، ئۇلارنىڭ نەغمە شەكىللىرىنى جۈملىدىن چالغۇ ئەسۋاپلىرىدىن چىقىدىغان بارلىق ئاۋازلارنى بىلىگەن بولىدۇ.

نەزىرىي مۇزىكا ئەقلىي ئوبيېكتى تەرىزدە مۇزىكىلىق چۈشۈنۈشنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا بىلىم بېرىدۇ. ئۇنىڭدا مېلودىيىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بارلىق سەۋەبلەر روشەنلەشتۈرۈلىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ ماتېرىياللىق تەرىزدە ئەمەس، بەلكى بارلىق چالغۇلار ۋە بارلىق ماددىي ۋاستىلاردىن مۇتلەق مەۋھۇملەشكەن تەرىزدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. «مۇزىكا نەزەرىيىسى، ئۇنىڭ قانداق چالغۇ ياكى قانداق بەدەن ئارقىلىق يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئومۇملاشتۇرۇپ ھۆكۈم قىلىدۇ» (48)

فارابى مۇزىكا نەزەرىيىسىنى 5 چوڭ قىسىمغا ئاجرىتىدۇ. ئۇلار:

1) مۇزىكا ئىلمىنىڭ ئاساسلىرى، پرىنسىپلىرى ۋە تەتقىقات ئۇسۇللىرى.

2) مۇزىكىلىق ئاھاڭ شەكىللىرى، ئۇنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرى.

3) سۈنئىي چالغۇ ئەسۋاپلىرىنىڭ تۈرلىرى، ئىشلىنىش ۋە قوللىنىلىش ئاساسلىرى.

4) ئاھاڭ شەكىللىرىدىكى تەبىئىي رىتىملەر ۋە خاس ئۆلچەملەر مەسىلىلىرى.

5) مۇزىكىلىق ئاھاڭ ۋە مېلودىيىلەر (كۈيلەر) نى ئىجات قىلىش مەسىلىلىرىدىن ئىبارەت. (49)

ئېنىقلاش لازىمكى، فارابى ئۆزىنىڭ مۇزىكا نەزەرىيە سىستېمىسىنى نوقۇل فىزىكىلىق ئاۋازدىن ئەمەس، بەلكى مۇزىكىلىق ئاھاڭ-مېلودىيىدىن باشلىدى.

بۇنىڭ ئىككى قاتلاملىق مەنىسى بار ئىدى. بۇنىڭ بىرىنچىسى، مېلودىيە-كۈي مۇزىكا ئىلمى ئۈچۈن تەتقىقات ئوبيېكتى-سۇبستانسىيە ھېساپلىناتتى. فارابى «قانداقلا بولمىسۇن بارلىق پەنلەر سۇبستانسىيە ۋە ئاكسىدېنتسىيەدىن پەيدا بولىدۇ، قانداق بولمىسۇن ئۇلار ئۆزىگە خاس مەۋجۇدىيەتتىن ئىپتىدا بولغان» (50) دەپ قارايدۇ. كۈي-مۇزىكا ئىلمىي تەتقىقاتى ئۈچۈن خاس سۇبستانسىيەدىن ئىبارەت، فارابى مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «شۇنداق ھېساپلايمەنكى، سۇبستانسىيە ھەركەتكە ئىگە بولغىنىدەك ئاۋازغىمۇ ئىگىدۇر ... ئاۋاز 3 خىل بولىدۇ: يۇقىرى، تۆۋەن ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاۋازلار» (51). بۇ يەردە فارابى مۇزىكىلىق ئاۋازلارنى جىسىملارغا بىرلەشتۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويغان.

بۇنىڭ ئىككىنچىسى، فارابى پىفاگورنىڭ بارلىق فىزىكىلىق ئاۋازلارنى، ھەتتا ئاسمان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

جىسىملىرى ھەرىكىتىدىن پەيدا بولغان ئاۋازلارنى مۇزىكا ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ ئوبيېكتى، مۇزىكىلىق سوبىستانسىيە دەيدىغان كۆز قارىشى ۋە شۇ ئاساستىكى مۇزىكا نەزەرىيىسى سىستېمىسىغا قارىمۇ-قارشى ھالدا ئىستېتىك ئاۋازنى-مۇزىكىلىق مېلودىيىنى مۇزىكىنىڭ ئاساسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ يېڭى مۇزىكا نەزەرىيىسىنى شەكىللەندۈردى. فارابىي ئۆزىنىڭ «شەرھۇلمە جەستى لى بەتلەمۇس» (پتولېمېينىڭ ئالماگېستا ناملىق كىتاۋىغا يېشەم) ناملىق چوڭ ھەجىملىك ماتېماتىكىلىق ئەسىرىدە ھەتتا 2-ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ماتېماتىك-ئاسترونوم پتولېمېينىڭ «گارمونىيە تەلىماتىدا» پىفاگورغا ئەگىشىپ مۇزىكا بىلەن ئاسمان جىسىملىرى گارمونىيىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى تەنقىتلىگەن ئىدى.(52) فارابىچە پەقەت ئىنساننىڭ ئاڭلاش سەزگۈسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىپ روھلىنىش پەيدا قىلىدىغان مېلودىك كوي-ئاۋازلىرىلا مۇزىكىنىڭ ئوبيېكتى ھېساپلىناتتى. ئۇ: «مۇزىكا چۈشەنچىسىدىن پىكرىمىزدە بىرىنچى بولۇپ تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغان نەرسە مېلودىيىدىن ئىبارەت»، «چالغۇ مۇزىكىسى ياكى ناخشىغا تەڭكەش قىلىنىدۇ ياكى ئاۋازغا تەقلىت قىلىنىدۇ»، «كىشى ئاۋازىغا تەقلىت قىلىپ، ئۇنىڭغا يېقىن سادا چىقىرىدىغان چالغۇ ئەسۋاپلىرى راباپ ۋە نەيچىلىك چالغۇلاردۇر» (53) دەپ كۆرسەتكەن.

فارابىي ئىبن سىنا، ئىبن بەجە، ئابدۇراخمان جامى قاتارلىق شەرق كىلاسسىكلىرى بىلەن كاررادېۋو، ئېرلانگېر، فارمېر، سارتۇن قاتارلىق ھازىرقى زامان مۇزىكا تارىخى تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن بىردەك غەيرى پىفاگورچە ئېستېتىكىلىق ۋە ماتېماتىكىلىق يېڭى مۇزىكا نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسچى، ئۆز دەۋرىدە ياۋروپالىقلاردىن تولىمۇ ئىلگىرلەپ كەتكەن مۇزىكاشۇناس دەپ تەرىپلەشكەن. ئۇنىڭ «مۇزىكا توغرىسىدىكى چوڭ قامۇس» كىتاۋى 1930-1935-يىللىرى ئېرلانگېر تەرىپىدىن چوڭ ھەجىملىك ئىككى كىتاپ شەكلىدە فرانسۇز تىلىدا نەشر قىلدۇرۇلغان.

فارابىي «مۇزىكا توغرىسىدىكى چوڭ قامۇس» ناملىق ئەسىرىدە، مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ئوبيېكتلىرى، خۇسۇسىيەتلىرى، كونكرېت كاتېگورىيە ۋە مەسىلىلىرى، مۇزىكىلىق ئاھاڭلارنىڭ پەيدا بولۇش ۋە ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرى، چالغۇ ئەسۋاپلىرى ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشنىڭ ئىمكانىيەت ۋە يوللىرى ئۈستىدە كەڭ توختالغان. بۇ ئەسەرنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا ئۇ، مۇزىكىلىق ئاۋازلارنىڭ خاراكتېرىستىكىسى، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش، تۈرلەرگە ئايرىلىش نەزەرىيىلىرى، بۇلاردىن مۇزىكىلىق ئەسەر ئىجات قىلىشتا پايدىلىنىش قائىدىلىرى ھەققىدە توختالغاندىن كېيىن، بىرىنچى كىتاپتا مۇزىكىلىق ئاكۇستىكا (ئاۋاز ئىلمى)، مۇزىكىلىق ئاھاڭ شەكىللىرى (تون) ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرى، ئىنتېرۋاللارنىڭ تۈر ۋە تۈركۈملىرى، مۇزىكىلىق رىتىملار مەسىلىلىرى ئۈستىدە توختالغان. ئىككىنچى كىتاپ بارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرق خەلقلىرى ئارىسىدىكى مەشھۇر چالغۇ ئەسۋاپلىرى ئۇلارنىڭ سىترۇنلۇق (ئاۋاز چىقارغۇچى ۋاستە) تۈزۈلمىسى ۋە دىتا پسۇزۇنلۇق (ئاۋاز دائىرىسى) مۇمكىنچىلىكلىرى ئۈستىدە توختالغان «ئەۋەلقى كىتاپتا سۆزلەنگەن ئۇسۇل-قائىدىلەرنىڭ قايسى خىلدا ئىشلە-

تىلىشى، شۇ چالغۇلارنىڭ ھەر بىرىدىكى ئىمكانىيەتلەردىن قانداق قىلىپ كۆپرەك پايدىلىنىش ھەققىدە بەھەس» (54) قىلىنغان. ئۈچىنچى كىتابتا مېلودىيىلەر ۋە مۇقاملارنى تۈزۈش مەسىلىلىرى، بولۇپمۇ تۆت تارلىق ۋە بەش تارلىق چالغۇلاردا مۇزىكا ئىجات قىلىش مەسىلىلىرى ئۈستىدە توختالغان. فارابى ئۈچ كىتاۋىدا 12 تېمىتىك مەسىلە («بەھەس») سۆزلەنگەن.

فارابى مۇزىكا كۈيلىرىنىڭ ساغلاملىق ۋە ئىجتىمائى پاراۋانلىقتا بولغان ئۈنۈملۈك تەسىرى ھەققىدە توختالغان ۋە: «ئىنسان ھەر دائىم خوشال-خورام ۋە خۇشچاقچاق بولۇشى ۋە بەختىيار ياشىشى لازىم» (55) دېگەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ رۇبائىيلىرىدىمۇ مۇنداق كۆتۈرەڭگۈ روھى ئازادلىقنى شېئىرى ۋاستىلار بىلەن روشەن ئوبرازلاشتۇرغان. فارابى مۇزىكىنىڭ سالامەتلىككە بولغان ئىجابى تەسىرىنى مۇزىكىلىق شىپاگەرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «مۇزىكا ئىلمى شۇ مەنىدە مەنپەئەتلىككى، كىمكى ئۆزىدە مۇۋازىنەتنى يوقاتقان بولسا ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ ...، مۇۋازىنەتتە بولغانلىرىنىڭ مۇۋازىنەتنى ساقلايدۇ»، «بۇ ئىلىم تەنىنىڭ سالامەتلىكىگىمۇ مەنپەئەتلىك، چۈنكى، تەن كېسەلگە مۇپتىلا بولغاندا، روھنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ؛ تەن قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا روھمۇ ئازاپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىقتىدارى سۇبىستانسىيىگە (زاتەن نەرسىگە) ماسلىشىپ يوقالغان بولغاچقا تەننى داۋالىماق ئۈچۈن روھنى داۋالاشقا توغرا كېلىدۇ. (مۇزىكىلىق) سادالارنىڭ تەسىرى تۈپەيلى روھى ئىقتىدارلاردا پائالىيەت ئويغۇتىدۇ، ئۇ تەرتىپكە ۋە مۇۋازىنەتكە كېلىدۇ» (56) «تارىخى مۇسقىيۇن» دا كۆرسىتىلىشىچە، فارابى: «نەغمىنىڭ تىلسىز مۇڭ ساداسى ئادەم روھىغا مەنىۋى ئوت ياققۇچى ئامىل، ئۇنىڭغا نەزم تىلى قوشۇلغاندا ئۇ مۇڭنىڭ مەزمۇنى روشەنلىشىدۇ ... يۈز يىل ئىبادەت قىلىپ ئالالمىغان ھوزۇرنى مېنىڭ قالۇنۇم سىملىرىدىن ئالغايسىز» دەپ يازغان.

فارابىنىڭ مۇزىكا شۇناسلىق ھاياتى توغرىسىدا كۆپلىگەن خاتىرە ۋە ھېكايىلار ساقلانغان. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، ئەرەپ ۋە گىرىك مۇزىكىلىرىدىن يېتەرلىك خەۋەردار بولۇپ، شىمالى سۇرىيە خەمدان سۇلالىسىنىڭ سۇلتانى سەيپۇل دەۋلە بىلەن تۇنجى ئۇچراشقان چېغىدا، پۈتۈن ساراي ئەھلىنى سازەندىلىك ماھارىتى بىلەن تاڭ قالدۇرغان ئىدى. ھەر خىل مەنبەلەردە ئۇنىڭ قالۇن، غىجەك، ئۇد (بەرباب)، راباب، خروسان ۋە باغدات تەمبۇرلىرىگە ئىجادى ئىش قوشقانلىقى ۋە ئۇنى ئەرەپ دۇنياسىغا تونۇشتۇرغانلىقى قەيت قىلىنغان. ئۇنىڭ بەزى مۇزىكا ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ۋە شەرقنىڭ باشقا خەلقلىرى ئارىسىدا ھازىرغىچە ئىجرا قىلىنىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار. ئۇنىڭ مۇزىكىلىق كۈيلىرىنى نوتىلاشتۇرۇش جەھەتتىكى تۆھپىلىرى ئۇنىڭ مۇزىكاشۇناسلىقتىكى مىقياسى تۆھپىلىرىنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ئىجتىمائى گۈزەللىك ۋە غايىۋى گۈزەللىك توغرىسىدا

فارابىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى ئۇنىڭ بىر پۈتۈن پەلسەپىۋى سىستېمىسىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل، غايىۋى كەلگۈسى ۋە ئەتراپلىق كامالەتكە ئېرىشىشى توغرىسىدىكى ئىجتىمائى كۆز قاراشلىرىدا ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن. ئۇ گۈزەللىك ۋە بەدىئى ئىقتىدار مەسىلىلىرىنىڭ مەنبەلىرىنى ئۆزىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى ۋە بىلىش نەزىرىيىسى ئاساسىدا ئىزاھلىغان بولسا، ئۇ گۈزەللىك پىرىنسىپلىرى ئاساسىدىكى بەختىيار تۇرمۇش يارىتىش ئىنتىلىشلىرىنى ئۆزىنىڭ غايىۋى جەمئىيەت توغرىسىدىكى تەلىماتىدا ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى قاراشلىرى ھەققىدە»، «رىسالە فى ئەتتەنبىھەلا ئەسبا بۇسا ئادە» (بەختكە ئېرىشىش سەۋەبلىرى ھەققىدە)، «كىتاب تەھسىلۇسسا ئادە» (بەخت چۈشەندۈرۈلگەن كىتاب) قاتارلىق ئەسەرلىرىدە بۇ ھەقتە يېتەرلىك سەھىپە ئاجرىتىلغان.

فارابى ئۆزىنىڭ «بەختكە ئېرىشىش سەۋەبلىرى ھەققىدە»، «كالام ئەنىمە نازات ۋە مەنا جەۋھەر ۋە مەنا تەبىئە» (تەبىئەت، سوبىستانسىيە ۋە جىسىملارنىڭ مەنىلىرى توغرىسىدا) ناملىق ماقالىسىدا: ئىنسان ھاياتىدىن مەقسەت ئەڭ ئالى بەخت - سائادەتكە ئېرىشىش ئىكەنلىكىنى بۇنىڭ ئۈچۈن بەخت - سائادەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلىش، ئۇنىڭغا ئېرىشىشنىڭ غايىۋى ئەھمىيىتىنى چۈشىنىش، ئۇنىڭغا ئېرىشتۈرىدىغان ئىش - ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. فارابى: «بەخت - ياخشىلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ زور ياخشىلىق، ... ئادەم مەقسەتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇكەممەل مەقسەت» (57) دەپ كۆرسىتىدۇ.

فارابى: «ئادەمنىڭ مەقسەتلىرى 3 تۈرلۈك بولىدۇ، بۇلار: ياخشىلىق، مەنپەئەتدارلىق ۋە گۈزەللىكتىن ئىبارەت»، «بارلىق ئىلىم - پەننىڭ مەقسىدىمۇ ياكى گۈزەللىك ياكى مەنپەئەتدارلىقتۇر. دېمەك، ئىلىم - پەن ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ، بىرى گۈزەللىككە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان، يەنە بىرى پايدىغا ئېگە بولۇشنى مەقسەت قىلغان بولىدۇ. پەقەتقىنا گۈزەللىككە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان ئىلىم - پەلسەپە مۇتلەق مەنىدە ئېيتقاندا ھېكمە (دانالىق) دەپ ئاتىلىدۇ. پايدىغا ئېگە بولۇشنى مەقسەت قىلغان ئىلىملەرنى مۇتلەق مەنىدە دانالىق دەپ ئاتىغىدەك ھېچ نەرسە يوق» (58) دەپ يازغان. فارابى ياخشىلىق بىلەن گۈزەللىكنى بىرلەشتۈرۈپ، ماددىي مەنپەئەت مەقسەتدارلىقىدىن ئايرىپ تىلغا ئالغان.

فارابى گۈزەللىكنىڭ غايىۋى تۇرمۇش ياكى بەخت - سائادەتنىڭ مۇھىم بىر ئالامىتى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئۇ: «پەقەت گۈزەللىك بىزگە مەنسۇپ بولغان كۈندىلا، بەخت - سائادەتكە ئېرىشەلەيمىز، ۋاھالەنكى، گۈزەللىك پەقەت پەلسەپە ئىلمىنىڭ شاراپىتىدىنلا بىزگە مەنسۇپ بولىدۇ، بۇنىڭدىن مۇقەررەر يوسۇندا، بىز پەقەت پەلسەپە تۈپەيلىدىنلا بەخت-

كە ئېرىشەلەيمىز دېگەن خۇلاسە چىقىدۇ»(59) دەپ يازغان. فارابىنىڭ پەلسەپىنى خەلقنىڭ ھەقىقەتنى بىلىشى ۋە گۈزەل-بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشىش يوللىرى ھەققىدىكى پەن سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشىنىڭ ھەر خىل-ھەر رەڭدىكى مەدرىسۇزلۇق ئېقىدىچىلىق ئېقىملىرى بىلەن چىقىشالماسلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭچە، پەن ۋە سەنئەت خەلقنىڭ بەختكە ئېرىشىش قورالى ھېساپلىناتتى.

فارابى: «گۈزەللىك ئىككى جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن، ئاتاپ ئېيتقاندا، ئۇ ھەم بىلىم ۋە ھەم بىلىم بىلەن پائالىيەت بولغانلىقتىن، پەلسەپە سەنئىتىمۇ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ. بۇنىڭ بىرى ئارقىلىق دۇنيادا مەۋجۇت بولغان ۋە ئىنسان پائالىيەتلىرىگە باغلىق بولمىغان جىسىملار توغرىسىدا بىلىمگە ئىگە بولىمىز. بۇ نەزەرىيىلىك پەلسەپە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ ئىككىنچىسى ئارقىلىق ئىنسان پائالىيەتلىرىگە باغلىنىدىغان جىسىملار توغرىسىدا بىلىمگە ئىگە بولىمىز. گۈزەللىكنى يارىتىش قابىلىيىتى دەل مۇشۇ ئىككىنچى قىسمىغا كىرىدۇ. بۇ ئەمەلى ۋە جامائەتچىلىك پەلسەپىسى دەپ ئاتىلىدۇ»(60) دەپ كۆرسىتىدۇ. فارابى نەزىرى پەلسەپىگە ماتېماتىكا، فىزىكا ۋە مېتافىزىكا (روھىيەت) پەنلىرىنى كىرگۈزگەن. ئەمەلى-جامائەتچىلىك پەلسەپىسىگە ئەخلاق ۋە سىياسى پەلسەپە پەنلىرىنى كىرگۈزگەن. فارابى گۈزەللىكنى بەرپا قىلىش مەسىلىسىنى ئەمەلى ۋە سىياسى كاتېگورىيە سۈپىتىدە كەلگۈسى گۈزەل جەمئىيەت ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان تارىخى ئەمەلىيەتنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى سۈپىتىدە تەكىتلىگەن.

فارابى گۈزەل ئەخلاقنى-ئېقىل ۋە پەزىلەتنىڭ بىر پۈتۈنلىگى دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنىڭچە: «ياخشى پەزىلەت بىلەن ئەقلى ئىقتىدارنىڭ ھەر ئىككىسى بىرلەشكەندە ئادەمگەرچىلىك خاسيەتلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ»(61) «بەختكە ئېرىشىشكە ياردەم قىلغۇچى ئىختىيارى پائالىيەت گۈزەل پائالىيەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان ئەخلاق ۋە ئادەت پەزىلەت ھېساپلىنىدۇ. بەختكە ئېرىشىشكە كاشىلا قىلىدىغان پائالىيەت يامان ياكى خۇنۈك پائالىيەت بولىدۇ»(62).

فارابى بەخت-سائادەت، گۈزەل ۋە خۇنۈك پائالىيەت مەسىلىسىنى پۈتكۈل ئىجتىمائى تەرەققىيات ۋە كامالەت مەنىسىدە چۈشەنگەن. ئۇنىڭچە: «بارلىق شەھەر (مەملىكەتلەر-ئا) خەلقلىرى بەخت-سائادەتكە ئېرىشىش مەقسىدىدە بىر-بىرىگە ياردەم قىلىدىكەن، پەزىلەتلىك خەلق ھېساپلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەگەر خەلقلەر بەخت-سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن بىر-بىرىگە ياردەملىشىدىكەن، پۈتۈن زېمىندا بەخت-سائادەت قارار تاپىدۇ»(63)، فارابى مۇنداق غايىۋى مەملىكەتلەرنى غايىۋى كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە «پەزىلەتلىك شەھەر» دەپ ئاتايدۇ.

فارابىنىڭ قارىشىچە «پەزىلەتلىك شەھەر شۇنداقكى، ئۇنىڭ ئاھالىسى بولغان ھەر بىر ئادەم كەسىپ ھۈنەردە ئازات، ھەممە ئىشتا باب-باراۋەر بولۇپ، كىشىلەر ئارىسىدا پەرق بولمايدۇ، ئادەملەر چىن مەنىسىدە ئازات ياشايدۇ، بىرسى ئىككىنچىسىگە خوجايىنلىق

قىلمايدۇ. ئادەملەرنىڭ ئىچلىقى ۋە ئەركىنلىكىگە دەخلى سالغۇچى سۇلتان - پادىشالار بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن سايلىنىپ چىققان رەھبەرلەر ياكى باشلىقلار ھاكىم مۇتلەق بولمايدۇ ... ئۇلار ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ شەخسى مەنپەئەتلىرىدىن ۋاز كېچىدۇ، خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ كۈچ - غەيرىتى ۋە بايلىقلىرىنى ئايىمايدۇ» (64)

فارابىنىڭ مۇندىن 11 ئەسىر بۇرۇن تىلغا ئالغان غايىۋى جەمئىيەت ھەققىدىكى بۇنداق ئۇتوپىك كۆز قاراشلىرى قانچىلىك گۈزەل - ھە، بۇ ئۇنى بىزگە يېقىنلاشتۇرىدىغان قىممەتلىك تارىخى تۆھپە.

× × ×

يۇقۇرقىلاردىن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىن:

ئەبۇ نەسىر فارابى پۈتكۈل پەلسەپىۋى بىلىش تارىخى ئالەمشۇمۇل شەخس، ئۇ ئىستېتىكا تارىخىغا ئۆچمەس تەسىر كۆرسەتكەن ئۇلۇغۋار مۇتەپەككۇر.

فارابى ئارىستوتېلدىن دانتى ئالگىرىغىچە ئۆتكەن ئەڭ زور ئىستېتىكلارنىڭ بىرى، ئۇ پلاتونىزىم يېڭى ۋە پلاتونىزىم، خرىستىيان ۋە ئىسلام ئىلاھىيەتچىلىكى شارائىتىدا، ئىلىم - پەن ۋە سەنئەت گۈزەللىكى ئۆز بېشىدىن ئەڭ ئېغىر دەھشەتلىك كۈنلەرنى كەچۈرۈۋاتقان ئوتتۇرا ئەسىر جاھالەت مۇھىتىدا ئارىستوتېل پەلسەپىسى ۋە ئېستېتىك كۆز قاراشلىرىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەپ، گۈزەللىك ۋە سەنئەتكە ھامىيلىق قىلدى.

فارابىنىڭ سەزگۈ بىلەن تەسەۋۋۇرنى بىرلەشتۈرگەن، ئەقلىيەت بىلەن غايىنى بىرلەشتۈرگەن، تۇغما قابىلىيەت بىلەن ئۆگىنىش - مەشىق قىلىشنى بىرلەشتۈرگەن، سىيوژىت بىلەن ماھارەتنى بىرلەشتۈرگەن، تىل بىلەن ئىدىيىۋى ھىسسىياتنى بىرلەشتۈرگەن، شېئىرىيەت بىلەن مۇزىكىنى بىرلەشتۈرگەن، سەنئەت بىلەن ئىجتىمائىي بەخت - سائادەتنى بىرلەشتۈرگەن ئېستېتىكىلىق كۆز قاراشلىرى ساددا ماتېرىيالىستىك مايىللىقنى روشەن ئىپادىلەش بىلەن بىللە تەرەققىپەرۋەر گۇمانىزىملىق كۆز قاراشنى گەۋدىلەندۈرگەن. بىز ئۇنىڭ ئەينى زامان شارائىتىدا يەتكىلى بولمايدىغان يۈكسەك پىكىرلىرىنىڭ تارىخى نامايەندىسى بولغانلىقىدىن ئىپتىخارلىق ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسىغا چۆكىمىز.

فارابىنىڭ مۇزىكاشۇناسلىقتا تىكلاش تۇيغۇسى ئاساسىدىكى يېڭى مېلودىيىلىك نەزەرىيە ياراتقانلىقى بىلەن شېئىرىيەتتە پىكىرنى بەدىئىي ۋاستىلار بىلەن ئىپادىلەش ھەققىدىكى تەشەببۇس ۋە ئەمەلىيىتى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. ئۇ مۇزىكاشۇناسلاردىن، ماھىيەتتە پۈتۈن ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەردىن ئىجادىيەت ۋە ئىجرا قىلىشتىن تاشقىرى، ئۆز ساھەسىدە بىلىش، شەرھلەش ۋە تەنقىدى مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت 3 تەلەپنى قويغان ئىدى، ئۇ، «ناتوغرا نەزەرىيىگە ئىگە يازغۇچىلارنىڭ ناتوغرا نەزەرىيىلىرىنى تەنقىد قىلىشنى بىلىش، توغرا بىلەن خاتا نەزەرىيىلەر ئارىسىدىكى پەرقنى كۆرسىتەلىشى، خاتالىرىنى

ئايدىڭلاشتۇرالىشى(65) نى تەلەپ قىلغان ئىدى. بۇ ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدىنى بىلىش، پەرقلەندۈرۈش، ئايدىڭلاشتۇرۇش ئاساسىدا يولغا قويۇشقا زور ئىلھام.

فارابى ئىلمىمىزنىڭ جەنۇبىي سۇلالىلار دەۋرىدىكى مەشھۇر سەنئەت نەزەرىيىچىسى، «ۋەن شىن دياۋلۇڭ» ئەسىرىنىڭ مۇئەللىپى لىيۇ سىيەدىن كېيىن، ئىتالىيە سەنئەت نەزەرىيىچىسى، مەشھۇر شائىر دانتىدىن ئىلگىرى ياشاپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ باي مەزمۇنلۇق ئەستېتىك قاراشلىرى ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخى ۋە ئەستېتىكا تارىخى تەتقىقاتىدا خاس بىر سەھىپىگە ئىگە بولغۇسى.

ئىزاھاتلار:

① ك. ماركس: «كاپىتال»، رۇسچە نەشرى 1 - توم، 414 - بەت.

② «ئەلفارابىنىڭ لوگىكىغا ئائىت ماقالىلىرى»، 1975 - يىل ئالمۇتا رۇسچە نەشرى، 137 -، 140- بەتلەر.

③ م. خەيرۇللايېۋ: «ئويغىنىش دەۋرى ۋە شەرق مۇتەپەككۇرى» 1971- يىل تاشكەنت، ئۆزبېكچە نەشرى، 224 - بېتى ياكى «فارابى دەۋرى تەلىماتى» 1975 - يىل ، رۇسچە نەشرى، 250 - بېتىدىكى نەقىلدىن ئېلىندى.

④ «فارابى پەلسەپىلىك رىسالىلىرى» 1972 - يىل، ئالمۇتا رۇسچە نەشرى، 264 - 265 - بەتلەر.

⑤ م. خەيرۇللايېۋ: «ئويغىنىش دەۋرى ۋە شەرق مۇتەپەككۇرى» 222 - بېتىدىكى نەقىلدىن ئېلىندى.

⑥ ئەبۇنەسىر فارابى: «شېئىر سەنئىتى» 1979 - يىل ئۆزبېكچە نەشرى، 21 - بەت.

⑦ «ئەلفارابىنىڭ لوگىكىغا ئائىت ماقالىلىرى»، 155 - بەت.

⑧ ئەبۇنەسىر فارابى: «شېئىر سەنئىتى»، 18 - 19 - بەتلەر.

⑨ ئەبۇنەسىر فارابى: «شېئىر سەنئىتى»، 28 - بەت.

⑩ يۇقۇرقى كىتاپ، 18 - بەت.

⑪ «ئەلفارابىنىڭ لوگىكىغا ئائىت ماقالىلىرى»، 532 - بەت.

⑫ ⑬ م. خەيرۇللايېۋ: «ئويغىنىش دەۋرى ۋە شەرق مۇتەپەككۇرى» دېگەن كىتاپنىڭ 220 - 221 - ۋە 211 - بېتىدىكى نەقىلدىن ئېلىندى.

⑭ م. خەيرۇللايېۋ: «فارابى دەۋرى ۋە تەلىماتى»، 251 - بېتىدىكى نەقىلدىن ئېلىندى.

⑮ فارابى: «ئېقىلنىڭ مەنىسى توغرىسىدا» («فارابى پەن ۋە ئېقىل توغرىسىدا»)، رۇسچە نەشرى، 12- بەت.

⑯ ئەبۇنەسىر فارابى: «شېئىر سەنئىتى»، 19 - بەت.

⑰ م. خەيرۇللايېۋ: «ئويغىنىش دەۋرى ۋە شەرق مۇتەپەككۇرى» دېگەن كىتاپنىڭ 227 - بېتىدىكى نەقىلدىن ئېلىندى،

⑱ سۇبستانسىيە (جەۋھەر) - ماددىي ماھىيەتلەر، ئاكسىدېنتسىيە (ئەراز) بۇ ماددىي ماھىيەتلەرنىڭ ھادىسىدە ئىپادىلىنىشىنى كۆرسەتكۈچى پەلسەپىۋى كاتېگورىيە.

⑲ بۇ ھەقتە فارابىنىڭ «كاتېگورىيە»، «شېئىرىيەت قانۇنلىرى توغرىسىدىكى رىسالە» ۋە لوگىكىغا ئائىت ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ، «ئەلفارابىنىڭ لوگىكىغا ئائىت ماقالىلىرى» توپلىمى، 530 -، 532 - بەتلەرگە قارالسۇن. «كېيىنكى سىللوگىزىم» - سىللوگىزىملىق بولمىغان مۇھاكىمە شەكىللىرىنى كۆرسىتىدۇ.

⑳ ئەبۇنەسىر فارابى: «شېئىر سەنئىتى»، 20 - 21 - بەتلەر.

㉑ يۇقۇرقى كىتاپ 13 - 14 - 15 - بەتلەر.

㉒ يۇقۇرقى كىتاپ 13 - 14 - 15 - بەتلەر.

㉓ ㉔ يۇقۇرقى كىتاپ، 39 -، 17 - بەتلەر.

㉕ م. خەيرۇللايېۋ: «فارابى، دەۋرى ۋە تەلىماتى»، 283 - 284 - بېتىدىكى نەقىلدىن ئېلىندى.

㉖ ئەبۇ ناسىر فارابى: «شېئىرىيەت سەنئىتى» 16 - بەت.

㉗ شۇ كىتاپ، 37 - بەت

㉘ ㉙ ㉚ ㉛ يۇقۇرقى كىتاپ 35 -، 38 - بەتلەر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

(32) يۇقۇرقى كىتاب 35 ـ 38 ـ بەتلەر.

(33) (34) يۇقۇرقى كىتاب 36 ـ 39 ـ بەتلەر.

(35) (36) يۇقۇرقى كىتاب 36 ـ 39 ـ بەتلەر.

(37) يۇقۇرقى كىتاب 36 ـ 37 ـ بەتلەر.

(38) بۇ كىتابنىڭ قولىيازما نۇسخىسى چېخوسلوۋاكىيە بىراتىسلاۋ ئۇنىۋېرسىتېتى كىتابخانىسىدا ساقلانماقتا.

(39) بۇ كىتابنىڭ قولىيازما نۇسخىسى (لوندوندىكى «ئىندىئىشان ئافىس») كىتابخانىسىدا ساقلانماقتا.

(40) بۇ كىتاب ھازىرغىچە مەلۇم ئەمەس.

(41) «ئەلفارابىنىڭ پەلسەپىۋى رىسالىلىرى»، 1972 ـ يىل رۇسچە نەشرى، 116 ـ 117 ـ بەتلەر (1973 ـ يىل قازاقچە نەشرى، 125 ـ 127 ـ بەتلەر)

(42) «فارابى پەن ۋە ئەقىل توغرىسىدا»، 57 ـ بەت.

(43) ئەبۇ نەسىر فارابى: «شېئىر سەنئىتى» 16 ـ بەت.

(44) (45) يۇقۇرقى كىتاب 13 ـ 15 ـ بەتلەر.

(46) (47) يۇقۇرقى كىتاب، 16 ـ 17 ـ بەتلەر.

(48) «فارابىنىڭ پەلسەپىلىك رىسالىلىرى» رۇسچە نەشرى 156 ـ 158.

(49) «فارابىنىڭ پەلسەپىلىك رىسالىسى» رۇسچە نەشرى 156 ـ 158 ـ بەتلەر

(50) (51) فارابى «ئىھسائۇل ئۇلۇم» گىرىگورىياننىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران پەلسەپە تارىخى» ناملىق ئەسىرىگە قىلىنغان ئىلاۋە تېكىستى 149 ـ 150 ـ بەتلەر.

(52) فارابى: «پتولېمېينىڭ ئالماگېستا ناملىق كىتاۋىغا يېشىم»، 1 ـ توم 1975 ـ يىل ئالمائاتا رۇسچە نەشرى، مۇقەددىمە ماقالىسى 18 ـ بەت.

(53) م. ئەزەمەتوۋ: «ھېكمەت گۈلدەستىسى» 1982 ـ يىل تاشكەنت نەشرى 94 ـ بەت.

(54) م. خەيرۇللايوۋ: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىلىك ماقالىلىرى»، 224 ـ بەت.

(55) م. ئەزەمەتوۋ: «ھېكمەت گۈلدەستىسى»، 74 ـ بەت.

(56) م. خەيرۇللايوۋ: «ئەبۇ نەسر فارابى» 1982 ـ يىل رۇسچە نەشرى 134 ـ بېتىدىكى نەقىلدىن ئېلىندى.

(57) «فارابىنىڭ ئىجتىمائى ـ ئەخلاق رىسالىلىرى» رۇسچە نەشرى 3، 32، 33، 35 ـ بەتلەر.

(58) (59) «فارابىنىڭ ئىجتىمائى ـ ئەخلاق رىسالىلىرى»، رۇسچە نەشرى 3، 32، 33، 35 ـ بەتلەر.

(60) (61) «فارابىنىڭ ئىجتىمائى ـ ئەخلاق رىسالىلىرى»، 34، 35، 8 ـ بەتلەر.

(62) «فارابى پەلسەپىلىك رىسالىلىرى»، 289 ـ بەت.

(63) يۇقۇرقى كىتاب 305 ـ بەت.

(64) فارابى «تەبىئەت، سۇبستانسىيە ۋە جىسىملارنىڭ مەنىلىرى توغرىسىدا» (م. خەيرۇللايوۋ: «ئويغىنىش دەۋرى ۋە شەرق مۇتەپەككۇرى» ناملىق كىتاۋىغا قىلىنغان ئىلاۋىدىن ئېلىندى 306 ـ بەت).

(65) يۇقۇرقى كىتاب 156 ـ بېتىدىكى نەقىلدىن ئېلىندى.

# مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئايرىۋېتىش توغرىسىدا

ئىسمائىل نىياز، سۇڭ لىڭ

پارتىيىنىڭ 12 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللىغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى»دا مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئايرىۋېتىشتىن ئىبارەت مۇھىم بىر مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنىڭدا ئۇزۇندىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى بىلەن دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ كارخانىلارنى بىۋاستە باشقۇرۇشىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشتەك ئەنئەنىۋى ئىدىيىلەر بۇزۇپ تاشلىنىپ، كارخانىلارنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشنىڭ ئاچقۇچى تۇتۇلغان. بۇ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم نەزەرىيىۋى ۋە رىيال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئايرىۋېتىشنىڭ ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىكى

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىك بىر ئومۇمىي ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى، باشقۇرۇش ھوقۇقى ۋە پايدىلىنىش ھوقۇقىدىن ئىبارەت 3 تەرەپتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كېيىنكى ئىككىسى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا كىرىدۇ. بۇ 3 ھوقۇق ھەم ئۆز - ئارا باغلىنىشلىق ھەم ئۆز - ئارا پەرقلىق. بىز ئېيتىۋاتقان مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقى يۇقۇرقى 3 ھوقۇقنىڭ ئۆز - ئارا مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى قائىدىنىڭ ھەمدە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىنىڭ ئىلمى يەكۈنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ مۇناسىۋىتىدە مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى ئاساس بولۇپ، باشقۇرۇش ھوقۇقى مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىغا بېقىنىدۇ. مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بولسا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ كىمگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنىڭ ھوقۇقچىلىق جەھەتتىكى ئىپادىلىنىش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ، باشقۇرۇش ھوقۇقى بولسا ئىجتىمائىي ئەمگەكنى كونكرېت تەشكىللەش بىلەن باشقۇرۇش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش

www.uyghurkitap.com

ھوقۇقى ئۆز - ئارا زىچ باغلىنىشلىق بولسىمۇ، لېكىن ئىككىسىنى پۈتۈنلەي ئوخشاش بىر نەرسە دېيىشكىمۇ بولمايدۇ، مەلۇم ئىقتىسادى شارائىتتا ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈ ۋېتىشكىمۇ بولىدۇ ھەمدە ئايرىۋېتىشكىمۇ بولىدۇ.

مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى شارائىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ ئايرىلمىشى - باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىغا تەۋە بولۇش سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇشى ئۈچۈن قولغا كەلتۈرگەن بىر خىل ھوقۇقى بولۇپ، ئۇ بىرلا ئىجتىمائى فورماتسىيىدە مەۋجۇت بولغان ئەمەس مەسىلەن: فېئوداليزىم جەمئىيىتىدە يەر پومېششىكلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ پومېششىكلار بۇ يەرنى ئۆزلىرى باشقۇرماستىن، بەلكى دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىدۇ، دېھقانلار يەرنى ئىجارىگە ئالغاندىن كېيىن، يەرگە قانداق زىرائەتلەرنى تېرىش ۋە تېرىپ بولغاندىن كېيىن قانداق باشقۇرۇش ھوقۇقى پۈتۈنلەي دېھقانلارغا مەنسۇپ بولىدۇ. پومېششىكلار پەقەت يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا تايىنىپ يەر ئىجارىسىگە ئىگە بولىدۇ. ماركس: «بىۋاستە ئىشلەپچىقارغۇچىلار مۈلۈكدارلار بولماستىن، بەلكى پەقەتلا ئۆزلەشتۈرگۈچىلەر بولىدۇ.»① دەپ كۆرسىتىدۇ. كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىتىلىشىغا ۋە ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ ئايرىلمىشى بىر خىل ئومۇمى ھادىسىگە ئايلاندى. كاپىتالىزم جەمئىيىتى پۈتۈنلەي ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان، ئۆسۈمگىلا تايىنىپ جان باقىدىغان قەرز كاپىتالىنى پەيدا قىلدى. قەرز كاپىتالى پۇل كاپىتالىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇ، پۇل كاپىتالىنى سانائەت ۋە سودا كاپىتالىستلىرىغا قەرزگە بېرىدۇ. سانائەت ۋە سودا كاپىتالىستلىرى پۇل كاپىتالىنى قەرزگە ئالغاندىن كېيىن. پۇل كاپىتالىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى پۈتۈنلەي سانائەت ۋە سودا كاپىتالىستلارغا مەنسۇپ بولىدۇ. قەرز كاپىتالىستلىرى بولسا پەقەت پۇل كاپىتالىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا تايىنىپلا مەلۇم مىقداردىكى ئۆسۈمگە ئىگە بولىدۇ. ماركس كاپىتالىزىم شارائىتىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ بۆلۈنۈشى ئۈستىدە توختىلىپ: «كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆزى كاپىتالغا ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىدىن تامامەن ئايرىلىپ چىققان قوماندانلىق ئەمگىكىنى ھەممە يەردە پەيدا قىلدى شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر دىرىژورنىڭ مۇزىكا ئەسۋابلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلاردىن بولۇشى تامامەن ھاجەتسىز بولغىنىدەك قوماندانلىق ئەمگىكىنى كاپىتالىستنىڭ ئۈستىگە ئېلىشىنىڭ ھاجىتى قالمىدى،»① دەيدۇ. بۇ خىل بۆلۈنۈش ئىجتىمائى ئىقتىسادى تەرەققىياتنىڭ ئومۇمى قانۇنىيىتىدىن ئىبارەتتۇر، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىغا قاراپ تەرەققى قىلىشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىۋى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. سوتسىيالىزىم تۈزۈمى شارائىتىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئۇمۇمى مۈلۈكچىلىك كاپىتالىستىك خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەنلىكتىن، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقۇرى بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن، پۈتكۈل

جەمئىيەتتە يەنى ماكرو ئىگىلىكى جەھەتتىن مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى چۆڭ تەرەپتىن باشقۇرۇشنى باشقۇرغاندىمۇ ياخشى باشقۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشتا ھۆكۈمەتسىزلىك ھالەتنىڭ پەيدا بولۇشتىن ساقلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، مىكرو ئىگىلىكى پائالىيىتىنى ئويۇشتۇرۇپ، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى نىسبىي مۇستەقىللىقىنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا بۇ مۇقەررەر ھالدا سوتسىيالىستىك ئومۇمى خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىگە بېرىپ چېتىلىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى ئومۇمى خەلق مۈلۈكچىلىكىدە دۆلەت مۈلۈكچىلىك شەكلى قوللىنىلغان بولۇپ دۆلەت پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى ئەمگەكچى خەلققە ۋاكالىتەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، بىراق دۆلەتنىڭ ئومۇمى خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلغانلىقىنى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئومۇمى خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى بىۋاستە ئىگىلىلەش بىلەن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ئوخشاش ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ. ماركسىزم نەزىرىيىسىگە، سوتسىيالىزمنىڭ كۆپ يىللىق ئەمەلىيىتى ۋە تەجرىبىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى ئىدىيەلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئومۇمى خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئايرىۋېتىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئىجتىمائىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان ئورگانىك گەۋدە بولۇپ، بىر تەرەپتىن ئىجتىمائىي ئېھتىياج خىلمۇ-خىل بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر قايسى كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك ۋە ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىمۇ خىلمۇ-خىل بولۇپ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەمگىكىنى بىرەر ئىجتىمائىي مەركەزدىن باشقۇرۇپ، پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە ئۇنىڭ ھەربىر ھالقىسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئېھتىياج مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا بارلىق كارخانىلارنى دۆلەت بىۋاستە باشقۇرغاندا، سۇبيېكتىپچىلىق ياكى بىيوروكراتلىق كېلىپ چىقىدۇ-دە، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئېغىر دەرىجىدە بېسىپ قويىدۇ. خۇددى «قارار»دا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك «ئەگەر ئومۇمى خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ھەممىسىنى دۆلەت ئورگانلىرى بىۋاستە ئىگىلەيدىغان ۋە باشقۇرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئېغىر سۇبيېكتىپچىلىق ۋە بىيوروكراتلىق يۈز بېرىشى، كارخانىلارنىڭ تىرىكچىلىك ئىقتىدارى ۋە ھاياتىي كۈچى بوغۇلۇپ قېلىشى مۇقەررەر» لېكىن ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان ئومۇمى خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئايرىۋېتىشكە بولىدۇ دېگەن پىرىنسىپ كىشىلەر تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىشلىرىنى بىۋاستە ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋالىدىغان ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئورگانلىرى باشقۇرۇشقا تېگىشلىك بولمىغان

www.uyghurkitap.com

نۇرغۇن ئىشلارنى باشقۇردى، باشقۇرغاندىمۇ ياخشى باشقۇرالمىدى. كارخانىلار مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قېلىپ، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچى بوغۇپ تاشلاندى، ئىسراپچىلىق ئېغىر بولۇپ ئىقتىسادىي ئۈنۈم يۇقىرى بولمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەتنىڭ كارخانىلارغا بولغان ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى بىلەن كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئايرىۋېتىپ، كارخانىلار ھۆكۈمەتنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ بېقىندىسى بولۇپ قالىدىغان ھالەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن، دۆلەت كارخانىلارنى بەك كۆپ ۋە بەك ئۆلۈك باشقۇرىدىغان تۈرلۈك ئۇسۇللارنى ئۆزگەرتىپ، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئايرىۋېتىشنىڭ ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىكىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

بىرىنچى، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ بۆلۈنۈشى مەملىكىتىمىزدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسىنىڭ بىر قەدەر تۆۋەنلىكىدىن بەلگىلەنگەن. ماركس بىلەن ئېنگېلس تەسەۋۋۇر قىلغان ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىك ئەندىزىسى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان كاپىتالىزم ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا، ئەمگەكچى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى پۈتكۈل جەمئىيەت دائىرىسىدە بىۋاستە بىرلەشتۈرۈلگەن، بارلىق ئىشلەپچىقىرىش جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي پىلانى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئىجتىمائىي مەھسۇلاتلارمۇ پۈتكۈل جەمئىيەت دائىرىسىدە بىر تۇتاش تەقسىم قىلىنىدىغان، پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرى باشقۇرۇشقا بىۋاستە قاتنىشىدىغان، دۆلەت ھەم ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ھەم بىۋاستە باشقۇرغۇچىغا ئايلانغان بولىدۇ. لېكىن مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى ماركس بىلەن ئېنگېلس تەسەۋۋۇر قىلغان ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىن خېلى يىراق بولۇپ، ئۇ بىر خىل مۇكەممەل بولمىغان، پىشىپ يېتىلمىگەن ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى بارلىق كارخانىلار تېخى دۆلەتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىشلەپچىقىرىشنى بىۋاستە تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇشى ئۈچۈن شەرت-شارائىت ھازىرلانمىغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىگە تەۋە بولغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىگىلىگەن، ئۇنى ئىگىلىگەن كارخانىلارنىڭ ئايرىم-ئايرىم ھالدا باشقۇرۇشىغا بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئېنگېلس: «تۇرار-جاي مەسىلىسى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە «ئەمگەكچى خەلق پۈتكۈل تۇرار-جاي، زاۋۇت ۋە ئەمگەك قوراللىرىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىسىگە ئايلىنىدۇ. بۇ تۇرار-جاي، زاۋۇت قاتارلىقلار ھېچبولمىغاندا، ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ ئاخىرىدا شەخسى ياكى كوپېراتىپلارنىڭ ئىشلىتىشىگە ھەقسىز ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ،»① دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. مانا مۇشۇنداق

قىلغاندىلا، ئاندىن كارخانىلارنى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرىدىغان ئىقتىسادى گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھاياتى كۈچىنى ئاشۇرۇش بىلەن، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى، ئىجاتچانلىقىنى تولۇق قوزغىغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئىجتىمائىلىشىش دەرىجىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۇلۇكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى دۆلەتنىڭ ئۆزىگىلا مەركەزلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنغاندا كارخانىلارنىڭ ھاياتى كۈچى ئاجىزلىشىدۇ، ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى بوغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ 30 نەچچە يىللىق سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى بۇنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

ئىككىنچى، ئومۇمى خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىگدارچىلىق ھوقۇقى بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئايرىۋېتىش دۆلەت بىلەن كارخانىلارنىڭ، كارخانا بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، سوتسىيالىستىك ماددى مەنپەئەت پىرىنسىپىنى توغرا ئىزچىل-ئىجرا قىلىشنىڭ زۆرۈر شەرتى. ماركس: «كىشىلەرنىڭ كۈرەش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن ھەممە نەرسىسى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.»① دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ماددى مەنپەئەت، پىرىنسىپى ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىقتىسادى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتا ماددى مەنپەئەتكە ئېرىشىشنى ئۆز مۇددىئاسى ۋە مەقسىدى قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى مۇناسىۋىتى ياكى ئىقتىسادى مۇناسىۋىتى خۇددى ئېنگېلس ئېيتقاندەك «ئالدى بىلەن مەنپەئەت مۇناسىۋىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.» سوتسىيالىستىك ماددى مەنپەئەت مۇناسىۋىتى مەركەزلىك ھالدا دۆلەت مەنپەئەتى، كوللېكتىپ مەنپەئەتى ۋە شەخس مەنپەئەتتىن ئىبارەت 3 تەرەپنىڭ ماددى مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ 3 تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىدە كارخانىلارنىڭ ماددى مەنپەئەتى دۆلەتنىڭ ماددى مەنپەئەتى بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ ماددى مەنپەئەتىنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان ئارىلىقتىكى ھالقا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيىتىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئەتى بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ شەخس مەنپەئەتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش دەرىجىسىگە قارىتا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، كارخانىلارنىڭ قىسمەن مەنپەئەتىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك. كارخانىلار قىسمەن ماددى مەنپەئەتكە ئىگە قىلىنغاندا، ئۇلاردا غايەت زور ئىقتىسادى كۈچ پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاكتىپلىقىنى، ئىجاتچانلىقىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت مەنپەئەتى، كوللېكتىپ مەنپەئەت ۋە شەخس مەنپەئەتتىن ئىبارەت بۇ 3 جەھەتتىكى مەنپەئەتنىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئومۇمى خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىگدارچىلىق ھوقۇقى بىلەن ئىگىلىك

باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئايرىۋېتىش ئېتىراپ قىلىنماي، كارخانىلارنىڭ قىسمەن مەنپەئەتى ياكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى نىسبىي مۇستەقىللىقى ھوقۇقى ئىنكار قىلىنىدىغان بولسا بۇ ھال مۇقەررەر ھالدا كارخانىلارنىڭ ۋە ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاكتىپلىقىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى ۋە ئىجادكارلىقىنى بوغۇپ تاشلايدۇ، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك ماددىي مەنپەئەت پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشمۇ بىر ئېغىز قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئۈچىنچى، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئايرىۋېتىش ئىجتىمائىي ئىشلەپ- چىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىشىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. سوتسىيالىستىك ئىگىلىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كارخانى- لارنىڭ ھەقىقىي تۈردە نىسبىي مۇستەقىللىقىغا ئىگە ئىقتىسادىي گەۋدىگە، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرىدىغان، پايدا-زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچىغا ئايلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. نىسبىي مۇستەقىل- لىققا ئىگە كارخانىلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى كارخانىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، جەمئىيەتنى تېخىمۇ كۆپ، خىلمۇ خىل تاۋارلار بىلەن تەمىنلەپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ تۈرلۈك ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت. لېكىن نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ تاۋار ئىگىلىكى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان بولۇپ دۆلەت ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشتىن خېلىلا يىراق. شۇنىڭ ئۈچۈن تاۋار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئىگىلىكنى ھەقىقىي تۈردە جانلاندۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئىگىلىكنى جانلىق باشقۇرۇپ، مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان ئىجتىمائىي تەلەپ- لەرگە سەزگۈرلۈك بىلەن ماسلىشىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەر خىل ئېھتىياجلىرىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرغىلى بولىدۇ.

## مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مۇۋاپىق ئايرىۋېتىش ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ خاراكتېرىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلمايدۇ

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئايرىۋېتىش ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا مەملىكىتىمىزنىڭ 30 نەچچە يىللىق سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبە — ساۋاقلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا يەكۈنلەش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر يېڭى تېما، شۇنداقلا ماركسىزم

نەزەرىيىسىگە قوشۇلغان يېڭى تۆھپە. نۆۋەتتە، مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئايرىۋېتىشنىڭ مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى دۆلەتكە تەۋە بولۇپ، باشقۇرۇش ھوقۇقى كارخانىلاردا بولۇش، كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۆتىرە بېرىش ئاساس قىلىنغان تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش؛ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى بەزى كىچىك كارخانىلارنى كوللېكتىپ ياكى شەخسىي ئىگىلىكچىلەرگە ئىجارىگە ياكى ھۆددىگە بېرىش قاتارلىق نۇرغۇن شەكىللىرى بار. بۇ شەكىللەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇر قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ھالدا كېڭىيىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ، ھەمدە ئۆزىنىڭ غايەت زور رولىنى بارغانسېرى نامايەن قىلىدۇ. لېكىن بەزى كىشىلەر بۇنداق قىلغاندا، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولۇش بىلەن ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كېتەرمىكىن دېسە، يەنە بەزىلەر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تەشكىللەش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىشتىكى رولى ئاجىزلاپ كېتەرمىكىن دېگەنگە ئوخشاش ئەندىشىلەردە بولماقتا. بىزنىڭچە، بۇنداق ئەندىشىلەردە بولۇش ھاجەتسىز. دەرۋەقە، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئايرىۋېتىپ، يۇقۇرقىدەك كونكرېت باشقۇرۇش شەكىللىرىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتىدە ھەقىقەتەن بەزى ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ، لېكىن بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىۋىگە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پايدىلىق. ئۇ، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىنىڭ خاراكتېرىنى ھەرگىزمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ. خۇددى «قارار»دا كۆرسىتىلگەندەك: «مۇشۇنداق قىلغاندا، ھەم پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ بىرلىكىگە پۈتۈنلۈك جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلغىلى، ھەم كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك ئىشلىرىدىكى خىلمۇ-خىللىقى، جانلىقلىقى ۋە ئىنتىلىشچانلىقىغا قىسمەنلىك جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. بۇنداق قىلىش سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىنى ئاجىزلاشتۇرمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ۋە مۇكەممەللىشىشىگە پايدا يەتكۈزىدۇ، خالاس».

چۈنكى، بىرىنچىدىن: ھەر قانداق بىر ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى شارائىتىدا، كارخانىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىكنىڭ خاراكتېرى تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا كارخانىلارنى باشقۇرۇشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى ۋە شەكلى تەرىپىدىن بەلگىلەنمەستىن، بەلكى مۈلۈكچىلىك تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىدا، مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى ئاساس بولۇپ، باشقۇرۇش ھوقۇقى ئۇنىڭغا بېقىنىدۇ. شۇڭا سوتسىيالىستىك دۆلەت ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىنى ئىگىلەپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىنىڭ خاراكتېرىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچىدىن، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ مۇۋاپىق دەرىجىدە ئايرىلىشى كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدىكى مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ بۆلۈنىشىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ بۆلۈنۈشى ئوخشاش بولمىغان مۈلۈكدارلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يەنى ئوخشاش بولمىغان مۈلۈكدارلار ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان قانۇن جەھەتتىكى ھوقۇقچىلىق ۋە مەجبۇرىيەتنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئۇ ئانتاگونىزملىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان بولىدۇ. سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ مۇۋاپىق دەرىجىدە ئايرىلىشى بولسا، بىرلىككە كەلگەن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى، تۈپ مەنپەئەت بىرلىكى ئاساسىدىكى، ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ۋە ماددىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇ ئانتاگونىزملىك خاراكتېرگە ئىگە ئەمەس.

ئۈچىنچىدىن، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش ئاساسىدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇشى شەرتلىك، چەكلىك بولىدۇ، يەنى نىسبىي بولىدۇ. كارخانىلارنىڭ دۆلەتنىڭ پىلانىغا ۋە باشقۇرۇشقا بويسۇنۇش شەرتى ئاستىدا ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ خىلمۇ-خىل جانلىق ئۇسۇللىرىنى تاللىۋېلىشىغا يول قويۇلىدۇ، كارخانىلارنىڭ دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدىن چەتنەپ تۇرۇپ، پۈتۈنلەي ئەركىن ئىگىلىك باشقۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ھەر قايسى كارخانىلارنىڭ مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئايرىشىنىڭ دەرىجىسى كارخانىلارنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە تۇتقان ئورنى ۋە رولىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر ئايرىم كارخانىلار دۆلەت بەلگىلىگەن يۆنىلىش بويىچە ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى بىلەن شۇغۇللانماي، كارخانىلارنىڭ قىسمەن مەنپەئەتىنى دەپ دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان بولسا، دۆلەت ئىقتىسادىي مەمۇرىي، قانۇنىي ۋاستىلارنى قوللىنىش ئارقىلىق كارخانىلارغا ئارىتا ئورۇنلۇق باشقۇرۇش، تەكشۈرۈش، يېتەكچىلىك قىلىش ۋە تەڭشەش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ.

قىسقىسى بۇنىڭدا، (1) ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى يەنىلا دۆلەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ. (2) كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى دۆلەتنىڭ پىلانىنى ئىجرا قىلىش ۋە دۆلەتنىڭ سىياسەت ۋە ئەمر-پەرمانلىرىغا بويسۇنۇش شەرتى ئاستىدا يۈرگۈزىلىدۇ. (3) كارخانىلارنىڭ پەيدا-زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇشى قانۇن بويىچە باجنى يۇقۇرىغا تاپشۇرۇش شەرتى ئاستىدا يولغا قويۇلىدۇ. كارخانىلارغا قالدۇرۇلغان پايدا دۆلەت بەلگىلىگەن مۇئەييەن نىسبەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش فوندى، زاپاس فوندى، كوللېكتىپ پاراۋانلىق فوندى ۋە مۇكاپات قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. (4) شەخسىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ تەقسىم قىلىنىشىدا پۈتكۈل ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى دائىرىسىدە ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ. (5) كارخانىلارنىڭ

ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئاجرىتىلغان فوندىنى ئىشلىتىپ، ئېلىپ بارىدىغان قۇرۇلۇشلار دۆلەت پىلانىنىڭ تەلىۋىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ھەمدە بۇ يېڭى تۇراقلىق مەبلەغنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىگە تەۋە بولىدۇ. دېمەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىك خاراكتېرىگە ۋە سوتسىيالىستىك ئىگىلىك باشقۇرۇش يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان ئاساسىي ئامىللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىگىلىكنىڭ مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئايرىۋېتىش — كارخانىلارنى ھەقىقىي تۈردە نىسبىي مۇستەقىللىققا ئىگە ئىقتىسادىي گەۋدىگە، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرىدىغان، پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان سوتسىيالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچى ئورۇنغا ئايلاندۇرۇش، ئۆز ئۆزىنى ئۆزگەرتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ بارىدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىش، مۇئەييەن ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بار ۋاكالەتچى ئورۇنغا ئايلاندۇرۇشتىكى بىر خىل ئاكتىپ ئىسلاھات بولۇپ، ئۇ، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىنى ئاجىزلاشتۇرماستىن، بەلكى دۆلەت بىلەن كارخانىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىنى مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ تولۇق نامايەندە قىلىدۇ.

ئىزاھاتلار:

① «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 25 - توم، 893 - بەت.
② «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 25 - توم، 435 - بەت.
③ «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 18 - توم، 315 - بەت.
④ «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم، 82 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سېلىشتۇرما تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا

ئابدۇكېرىم راخمان

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى 19 - ئەسىرنىڭ بېشىدىلا خەلقارا ئىلىم - پەن كاتېگورىيىسىگە قوشۇلغاندىن باشلاپ، ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا مىقياسىدا ئالىملارنىڭ كەڭ كۆلەملىك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. خەلقارا سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى تەشەببۇسچىسى، گېرمانىيىنىڭ كلاسسىك يازغۇچىسى گېتىدىن كېيىن بۇ ياش پەن ياۋروپا، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق رايون ۋە ئەللەردە دەسلەپكى قەدەمدە تەرەققىي قىلدى. بولۇپمۇ سۇئەييەن نەزەرىيىۋى سىستېمىغا ئىگە بولغان گېرمانىيە ئىلمىي ئېقىمى، فرانسىيە ئىلمىي ئېقىمى، رۇسىيە ئىلمىي ئېقىمى، ئامېرىكا ئىلمىي ئېقىمى ۋە ياپونىيە ئىلمىي ئېقىمى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنۈپ شەكىللىنىشكە باشلىدى، ھەمدە سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ تەرىپى، كاتېگورىيىسى، ۋەزىپىسى، ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن پەلسەپە تارىخى، ئىدولوگىيە تارىخى، مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات تارىخى جەھەتلەردە ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ھالدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ھەم ئومۇملۇققا ھەم ئايرىملىققا ئىگە خەلقارا تەسىرلەر ۋە ئۇنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە مۇپەسسەل ئىلمىي قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ، ئېنگېلسنىڭ: «بىز تارىخنى قانچە چوڭقۇر ئېچىپ تەكشۈرسەك كېلىپ چىقىشى بىر بولغان خەلقلەر ئارىسىدىكى پەرقلەرنىڭ شۇنچە كۆپ يوقۇلۇپ بارغانلىقىنى كۆرىمىز»① دېگەن پىكرى توغرىلىقىنىڭ دەلىلى.

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئۇقۇمى ئېلىمىزگە 20 - ئەسىرنىڭ 20 - 30 - يىللىرى تونۇشتۇرۇلغاندىن بۇيان، ئومۇميۈزلۈك ھالدا كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىنى ۋە دىققىتىنى قوزغىغان بولسىمۇ، بۇ ساھەدە تاشلانغان قەدەم تەكشى ۋە پۇختا بولمىدى. بولۇپمۇ ئۇزۇن يىل ھۆكۈم سۈرگەن «سول» پىكىر ئېقىمىنىڭ كاشىلىسى ۋە توسالغۇسى ئاستىدا جۇڭگوچە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئىلمىي ئېقىمى شەكىللەنمىدى، گەرچە 3 - 4 يىلدىن بۇيان بۇ ساھەدە خېلى كۆپلىگەن ئالىملار ۋە تەتقىقاتچىلار زور تىرىشچانلىق بىلەن ئەمگەك قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئېلىمىزدە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات يەنىلا تېخى بىر يېڭى پەن ھالىتىدە تۇرماقتا.

1984 - يىلى بېيجىڭ داشۆنى مەركەز قىلغان ھالدا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەرجىمە ماقالىلار توپلىمى»، «سېلىش-تۇرما ئەدەبىيات تەتقىقات خەۋەرلىرى» قاتارلىق ماتېرىياللار ئارقا-ئارقىدىن نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە تەسىر تەتقىقاتى (مەملىكەتلەر ئارا مەدەنىيەت تەسىرى)غا ئائىت ئەسەرلەرمۇ، پاراللېل تەتقىقاتى (بىر مەدەنىيەت سىستېمىسى، ئوخشىمىغان دەۋرلەرگە تەئەللۇق ئەدەبىيات ھەركىتىنى ئۆزئارا پاراللېل ھالدا سېلىشتۇرۇش)غا ئائىت ئەسەرلەرمۇ بار. مەسىلەن: پروفېسسور جى شيەنلىنىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژور-نىلىنىڭ تۇنجى سانىغا بېسىلغان ماقالىسى بىلەن پروفېسسور ۋۇبىڭئەننىڭ «شىنجاڭ خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقات خەۋەرلىرى» 1984 - يىل 3 - سانىغا بېسىلغان ماقالىسى تەسىر تەتقىقات دائىرىسىگە تەۋە بولسا، يولداش ليۇبىڭنىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژورنىلى 1983 - يىل 2 - سانىغا بېسىلغان ماقالىسى پاراللېل تەتقىقات دائىرىسىگە تەئەللۇق. سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى بويىچە يۇقۇرقى ئەسەرلەرنىڭ شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشىشى شىنجاڭنىڭ سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى بىر يېڭى باشلىنىش بولدى. ئىشىنىمىزكى، ئۇزۇنغا بارمىغان يېقىن كەلگۈسى ئىچىدە جۇڭگوچە ئۇسلۇبقا ئىگە بولغان سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقات سىستېمىسى بارلىققا كېلىپ، خەلقارا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات مۇنبىرىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالغۇسى. چۈنكى، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئۈچۈن ئېلىمىز تولىمۇ پايدىلىق شەرت-شارائىتلارغا ئىگە. خۇددى جى شيەنلىن ئەپەندى كۆرسەتكەندەك، «دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا شەرق ئەدەبىياتى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. جۇڭگو، ھىندىستان، ئىران، ئەرەب، ياپون قاتارلىق كۆپلىگەن شەرق ئەللىرىنىڭ ئەدەبىياتى دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىدە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن، دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.»② بىز پەقەت سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئارقىلىق شەرق ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئېلىمىز ئەدەبىياتىنىڭ قىممىتى ۋە ئۇنىڭ دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى مۇھىم ئورنىنى چۈشىنىپ ئالالايمىز. بۇ بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىشىمىز، ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ئىگىلىشىمىزگە، بۇ ئارقىلىق مىللىي ئىپتىخارىمىزنى ئۆستۈرۈپ، دۇنياۋى مەدەنىيەت يارىتىش نىشانىسى ئاستىدا ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىشىمىزغا زور ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ.

X X X

ئېلىمىز جۇڭگو 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئۇزۇن تارىخلىق شەرق مەملىكىتى، بۇ چوڭ ئائىلىدە ياشىغۇچى مىللەتلەرنىڭ تىللىرى خەنزۇ-زاڭزۇ تىل سىستېمىسى، ئالتاي تىل سىستېمىسى، ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسى ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا تىل سىستېمىلىرىغا مەنسۇپ. تارىخ، جۇغراپىيە، سىياسىي، ئىقتىسات، دىن، مىللەت، قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك ئامىللار ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ياشىغۇچى خەنزۇلار ۋە خوشنا ئەللەر خەلقلىرى ئارىسىدا ئىنتايىن قويۇق مەدەنىيەت ئالاقىسىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۇنداق ئۇزۇن ئەسىر ئەدەبىياتىنىڭ تېمىسى، سيۇژېتى، ژانىرى ھەتتا ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلاردا روشەن ئىپادىلىنىپ، ئۇلار ئېلىمىزدە، سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنى قانات يايدۇرۇشنىڭ پايدىلىق شەرت - شارائىتىنى تولۇق ھازىرلىغان. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئوخشاش بولمىغان مۇنداق مەدەنىيەت ئالاقىسى، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت سىستېمىلىرى ئۇچراشقان جايلاردا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. شىنجاڭ رايونى ئەنە شۇنداق خاراكتېرگە ئىگە دۇنيانىڭ تارىخى مەدەنىيەت تۈگۈنى ھېسابلىنىدۇ. بۇ رايوندىكى 13 مىللەتتىن تەركىب تاپقان شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىدا ئاساسى مىللەت ھېسابلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ قەدىملىكى، خىلمۇ - خىللىقى، باي مىللى ئەنئەنىگە ئىگە بولغانلىقى قاتارلىق تۈپ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كۆزنى چاقنىتىدۇ. مۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقىنىڭ ئوبېكتىپ ۋە سۇبېكتىپ سەۋەبلىرى مەۋجۇت:

ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان تارىختا «غەربى رايون» دېگەن ئومۇمى نام بىلەن داڭ كۆتەرگەن شىنجاڭ كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدىغان ۋەتىنىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، قەدىمقى گرېك (يۇنان) مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى ۋە مېسوپوتامىيە مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت تۆت بۈيۈك قەدىمقى زامان مەدەنىيىتى قوشۇلغان مەركىزى رايونغا جايلاشقان. تارىختىكى خىرىستىيان، مانى، ئاتەشپەرەسلىك، بۇددا ۋە كېيىنكى ئىسلام دىنى قاتارلىقلار ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ شۇ جايغا تارقالغان. بۇ خىل دىنلار ئۆزى بىلەن بىللە ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت تەسىرلىرىنى ئېلىپ كەلگەن. بۇ دىنلار مەركەز قىلغان ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى كەڭ رايونلارنىڭ ھەممىسىدە تارىختا قۇدرەتلىك ئىمپېرىيەلەر قۇرۇلغان ھەمدە ئەنە شۇ ئىمپېرىيەلەر ئوتتۇرىسىدا قويۇق سودا ئالاقە ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ كەلگەن. شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتى جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆز بۆشۈكىدە پەيدا بولۇپ، ئۆز جايىدا يېتىلىش جەريانىدا ئەنە شۇ ئوخشاش بولمىغان قەدىمقى زامان دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاكتىپ تەسىرىنى ئۆز ئىچىدىن كۆچۈرۈپ، بىر قىسىم «ئارلاشما» نەمۇنىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئامىلى بولغان تىل نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قەدىمقى تۈرك، مۇڭغۇل، ھىندى (ئەنەتكەك)، تۇخار، پارس، ئەرەب قاتارلىق كۆپ خىل تىل ئامىللىرىنىڭ تەسىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ھەمدە ئۆز ئەدەبىياتىنى ئۇيغۇر يېزىقى، تۈرك يېزىقى، سانسكرت يېزىقى، مانى يېزىقى، رۇم يېزىقى، سوغدى يېزىقى، پارس يېزىقى، ئەرەب يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقى قاتارلىق تىل قوراللىرى بىلەن خاتىرىلىگەن.

دىققەتكە سازاۋەر ئوبېكتىپ ئامىللارنىڭ بىرى شۇكى، شىنجاڭ خەلقارا «يىپەك يولى» نىڭ تۈگۈنى بولغانلىقى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىردە ئۆتكەن خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى

جاڭ چيەننىڭ بۇ تۈگۈننى يەنە مەملىكىتىمىزنىڭ چاڭئەن شەھىرىگە تۇتاشتۇرغانلىقى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن چاڭئەندىن بىۋاستە ھالدا ياۋروپادىكى رىمغىچە ئۈزۈلمەس «يىپەك يولى» — كارۋان قوڭغۇرىقىنىڭ جاراڭلاپ تۇرغانلىقى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئايان، «يىپەك يولى» مۇناسىۋىتى شىنجاڭ ئۈچۈن نۇرغۇن ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە تولىمۇ ئەھمىيەتلىك مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە.

يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن كونىلىققا مەھكەم يېپىشىۋالمايدىغان يېڭىلىققا تېز قوبۇل قىلىدىغان، مەھكۇملۇققا قارشىلىق كۆرسىتەلەيدىغان مەرىپەتپەرۋەر خەلقلەردىن ھېسابلىنىدۇ.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان پايدىلىق ئىمكانىيەتلەر ۋە گۈزەل ئارقا كۆرۈنۈش تۇپەيلىدىن، شىنجاڭ - سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ھەقىقى ۋە پايدىلىق زېمىنى بولۇشقا مۇناسىپ. ھازىرقى زامان ياۋروپا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىمۇ بۇ نۇقتىنى بىردەك ئېتىراپ قىلىشماقتا، ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر ئالىمى مورگاننىڭ «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم دەرياسى تۈزلەڭلىكى ئاستىدا كۆمۈلۈكتۇر. قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن. دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى مەلۇم بولغۇسىدۇر»③ دېگەن بىر ئابزاست سۆزىمۇ مۇشۇ نۇقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇڭا ئېلىمىز ۋە چەتئەل ئالىملىرىنىڭ سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا شىنجاڭ تېخى ئېچىلمىغان كەڭ بىر پارچە «بوز يەر» دېگەن پىكىرلىرى ئەلۋەتتە ئاساسسىز ئەمەس. سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئارقىلىق يەكۈنلىنىدىغان دۆلەت ۋە مىللەتلەر ئارا بولىدىغان مۇنداق مەدەنىيەت ئالاقىسى ۋە ئەدەبىيات تەسىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردىن تارتىپ تاكى بۈگۈنكى پارلاق سوتسىيالىستىك دەۋرگىچە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلگەن بىر مۇھىم ئەنئەنىدۇر.

ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئىپتىدائىي مىفلار باسقۇچىدا (ئەپسانىچىلىق دەۋرىدە) يارىتىلغان «ئادەمنىڭ پەيدا بولىشى» توغرىسىدىكى ئەپسانىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئالساق، ئۇنىڭ ئۆزىلا سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. «ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى» توغرىسىدىكى بۇنداق ئەپسانىلار دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە، كۆپلىگەن قەدىمى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدە بولغان. بۇ ئەپسانىلارنىڭ ئورتاق مەزمۇنىدا بىردەك، ئەڭ دەسلەپكى ئىنسانلارنى خۇددى لاي - تۇپىدىن يارىتىلغان، دېگەن ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇر سىستېمىسى ئەكس ئېتىلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ قەدىمقى دەۋردىكى «ئۆرپ - ئادەتلەر خاتىرىسى» قاتارلىق كۆپلىگەن مەنبەلەردە ئايال ئىلاھ نۈيۋا سېرىق تۇپىدىن ئادەم ياسىغانلىق، تومۇش كولى بىلەن تۇپان بالاسىنى توسۇپ قالغانلىق ھەققىدە قىزىقارلىق ئەپسانىلار بار. «تەۋرات» تىكى «دۇنيانىڭ يارىلىش خاتىرىسى» دە، يەھۇدىيلەرنىڭ خۇداسى ياخۋى (yaveh)نىڭ تۇپىدىن ئادەم ياراتقانلىقى ھەققىدە بىر ئەپسانە خاتىرىلەنگەن. قەدىمقى مىسىر رىۋايەتلىرىدىكى بۆرە باشلىق مىرنوم دېگەن خۇدامۇ لاي - تۇپىدىن ئادەم يارىتىپ، ئۇنىڭغا روھ بەرگەن. قەدىمقى گىرىك ئەپسانىلىرىدىكى «خۇدالار دەرگاھىنىڭ شەھنشاسي

زېۋس» مۇ لاي-توپىدىن ئادەم يارىتىپ، كېيىن جان ۋە ئەقىل كىرگۈزگەن. ئاجايىپ كۈچكە ئىگە پرومېتېي (prometheus) مۇ پىششىق لايدىن قۇش، ھايۋان، تۇرۇن-قوڭغۇزلارنى ياساپ، يەنە ئىلاھنىڭ ئىرادىسىگە ئاساسەن ئادەم ئىلىپ ياراتقان. شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىيانلار ئارىسىدا كەڭ زېمىننى ياراتقان خۇدا قىزىل، قوڭۇر توپىنى لاي قىلىپ، ئاندىن ئەڭ دەسلەپكى ئىنسان-بىر جۈپ ئەر-ئايالنى ياراتقان، دەيدىغان ئەپسانە تارقىلىپ يۈرمەكتە. پارسلارنىڭ قەدىمقى «ئاۋستا» كىتاۋىدىمۇ تۇنجى ئادەم-قۇدرەتلىك كىيۇمارسنىڭ سېرىق توپىدىن يارالغانلىقى ھەققىدە قىزىقارلىق ئەپسانىلار بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى مەنبەلەردە كىيۇمارسنى «توپراقشاھ» (گىلشاھ) «دەپ ئاتىغان» («ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى» 1-تومىغا قاراڭ). ھەتتا ئىسلام ئەقىدىسى ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدىمۇ ئادەم توپىدىن يارالغان دېگەن قاراش تەكىتلىنىدۇ. بۇ قەدىمقى ئەپسانىلار ئاسىيا-ياۋروپا قۇرۇقلىقىدا، شىمالىي ئامېرىكا ۋە ئوكيانىيەنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تارالغان بولۇپ، بۇ رايونلار گەرچە بىر-بىرىدىن مىڭلاپ چاقىرىم ئايرىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ناھايىتى ئوخشۇشۇپ كەتكەچكە، ئۇنىڭغا قارىتا سېلىشتۇرما تەتقىقات يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، بۇنداق ئوخشاشلىقنىڭ كونكرېت سەۋەبلىرىنى تېپىپ چىققىلى بولىدۇ. يەنى ئەپسانىلار ئورتاق ھالدا ئىپتىدائىي ئانىمىستىك قاراشلار ئىگىزىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىنسانىيەت گەرچە ئىلگىرى-ئاخىر بولسىمۇ ئومۇمەن ئورتاق بولغان ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچى-ساپالچىلىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. لاي-توپىدىن ئادەم يارىتىش ھەققىدىكى مۇنداق ئاجايىپ-غارايىپ ئەپسانىلار مۇقەررەركى ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىنى ساپالچىلىق سەنئىتى بىلەن فانتاستىك ھالدا بىرلەشتۈرگەنلىكىنىڭ يەكۈنى ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ قەدىمقى ئەپسانىلىرى ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات يۈرگۈزگەندە، بۇنداق ئوخشاشلىقنى كۆپلەپ ئۇچرىتىش مۇمكىن. ھازىرچە ئوخشاش تىپتىكى ئەپسانىلار ئەڭ بۇرۇن قايسى مىللەتتە پەيدا بولغان؟ زادى كىم-كىمگە تەسىر كۆرسەتكەن؟ دېگەن مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان يېتەرلىك ماتېرىيال بولسىمۇ يېقىندىن بۇيان بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ جەھەتتە مەلۇم ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ ھېس قىلىشىچە، ئېلىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەلمىساقتىن تارتىپ ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇش توغرىسىدىكى ئەپسانىلار ئەڭ ئاۋال ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولغان. كېيىن ئۆز ئارا مىللىي مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يوللىرى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارغا تارقالغان. بۇنداق بولۇشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرى شۇكى، بۇ خىل ئەپسانىلار پەقەت ئەشۇ ئازسانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ئەپسانىلاردا بايان قىلىنغان بەزى ئېتنىك ئادەتلەر ھېلىمۇ شۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىدا مەۋجۇت. لېكىن خەنزۇلار ئارىسىدا بۇ خىل ئەپسانىلار جېيەنگو، خەن دەۋرلىرىدىكى خاتىرىلەردە پارچە-پۇرات يېزىپ قالدۇرۇلغاندىن كېيىن تارقىلىشقا باشلىغانلىقى مەلۇم، لېكىن بۇ

مەسىلە ئۈستىدە داۋاملىق ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىپ، مۇكەممەل ئىلمىي يەكۈن چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى رىۋايەتلىرى ئىچىدە «ئايال ئىلاھ ئۇماي» ھەققىدە خېلى كۆپ خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇرلار تۆتېمىزىم ۋە شامانىزىم دەۋرلىرىدە ئۇماي ئىلاھىغا چوقۇنغان. ئۇماي ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ئۇيغۇرچە مەنبەلەردىن باشقا قەدىمقى سانسكرىتچە، خەنزۇچە ھۆججەتلەردىمۇ خاتىرىلەنگەن. ئۇماي ئانا ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا تارقالغان دەۋرى ناھايىتى قەدىمقى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. ھىندىلاردا ئۇماي رىۋايىتىنىڭ تارقالغان ۋاقتى مىلادى 4 - ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. دۇنخۇاڭ مىڭ ئۆيلىرىدە 423 - گۈللۈك كېمىرىدىكى تەسۋىي سۈرەتتە، قەدىمقى رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان شەرقىي ئىلاھبەگىنىڭ ئۈچقۇر ئەجدىھارغا مىنىپ، كۈنلۈن تېغىغا بېرىپ كۆرۈشكەنلىكى، ئۇماي ئانا سۇمرۇغقا مىنىپ شەرقىي ئىلاھبەگىنى كۈتۈۋالغانلىقىغا دائىر كۆركەم مەنزىرە تەسۋىرلەنگەن. «كۆل تېگىن مەڭگۇ تېشى» شەرق تەرىپىنىڭ 31 - قۇردا «ئۇماي تەگ ئۆگىم قاتۇن قۇتىڭا ئىنىم كۆل تېگىن ئەر ئات بولتى» (ئۇمايدەك ئانام خانىشنىڭ دۆلىتىدە ئىنىم كۆل تېگىن ئەر ئاتالدى) دېيىلگەن.④

خەنزۇچە مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن ئۇماي ھەققىدىكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، شۇ زامانلاردا شىيايۇنىڭ ۋۇجىياڭ دەرياسىنىڭ شىيەنبا بوغزىنى تىزگىنلەپ خەلققە قوت - بەخت كەلتۈرۈش ئۈچۈن جاپالىق ئەمگەك قىلغانلىقىغا غەربى ئۇماي ئانىنىڭ 12 قىزى ئىنتايىن نايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇغان. ئۇماينىڭ قىزلىرى ئۆزلىگىدىن يۇرتىدىن ئايرىلىپ ۋۇجىياڭ دەرياسى ۋادىسىغا بېرىپ، شىياۋيۈيگە ياردەملەشكەن. كېيىن بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئۇماي ئانا، يولۇچىلارغا نىشان بەلگۈلەپ بېرىش ئۈچۈن قىزلىرىنى خادا تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. بۇ خادا تاشلار ھازىرغىچە بارمىش. بۇ مىساللار ئۇماي ئىلاھى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە سىڭىپ كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

«باتىسقان ئانا رىۋايىتى» (شۋاڭمۇ) ھەققىدىمۇ شۇنداق دەپ ئېيتىش مۇمكىن. غەربىي خەن دەۋرلىرىدىن ئىلگىرى قۇمۇچقا پۈتۈلگەن خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپ قايتا ئىشلەنگەن «مۇ تەڭرىزادە تەزكىرىسى»دە، جۇمۇۋاڭنىڭ غەرپكە ساياھەت قىلىپ كۈنلۈن تېغىغا بارغانلىقى ۋە باتىسقان ئانا بىلەن ئۇچراشقانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. لېكىن ھەر خىل تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «باتىمسقان ئانا رىۋايىتى»نىڭ ئىزلىرى يوقالغان بولۇپ، خەنزۇلار ئارىسىدا بۇ ھەقتىكى خاتىرىلەر كۆپ ساقلانغان.

ھازىر خەنزۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق بولغان «مولەن داستانى» ئۈستىدىمۇ سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى باردەك قىلىدۇ.

«مولەن داستانى» شىمالى سۇلالىلار خەلق قوشاقلىرى ئىچىدىكى داڭلىق ئەسەر بولۇپ، ئۇ شىمالدا ياشىغۇچى قېرىنداش مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خەنزۇ ئەدەبىياتىغا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بولغان تەسىرىنى ئەسلى پاكىتلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

مولەن ئەمگەكچان، باتۇر ھەققانىيەتچى قىز بولۇپ، ھەر كۈنى دەستگاھ ئالدىدا ئولتۇرۇپ رەخ توقۇيدۇ. تۇساتتىن ئۇرۇش قوزغىلىپ، خاقان «ئەسكەر ئېلىش بۇيرۇقى» ئېلان قىلىدۇ. ئۇنىڭ قېرى دادىسىمۇ مەجبۇرى ئەسكەرلىككە تىزىمغا ئېلىنىدۇ. مولەن دادىسىغا بولغان مۇھەببىتىنى ۋە ۋەتەننى قوغداش قىزغىنلىقى تۈپەيلىدىن، ئەرەنچە ياسىنىپ، جەڭ ئېتىغا مىنىپ دادىسىنىڭ ئورنىغا ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىدۇ. جاپالىق 10 يىللىق ئەسكىرى تۇرمۇش مولەننى قەتئىي ۋەتەنپەرۋەر، جەڭگىۋار قىلىپ چېنىقتۇرىدۇ. ئۇ نۇرغۇن خىزمەت كۆرسىتىپ، زەپەر بىلەن قايتىپ كېلىدۇ. «مولەن داستانى» ئەسلىدە قايسى مىللەتكە مەنسۇپ بولۇش مەسىلىسى ئۇزاقتىن بۇيان بەس - مۇنازىرىدە بولۇپ كېلىۋاتقان مەسىلىدۇر. بەزىلەر مولەننى خەنزۇ قىزى، پاسلىسى جۇ ياكى خۇا، دەيدۇ؛ بەزىلەر ئەينى دەۋردە شىمالدا ياشىغان خۇلاردىن دېسە، يەنە بەزىلەر ئۇ خەنزۇلار بىلەن شىمالى ئاز سانلىق مىللەت - خۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىر ئادەمگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بەدىئىي ئوبراز دېيىشىدۇ.

«مولەن داستانى» دىكى تۆۋەندىكى نۇقتىلار ئەلۋەتتە كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغىماي قالمايدۇ.

(1) «مولەن داستانى» دا «可汗» (خاقان) دېگەن قەدىمقى تۈركچە ئەمەل نامى ئىشلىتىلگەن، ھەمدە بەزى جايلىرىدا «天子» (خان) دېگەن خەنزۇچە ئەمەل نامىمۇ ئىشلىتىلگەن.

(2) مولەن شىمالدىكى مىللەتلەرنى «خۇ» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئاتالغۇ ئەسلىدە شىمالدىكى تۈركلەشكەن ھۆكۈمران تەبىقە - سىيانپىلاردىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار شىمالدىكى خەنزۇلاردىن باشقىنى «خۇ» دەپ ئورتاق نام بىلەن ئاتاشقان.

(3) مولەن ئۇرۇشقا ماڭىدىغان چاغدا ئۆيىگە يېقىنلا يەردىكى بازاردىن ئات، ئىگەر توقۇم قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋالىدۇ. بۇ ھال ئۇنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ياشىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

(4) مولەن ئۇرۇشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خان بەرگەن ئەمەل ۋە ئىنئاملارنى رەت قىلىپ، «بىر ياخشى تۆگە بېرىپ، مېنى ئۆز يۇرتۇمغا قايتۇرۇۋەتسىڭىز» دەيدۇ.

(5) مولەن ئۇرۇشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي خەنزۇچە كىيىنىۋالىدۇ. بۇ ھال بىزگە شۇنىڭدىن بىشارەت بېرىدۇكى، ئۇزۇن بىر مەزگىل خەنزۇلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن سىيانپىلار ئاخىرقى ھېساپتا سان جەھەتتىن كۆپ، مەدەنىيەت جەھەتتىن ئۈستۈن بولغان خەنزۇلارغا ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتكەن ئىدى. مولەننىڭ خەنزۇچە كىيىنىۋېلىشى ئېھتىمال مانا شۇ ئاسسىمىلاتسىيە سەۋەبىدىن بولسا كېرەك.

شۇنىسى ئېنىقكى، «مولەن داستانى» پەيدا بولغان دەۋر شىمالى خانلىقلار (مىلادى 385 - 581 - يىللار) دەۋرى بولۇپ، بۇ مەزگىلدىكى ھاكىمىيەت شىمالدىكى كۆچمەن

چارۋىچى مىللەت - سىيانپى تۈركلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. مىلادى 3 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا سىيانپىلاردىن توبا ناملىق قەبىلە ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ كوكخوت شەھىرىنىڭ جەنۇبى ۋە چوغاي تاغلىرى (ئايشەن)نىڭ ئەتراپلىرىنى ئىگەللىۋالىدۇ. ئۇلار 4 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا قىنچىڭ (ھازىرقى داتوڭ) شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ، جوڭگو تارىخىدا شىمالى ۋېي خانلىق (مىلادى 386 - 534 - يىللار) نى قۇرىدۇ. خۇددى شۇ مەزگىللەردە يەنە بىر تۈركلەشكەن خەلق - جۇجانلار (ئاۋارلار) ھازىرقى موڭغۇلىيەدە باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. «مولەن داستا-نى»دا ئەنە شۇ جۇجانلارغا ئائىت مەلۇماتلارمۇ بار.

دېمەك، «مولەن داستانى» ئېلىمىزدە مانا شۇنداق مىللەتلەرنىڭ چوڭ بىرلىشىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان پەيتىدە مەيدانغا كەلگەچكە، مولەن ئوبرازىمۇ قانداقتۇر يالغۇز خەنزۇلارغىلا تەئەللۇق بولماستىن، بەلكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تەپەككۇرى ئاساسىدا ئومۇملاشتۇرۇپ يارىتىلغان بولۇپ، ئۇزاق ئەسىرلىك ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قويۇق دوستلۇقىغا ئېنىق شاھىتتۇر. شۇنىسى ئېنىقكى، مولەن داستانىنىڭ تېمىسى ۋە سيۇژىتى شىمالدا ياشىغۇچى مىللەتلەردىن كەلگەن.

قەدىمقى ئەدەبىيات ۋە ئېتنوگرافىيەلىك نۇقتىلار بۇنداق خەلقارا ئورتاقلىقنى ناھايىتى كۆپ ئەمەلى مىساللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. سەھىپىمىزنىڭ چەكلىك بولۇشى تۈپەيلىدىن بۇ ھەقتە كۆپلەپ مىسال كەلتۈرمەيمىز. يولداش ليۇ بىڭ «شىنجاڭ مىللى ئەدەبىياتىدىكى سىلىشتۇرما ئەدەبىيات توغرىسىدا مۇلاھىزە»⑤ دىگەن ماقالىسىدا شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتى غەرب ئەدەبىياتىنى سىلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى تۆھپىسى ۋە تەسىرىنى كۆرسىتىپ، دەسلەپكى قەدەمدە بىزنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن قىلدى. دوتسېنت ئابدۇشۇكۇر مەمتىمىن «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ ناخشا - ئۇسۇل سەنئىتى» ناملىق ئەسىرى ۋە بۇددىزىم مەدەنىيىتى دەۋرىگە تەئەللۇق بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆرسەتكەن تەسىرلىرى ھەققىدە يازغان بىر قانچە ماقالىسىدا سىلىش-تۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئۈچۈن كېرەكلىك بەزى ماتېرىياللارنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى. دەرۋەقە، ھىندى بۇددىزىم ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن ئۆز ئارا سىڭىشىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھىندى ئەدەبىياتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قانچە مىللەتلەرنىڭ ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىشتە ۋاستە بولۇپ خىزمەت قىلغان. شۇنداقلا قەدىمقى كۇسەننىڭ ئاتاقلىق مۇتەپەككۇرى كۇمراجىۋا (مىلادى 344 - 401 - يىللار)، بەشبالىقلىق سىڭقۇسەلى، ئەشقەرلىق خۇيلىن (مىلادى 737 - 820 - يىللار)، كوچارلىق لى يەن (مىلادى 789 - 795 - يىللار ئارىلىقىدا ۋاپات بولغان)، بەشبالىقلىق ئارغۇن سەلى، لىيەن خۇيشەن قايا، سارابان، بويان بوغا تېگىن، يىنيە ناسلى، ليۇمىڭ شەن قاتارلىق مەشھۇر ئەدەب - سەنئەت-كارلار، تىلشۇناس ۋە تارىخشۇناسلارمۇ بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ ئەنە شۇ رايونلارغا تارقىلىشىدا ئۆچمەس خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن.⑥

www.uyghurkitap.com

گەرچە ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەرەپ، پارس ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئېغىر تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ لېكىن روشەن مىللىي خاسلىقتا ئەمەس بولغان قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىنى ئۈزۈپ تاشلىيالمىدى. لېكىن بەلگىلىك قانۇنىيەت ئىچىدە ئېيىما، سىيۇژەت، شەكلى، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە ۋاستىلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە يەنىلا پارس - ئەرەپ ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا بولالمىدى. بۇنداق تەسىرنى كۆپرەك 11 - ئەسىردىن كېيىنكى (قارا خانىلار دەۋرى) مەشھۇر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ. «پارس - ئەرەپ ئەدەبىياتىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر كىلاسسىك ئەسەرلىرىدىكى سىرتىنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ قەدىمقى ئىبراي ئەدەبىياتى ۋە يەھۇدىلەر ئەدەبىياتىغىچە سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ».⑦ لېكىن بۇ خىل تەسىرنى ئومۇمۇل ھالدا پەقەت بىر تەرەپنىڭ يەنە بىر تەرەپكە كۆرسەتكەن تەسىرى دەپلا قاراش ئامەي جەھەتتىن پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

سىيۇژەت جەھەتتىن ئالغاندا، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر «خەمسىچىلىك» ئەدەبىياتى ئۇچۇن ئاساس بولغان «لەيلى - مەجنۇن»، «ئىسكەندەر نامە»، «يۇسۇپ - زىلەيخا» قاتارلىق خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىگە مەنسۇپ بولغان سىيۇژېتلارنىڭ ئالدى بىلەن پارس - ئەرەپ ئەدەبىياتىدىن سىڭىپ كىرگەنلىگە ئوخشاش «پەرھات - شېرىن»، «غېرىپ - سەنەم»، «ئەفرەسىياپ» قاتارلىق مىللىي سىيۇژېتلار ئەرەپ - پارس ئەدەبىياتىغا تەسىر قىلغانلىغى، جۈملىدىن ئالدى بىلەن ھىندى كلاسسىك ئەدەبىياتى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرىپ ئومۇملاشقان «بەختىيارنامە»، «تۇتىنامە» دەك چاتما قىسسەلەر شەكىل ۋە سىيۇژېت جەھەتتىن ئەرەپلەرنىڭ «مىڭ بىر كېچە» گە بەلگۈلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىگى مەلۇم.⑧

بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە كەلسەك، ئۇ باشتىن - ئاخىر دېگىدەك شۇ مىللەتنىڭ ئۇزۇلمەس بەدىئىي ئەنئەنىسىگە ئاساسەن بىر قەدەر نىسپىي مۇقىملىققا ئىگە بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە دەۋر ئۆزگىرىشى، دۆلەت ۋە مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالاقىسى تۈپەيلىدىن، يەنە بەلگىلىك دەرىجىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن خالىي بولالمايدۇ. لېكىن بۇنداق ئۆزگىرىش مەزمۇنغا قارىغاندا تولىمۇ ئاستا بولۇپ، ئۇزاققا سوزۇلۇچانلىققا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى شەرتلىك رەۋىشتە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئەدەبىيات دەپ ئىككى چوڭ دەۋرگە بۆلۈپ قارىساق، بەدىئىي ئەنئەنە جەھەتتىن مۇئەييەن ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز. بىزگە مەلۇم بولغان ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، ۋەزىن جەھەتتىن مۇرەككەپ بولمىغان مۇرەببە شەكلى بىلەن بارماق ۋەزىنىنىڭ تۆتلىكلەر (ھازىرقى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئاساسى گەۋدىسى) كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مۇنداق مورەببەلەر قاپىيە جەھەتتىن كۆپرەك aaab شەكلىدە تۈزۈلگەن. يەنە ئەشۇ دەۋرگە تەئەللۇق بولغان قەدىمقى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا يالغۇز مىسرالارنىڭ ئاخىرىدىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا قاپىيەلىشىپ كېلىشىگە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، شۇنداقلا يەنە، ئەڭ مۇھىمى مىسرالارنىڭ بېشىدىكى سۆزلەرنىڭ ئاھاڭداشلىق

قانۇنىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، خىلمۇ - خىل قاپىيە شەكىللىرىنى ھاسىل قىلىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىلگەن. مۇنداق باش قاپىيەلىك شېئىرلار، مىسرالارنىڭ ئاخىرىدىكى قاپىيەگە قاراپ كوبلېتلارغا ئايرىلماستىن، بەلكى، مىسرالارنىڭ بېشىدىكى قاپىيەگە قاراپ كوبلېتلارغا ئايرىلغان. شۇ سەۋەپتىن بۇنداق شېئىرلاردا، مىسرالارنىڭ بوغۇم سانىغا مۇئەييەن ئۆلچەم قويۇلمىغان. باش قاپىيە ئېھتىياجى ئاستىدا بەزى مىسرالار قىسقا، بەزى مىسرالار ئۇزۇن بولۇپ تۈزۈلگەن. نەتىجىدە ئاياق قاپىيەلەر ئىزچىل ھالدا ماسلىشىپ كەلمەي، پىكىر ئېقىمىغا قاراپ ھەر خىل تەرتىپتە ماسلاشتۇرۇلغان. بۇنداق باش قاپىيەلىك شېئىرلارنىڭ مىسرالىرى ئوخشاش سوزۇق تاۋۇش ياكى ئاخىرىغا ئوخشاش سوزۇق تاۋۇش ئۇلىنىپ كەلگەن ئوخشاش ئۈزۈك تاۋۇشتىن كەلگەن سۆزلەر بىلەن باشلىنىدۇ؛ مەسىلەن:

بەلدە تۇرغان بەش ئون ئوغلان
بەگىم قايدا تەرمۇ ئەركى
بەزەكلىكتە قىزلار تىرقىن
بەتەرمۇ كوڭلىن (ئەركى)

ئەشۇ خىلدىكى باش قاپىيەلىك شېئىرلار «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا كىرگۈزۈلگەن شېئىر - قوشاقلار ئارىسىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

لېكىن ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى يازما شېئىرىيەت ئارىسىدىن مۇشۇنداق ۋەزىن ۋە مۇشۇنداق قاپىيە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان شېئىرلارنى ئۇچرىتىش تەس (ئەمما كۈچلۈك ۋارىسچانلىققا ئىگە خەلق قوشاقلىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىچىدە بۇ ئەنئەنىۋى شەكىل مەلۇم دەرىجىدە ساقلانغان).

ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە نەزەر تاشلىساق، ئۇنىڭدا ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەر خىل مۇرەككەپ بەھرىلىرى كەڭ قوللىنىلغان، ھەتتا يېقىنقى زامانغىچە بۇ ۋەزىن ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. مەسىلەن: ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ يىرىك ۋەكىلى بولغان «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى ئالساق، ئۇنىڭدا بىر يۈز سەكسەنگە يېقىن تۆتلىك (مۇرەببەئە)دىن تاشقىرى، قالغان قىسىملىرى ئارۇزنىڭ ئېپىك تۈر ئۈچۈن قوبۇل قىلىنغان ئەڭ ئاھاڭدارى ۋە شەرق نەزمى ئارۇزىدا «جەڭگىۋار ئۆلچەم» دەپ ئاتالغان مۇتاقارىپ بەھرىدە يېزىلغان. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا بۇ ئەسەر ئارۇزنىڭ مۇتاقارىپ مۇسەممەنى سالىم (سەككىزلىك سالىم مۇتاقارىپ) ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان مۇتاقارىپ مۇسەممەنى مەھزۇپ (چۈشۈرۈلگەن سەككىزلىك مۇتاقارىپ) ھەم مۇتاقارىپ مۇسەممەنى مەقسۇر (قىسقارتىلغان سەككىزلىك مۇتاقارىپ) بەھرىدە يېزىلغان.

ناۋايى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە جارى قىلدۇرۇلغان ئارۇزنىڭ بۇنداق بەھرىلىرى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلۇپ، «ئىلمىي ئارۇز»دا شەرھىلەنگەن كۆپ خىل بەھرىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك جارى قىلدۇرۇلغان. قەدىمقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بارماق

ۋەزنىنىڭ ئەنئەنىسى (خەلقنىڭ ئاغزاكى ئىجادىيىتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) بۇ دەۋر ئۇيغۇر يازما شېئىرىيىتىدىن ئاساسەن چىقىپ قالغان. بۇ پىكرىمىز شۈبھىسىزكى، ئارۇز ۋەزنىنى (ئەرەب - پارس ئەدەبىياتىدىن) قوبۇل قىلىنغان شەكىل دېگەنلىك ئەمەس. ناۋادا شۇنداق دەپ قارالسا ئۇ ئىلىم - پەنگە زىت بولۇپلا قالماستىن، مىللىي ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتىپ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇ مەسىلە ھەققىدە ئۆتكەندە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلىرىمىز ئارۇز ۋەزنىمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە قەدىمدىن تارتىپ مەۋجۇت بولغان مىللىي شەكىل ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۆزلىرىنىڭ مۇناسىپ ئىلمىي پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىزمۇ بۇ قاراشلارغا قوشۇلىمىز. لېكىن مۇرەككەپ بەھرىلىك ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ھۆكۈمران ئورۇنغا كۆتۈرۈلۈشىنىڭ سەۋەپلىرى ئەرەب - پارس ئەدەبىياتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدىن بولغانلىقىنى پۈتۈنلەي چەتكە قاقمايمىز، يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ پېشۋالىرىنىڭ شېئىرى ئىجادىيىتىدە ئەرەب - پارس ئاتالغۇلىرىنىڭ كۆپلەپ ئۇچرىشى ھەتتا بەزى ئەسەرلەرنىڭ پۈتۈنلەي ئەرەب - پارس تىللىرىدا يېزىلىشى ئەينى دەۋر تارىخى مۇھىتىدا ساقلانغىلى بولمايدىغان ھادىسە ئىدى. بۇ ھال كۆپرەك شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقان خەلقلەر ئەدەبىياتىدا گەۋدىلىكرەك بولۇپ، كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر (قىپچاقلار) ئەدەبىياتىدا ئاساسەن ئۇچرىمايدۇ.

شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، قەدىمقى شەرقنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرى پارس، ھىندى ۋە ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى بىر نەچچە مەملىكەتنىڭ ئەدەبىياتىدىن ئوزۇقلۇق ئالغانغا ئوخشاش، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىدىكى بىر نەچچە تۈركى قەبىلىلەرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىن ئوزۇقلۇق ئالغان ۋە بۇ ئارقىلىق ئوخشاش خاراكتېرگە ئىگە بەزى خەلقارا ئوبرازلار شەكىللەنگەن. ئۇنىڭغا دۇنياۋى خاراكتېرگە ئىگە نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. نەسىردىن ئەپەندىدىن ئىبارەت بۇ ئاجايىپ خۇسۇسىيەتلىك ئوبرازنى يادرو قىلغان دۇنياۋى خاراك-تېرلىك خەلق لەتىپىلىرىنى قايسى بىر دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ دەپ مۇقىملاشتۇرۇش قىيىن. ھازىر خەلقارادا نەسىردىن ئەپەندىنىڭ بىبلىئوگرافىيىسى ھەققىدە ئېزىغىن بەس - مۇنازىرىلەر قانات يايماقتا، بەزى تەتقىقاتچىلار نەسىردىن ئەپەندىنى «تارىخى شەخس» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكى ۋە قايسى دەۋردە ياشىغانلىقى ھەققىدە ھەر خىل پىكىر قىلىشىدۇ. مەسىلەن: تۈركىيىلىك تەتقىقاتچى مىجىت ھاسان: «ئەپەندى 13 - ئەسىر-نىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا تۈركىيىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان، تۈركىيىنىڭ ئاقشەھەر دېگەن يېرىدە ئۇنىڭ قەۋرىسى بار» ⑨ دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر، ئەپەندى بۇخارالىق دېيىشىدۇ. «خوجا نەسىردىن ھەققىدە قىسسە» ناملىق رومانىنىڭ ئاپتورى ل. ۋ. سولوۋيېف ئۆز كىتاۋىدا: «نەسىردىن ئەپەندى بۇخارالىق بولۇپ، شۇ يەردىكى شىرمەھەممەت ئىسىملىك بىر كوزىچىنىڭ بېقىۋالغان بالىسى ئىدى. ئۇ ئۆز ھاياتىدا دۇنيانىڭ كۆپلىگەن جايلىرىغا بارغان، ئۇ بارغانلىكى يېرىدە

پۇقرالارغا ھەسداشلىق قىلىپ، ھۆكۈمرانلارغا قارشى ئىش تۇتۇپ كەلگەچكە، ھۆكۈمرانلار ئۇنىڭغا چىش - تىرنىقىچە ئۆچمەنلىك قىلىپ، ئۇنى يوقىتىشقا ئۇرۇنغان. شۇ سەۋەپتىن نەسىردىن ئەل ئىچىدە ئۆزىنى ئۆلۈپتۇ دېگەن خەۋەرنى پەيدا قىلغان. شۇڭلا دۇنيانىڭ ھەر قايسى بۇلۇڭلىرىدا — سەككىز يەردە ئۇنىڭ قەۋرىسى پەيدا بولغان، لېكىن ھېچكىم شۇ قەۋرىلەرنىڭ قايسى بىرسىنىڭ نەسىردىننىڭ قەۋرىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ، بەلكىم ئۇنىڭ ئىچىدىمۇ نەسىردىننىڭ قەۋرىسى يوقتۇر. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئەل ئىچىدە ناھايىتى يوشۇرۇن ھالدا ياشىغان. ئۇنىڭ قاچان ۋە قەيەردە قانداق ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق......»⑩ دەپ يازىدۇ. سوۋېت شەرقشۇناس، پارس - تاجىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى بوراگىنسكى: «بىزمۇ بۇ ئوبرازنىڭ پەيدا بولۇشىنى چوقۇم مۇشۇ رايوننىڭ دائىرىسىدە، دەپ چەكلەپ قويالمايمىز، بۇ ئوبراز ئوخشاش تارىخى شارائىتتا، ئوخشىمىغان جايلاردا — ئەرەپلەردىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە — ئوخشاش پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئاتالمىش مۇسۇلمان شەرقىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزئارا مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئالماشتۇرۇشى جەريانىدا بۇ ئوبراز تېخىمۇ بېيىدى ۋە تولۇقلاندى، ھەمدە بارلىق مىللەتلەر بۇ ئوبرازغا ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى قوشتى، يەنى بۇ ئوبراز ئەرەپلەر، تۈركىيىلىكلەر، ئىرانلىقلار ۋە زاكاۋكازىيەدىكى ھەر مىللەت خەلقى، ئۇيغۇرلار ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقى، ئالبانىيىلىكلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بالقاندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىمۇ راۋاجلاندى ۋە مۇكەممەللەشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئوبراز ھەر قايسى ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ھەر خىل ئوخشىمىغان شەكىللەر بىلەن جانلاندۇرۇپ،...... ئەڭ ئاخىرىدا خوجا نەسىردىن (ياكى نەسىردىن ئەپەندى، ئەپەندى، موللا نەسىردىن) دەپ ئاتالدى»⑪ دەيدۇ.

بىز يەنە نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى كەڭ تارقالغان جايلارنىڭ قايسى بىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلىساق، ئۇلارنىڭ ھەر قايسىلىرى ئوخشاشلا نەسىردىننى ئۆز يۇرتىدا ياكى يۇرتىغا يېقىنلا بىر جايدا «ياشاپ» ئۆتكەنلىكىنى ھېكايە قىلىشىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «ئەپەندى يۇرتىمىزغا يېقىن بىر جايدا تۇغۇلۇپتىكەن، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىمىز ئەپەندىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتىكەن ۋە ھەمسۆھبەت بولۇپتىكەن» دېگۈچىلەرمۇ بار. ھەتتا يەنە بەزىلەر، ئەپەندى «قەشقەرلىك، شۇڭا ئۇنىڭ بۇ جايلارغا ئالاقىدار لەتىپىلىرى كۆپرەك» دېيىشىدۇ. دەرۋەقە، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئەپەندى لەتىپىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان كۈلكىلىك ۋە يۇمۇرلۇق قىسقا ھېكايىلەر خېلى قەدىمقى دەۋرلەردىن تارتىپ مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما مەلۇم دەرىجىدە قېلىپلىشىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ «ئەپەندى» نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان لەتىپىلەر تەخمىنەن XV ئەسىرلەردىن كېيىن كۆرۈلۈشكە باشلىغانلىقى مەلۇم. ھازىر مەلۇم بولغان ئەپەندى نامىدىكى لەتىپىلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە خاراكتېرى ئۇنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدا ئۈزۈلمەي ئەنئەنە بولۇپ، تا بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەنلىكى، ھەر قايسى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن كۆپلەپ رېئال «ئەپەندى» لەرنىڭ

ئۆزلۈكسىز چىقىپ تۇرىدىغانلىقى قاتارلىق ئوبيېكتىپ ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتقاندا، ئەپەندى لەتىپىلىرى ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ مەھسۇلى دېگەن قاراش بەلگىلىك ئاساسقا ئىگە. يۇقۇرىدا مىسال قىلىنغان بوراكېنسكىنىڭ بىر ئابزاست سۆزىدىكى «لەتىپە ئەدەبىياتى ئالدى بىلەن ئەرەپلەردىن ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغان بولۇشى مۇمكىن» دېگەن پىكرى بىزنىڭچە تازا ئىلمىي قاراش بولمىسا كېرەك. دەرۋەقە، ھازىر دۇنيادىكى بىر مۇنچە مىللەتلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدا ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك، يۇمۇرلۇق شەخسلىرىنىڭ تىپى بارلىقىنى يەنى ئەرەپلەرنىڭ چوخا، ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ زۆرۈ، ئاگىزۇلارنىڭ ئاكۇدىگبا، مۇگغۇللارنىڭ بۇلۇنسان قاتارلىق شەخسلىرى بارلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلمايمىز. لېكىن ئەرەپلەرنىڭ چوخا لەتىپىسىنى مەنبە قىلغان ئەپەندى لەتىپىلىرى پەقەت 18 - ئەسىرگە كەلگەندىلا ئاندىن توپلىنىپ كىتاب قىلىنغان، ئەمما بۇگۈنكى كۈنگىچە ئۇنىڭ بىكىتىلگەن نۇسخىسى يوق. ئۇنداق بولىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. توركىيە ئالىمى ۋىلىدا ئىز بوداق «ئاساسلىق ئەنئەنىۋى كۈلكۈلۈك گەپلەر» دەپ ئاتىغان 97 لەتىپە ئىچىدىكى كۆپلىگەن لەتىپىلەر مەملىكىتىمىزدىكى شىنجاڭدا تارقىلىپ يۈرگەن لەتىپىلەرگە ئاساسى جەھەتتىن ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ بەزىلىرىدە مۇشۇ رايوننىڭ رىيال ئىجتىمائى تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.⑫

يۇقۇرقىلارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق نەسىردىن ئەپەندى بىلەن باغلىق بولغان لەتىپىلەرنىڭ دەسلەپ قايسى رايوندا پەيدا بولغانلىقىنى پەرەز قىلىش تەس بولمىسا كېرەك. ئەمىلىيەتتە، كەڭ مەنىدىكى سېلىشتۇرما ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ يەردىكى ئاچقۇچ-ئەپەندى دېگەن كىشى ئۆتكەنمۇ - يوق ياكى ئۇ قايسى دۆلەتنىڭ ئادىمى دېگەن مەسىلىدە بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ دۇنيا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئومۇمى خاراكتىر ئالغان بىر ئەدەبى ھادىسە ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈشتىن ئىبارەت، ئەگەر نەسىردىن ئەپەندى ئىسىملىك مۇشۇنداق بىر شەخسنىڭ دۇنيادىن ئۆتكەنلىكى مەلۇم بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ھەرگىز لەتىپىلەردە ئېيتىلىۋاتقان «ئەپەندى»گە تەڭ ئەمەس. چۈنكى ھەر بىر تارىخى دەۋلەردە ىق ئاممىسى ئۆزلىرى ئىجات قىلغان بارلىق يۇمۇرلۇق ھېكايىلەرنى ئەنە شۇ نەسىردىن ئەپەندى نامىغا تاقاپ، ئۇنى يوكسەك بەدىئى چىنلىققا كۆتۈرۈپ، خەلق فولكلورىدىكى ئالەمشۇمۇل بىر بەدىئى تىپقا ئايلاندۇرغان. شۇ سەۋەپتىن دۇنيا ئەدەبىيات غەزىنىسىدە نەسىردىن ئەپەندىدەك ئۇزۇن ياشىغان، ھەمدە ئىجتىمائى تۇرمۇشتىن ئىبارەت بۇ مۇنبەت تۇپراقتا ئۇنىڭدەك چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بەدىئى ئوبراز تېپىلمايدۇ.

دېمەك، بىز مەدەنىيەتنىڭ مۇنداق ئۆزئارا تەسىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە ئورتاقلىققا ئىگە بولغان مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش ئىجتىمائى دەۋردە، بىر خىل تۇرمۇش مۇھىتىدا، ئوخشىمىغان رايونلاردىمۇ ئوخشاش مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتالايدىغانلىقىنى كۆرۈ-شىمىز كېرەك. ئەگەر بۇ نۇقتىغا كۆز يۇمىدىغان بولساق مەملىكىتىمىزنىڭ ۋە دۇنيانىڭ پەلسەپە - ئىدىيە تارىخى، ئەدەبىيات تارىخى قاتارلىق پەنلەردىكى نۇرغۇن ھادىسىلەرگە جاۋاپ تاپالماي قالىمىز.

X X X

سىلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى يالغۇز دۆلەت ۋە رايونلار ئارا بولىدىغان مۇقەررەر ئەدەبىيات تەسىرلىرىنى تەكشۈرۈپلا قالماستىن، شۇنداقلا يەنە، بىر رايوندا ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدىكى ئورتاقلىق ۋە پەرقلەر ئۈستىدىمۇ پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭدىكى قانۇنىيەتلىك ھادىسىلەرنى تېپىپ چىقىشنىمۇ مەقسەت قىلىدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىشى ۋە تەسىرى كېلىپ چىقىش مەنبەسى بىر بولغان قانداش مىللەتلەر ئارىسىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەپلىرىنى سۆزلەپ ئولتۇرمىساقمۇ، كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئايان. شىنجاڭدا ياشىغۇچى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى تىل، ئۆرپ - ئادەت ۋە دىنى ئېتىقات جەھەتتىن ئىتنىك بىرلىككە ئىگە خەلقلەر بولۇپ، ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان قان - قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتى (بولۇپمۇ ئەدىمقى ئەدەبىياتى)دا كۆپلىگەن ئورتاقلىق مەۋجۇت، ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنىۋاتقان بەزى ئەسەرلەر (كۆپرەك ئاغزاكى ئىجادىيەتكە تەئەللۇق ھېكايە، چۆچەكلەر، قىسسە ۋە داستانلار) ۋە ئۇ ھەقتىكى ئايرىم تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، كونكرېت بىر پارچە ئەسەرنىڭ ئەشۇ بىر قانچە قېرىنداش مىللەتلەرگە ئورتاق ئىكەنلىكىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. ھەتتا ئايرىم ئەسەرلەر ئۈستىدە نورمال تالاش - تارتىشلارمۇ مەۋجۇت. قەدىمقى مەشھۇر ئېپوسلاردىن «ئالپامىش»، «گۆر ئوغلى»، «دەدە قۇرقۇت»، (قۇرقۇت ئاتا)، «تاھىر - زوھرا»، «پەرھاد - شىرىن»، «يۇسۇپ ئەھمەت»، «تۇتىنامە»، «بەختىيارنامە» قاتارلىقلار ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، تۈركمەن، ئەزەربەيجان قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات ئۈلگىلىرى قاتارىدا تونۇشتۇرۇلۇپ كەلمەكتە. خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىگە ئائىت ئەسەرلەرنىڭ تەۋەلىكىنى بېكىتىشكە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى فولكلور ئەسەرلىرى ئاغزاكىلىق، كوللېكتىپچانلىق، ئۆزگىرىشچانلىق، ۋارىسچانلىقتەك تۈپ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كۆپ ھاللاردا دۆلەت ۋە مىللەت چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرچە ئېتنىك مەنبەسى ئېنىق بولمىغان ئەسەرلەرنى تارقىلىش ۋە ئومۇملىشىش دائىرىسىگە قاراپ بىر تەرەپ قىلىشقا توشۇلمىز. لېكىن بۇنداق ئورتاق ئىگىدارچىلىققا ئىگە بولغان ئەسەرلەر ئۈستىدىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىلسا، بەزى چېتىشلىقى بار «چىگىش» مەسىلىلەر ئۈستىدىن توغرا ئىلمىي يەكۈن چىقىرىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ.

يېقىندا قازاقىستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمىنىڭ تەتقىقات خادىمى ب، راشىدىن ئوغلى «خەلق داستانلىرىنىڭ ژانىرلىق ئالاھىدىلىكلىرى» ناملىق ئىلمىي ئەسىرىدە خەلق داستانلىرى بىلەن كىلاسسىك يازما داستانلارنىڭ ژانىرلىق پەرقلىرى، ئوغۇز مەكتىۋىگە تەئەللۇق بولغان خەلق داستانلىرى بىلەن قىپچاق مەكتىۋىگە تەئەللۇق بولغان خەلق داستانلىرىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ۋە پەرقى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن، ئاپتورنىڭ قارىشىچە ئوغۇز مەكتىۋى دېيىلگەندە ئاساسەن ئۇيغۇر، ئۆزبېك (خارازىم)، تۈركمەن،

ئەزەربەيجان قاتارلىقلارنى؛ قىپچاق مەكتىۋىدە دېيىلگەندە ئاساسەن قازاق ۋە قىرغىزلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىنىڭ تەركىۋى بولغان قىپچاق، قوڭرات، نايمان، ئارغىن، قاڭلى، ئالتايلىق، نوغاي ۋە قىسمەن ئوغۇز (سەمەرقەنت) ئۇرۇقلىرىنى نەزەردە تۇتقان. بۇنداق ئايرىش باسكاكوپنىڭ تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدا تۈركى تىللارنى گۇرۇپپىلارغا ئايرىشى بىلەن ئاساسەن ئوخشايدۇ. باسكاكوپ ئوغۇز گۇرۇپپىسى (مەكتىۋى)نى (1) ئوغۇز - تۈركمەن بۆلىمى (X - XI - ئەسىرلەردىكى ئون ئۇيغۇر، تۇققۇز ئوغۇزلار تىلى) (2) ئوغۇز - بولغار بۆلىمى، (3) ئوغۇز - سالجۇق بۆلىمى دەپ ئۈچكە ئايرىيدۇ.

قارلۇق گۇرۇپپىسى، قارلۇق - ئۇيغۇر بۆلىمى (قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى) ۋە قارلۇق - خارەزىم بۆلىمى (قارلۇق - خارەزىم تىلى، چاغاتاي تىلى، كونا ئۆزبېك تىلى) دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ.

قىپچاق گۇرۇپپىسى (1) قىپچاق - پولوۋېتس بۆلىمى، (2) قىپچاق - بولغار بۆلىمى (ئالتۇن ئوردا (قازاق) تىلى، تاتار تىلى، باشقىرت تىلى)، (3) قىپچاق - نوغاي بۆلىمى (نوغاي تىلى، قازاق تىلى، قارا قالپاق تىلى، ئۆزبېك تىلىنىڭ قىپچاق دىئالېكتى (سەمەرقەنت تىلى) دەپ ئۈچ بۆلۈمگە ئايرىيدۇ.

قىرغىز - قىپچاق گۇرۇپپىسى (مەكتىۋى)غا يەنە قىرغىز (يېنىسەي قىرغىزلىرى) تىلى، ئالتاي تىلى، قالماق تىلى قاتارلىقلار كىرىدۇ، دەپ قارايدۇ. يۇقۇرقىلار ن. ئا. باسكاكوپنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۈركى تىللارنىڭ غەربى ھۇن تارمىقىغا مەنسۇپ بولغان تىللاردۇر. ئۇلارنى يىغىنچاقلىغاندا، تىلىنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئورتاق ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە ئاساسەن، ب. راشىدىن كۆرسەتكەن ئىككى مەكتەپكە مەركەز - لىشىدۇ. چۈنكى قەدىمقى زامانلاردا مەيلى «ئون ئوغۇز» ياكى «توققۇز ئۇيغۇر» دەپ ئاتىلىشتىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى نەزەردە تۇتۇلغانلىقى ھەممىگە ئايان. ئۇنداق بولسا بۇ ئىككى گۇرۇپپىغا تەئەللۇق بولغان داستانلارنىڭ تۈپ پەرقى نېمە؟ بۇ پەرقلەرنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ سېلىشتۇرۇش مۇمكىن.

1. ئوغۇز گۇرۇپپىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ خەلق داستانلىرى ھەم نەسرى ھەم نەزىم بىلەن تۈزۈلگەن بولۇپ، ۋەقەلەرنىڭ تەسۋىرى ئاساسەن نەسىر بىلەن ئىپادىلەنسە، پېرسو - ناژلارنىڭ لىرىك كەچۈرمىشلىرى، ھىس - تۇيغۇ ۋە ھاياجانلىرى (دىئالوگ ۋە مونولوگلىرى) نەزىم بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. ھەتتا بەزى ھاللاردا نەزمگە قارىغاندا نەسىر ئۈستۈنرەك ئورۇننى ئىگەللىگەن بولۇپ، ئېپىك تەسۋىرلەرنىڭ شېئىر بىلەن كۈيلىنىشى بۇ گۇرۇپپىدىكى ھېچقانداق داستاندا ئۇچرىمايدۇ. پىروزا بىلەن شېئىرنىڭ مەزمۇننى ئىپادە قىلىشتىكى مۇنداق «ئىش تەقسىماتى» ئوغۇز داستانچىلىقىدا ئېنىق ئاجرىتىلغانلىقىنىڭ سەۋەبى قەھرىمانلارنىڭ لىرىك كەچۈرمىشلىرىنىڭ پەقەت لىرىك شېئىرى شەكىللىرى ھېساپلانغان مەسنەۋى، مۇرەببە، غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر بىلەن كۈيلىنىشىنى تەلەپ قىلغان.

قىپچاق داستانچىلىقى ئاساسەن باشتىن - ئاخىر قوشاقچىلىق شېئىرى شەكلىدە (بارماق

سىستېمىسىغا) ئاساسلانغان. گەرچە قىسمەن قىپچاق خەلق داستانلىرىدا پىروزا بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەجمى ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئۆتەيدىغان ۋەزىپىسى بىر باپتىن ئىككىنچى، بىر ئېپىزوتتىن ئىككىنچى ئېپىزوتقا كۆچۈشنىڭ سەۋەپلىرىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈنلا خىزمەت قىلدۇ-رۇلغان. چۈنكى قىپچاق داستانچىلىغى شېرىيەتنىڭ ئېپىكلىق تۈرىگە خاس قوشاق شەكلىنى ئاساس قىلغاچقا، ئېغىز ئەجادىيىتىگە خاس بولغان شېئىرىيەتنىڭ بۇ ئاددى تۈرى بىلەن ھەم لىرىكىلىق ھەم ئېپىكىلىق ۋەقەلەرنى بىردەك ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ گۇرۇپپىدىكى داستانلاردا ئومۇمەن ئوغۇز داستانچىلىغى ئۈچۈن قوبۇل قىلىنغان ئارۇز سىستېمىسى (مۇرەببە، غەزەل، مۇخەممەس، مۇسەددەس، تۇيۇق، قىتئە قاتارلىق) مۇرەككەپ ۋەزىنلىك شېئىرلار ئۇچۇرىمايدۇ.

ئوغۇز داستانچىلىقى مۇرەككەپ شېئىرى فورمىغا قۇرۇلغاچقا، ئۇنىڭ كۈيلىنىش مۇزىكا ئاھاڭىمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ. مەسىلەن: «غېرىپ - سەنەم»نى ئالساق، ئۇنىڭدا 50 نەچچە خىل مۇزىكا ئاھاڭى بار.

قىپچاق داستانچىلىقىدىكى شېئىر فورمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ. بەلكى ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ۋەزىن ۋە تۇراق جەھەتتىن ئىككى ياكى ئۈچ خىل ئۆزگە-رىشكە ئىگە. لېكىن مۇتلەق كۆپ قىسىم داستانلىرى باشتىن - ئاخىر بىر خىل شېئىرى شەكلىگە ئىگە بولىدۇ. قىرغىزلارنىڭ شۇنچە چوڭ ھەجىملىك تارىخى ئېپوسى — «ماناس»مۇ باشتىن - ئاخىر بىرلا خىل مۇزىكا ئۇدارىغا ئىگە. بۇنىڭ سەۋەپلىرى تىل ۋە ئېتنىك ئالاھىدىلىرى جەھەتتىن بۆلۈنگەن ئوغۇز، قىپچاق گۇرۇپپىلىرىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىيات باسقۇچى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ئىجتىمائى ئاڭ جەھەتلىرىمۇ ئوخشاش بولمىغانلىقى-دىندۇر. ئوغۇزلار (بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار) جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم باسقۇچىدا ئولتۇ-راقلاشقان شەھەر ھاياتىنى باشلىغان. ئەنە شۇ شەھەر ھاياتىنىڭ تەلىۋىدىن كېلىپ چىققان خىلمۇ - خىل مۇزىكا ئەسۋاپلىرىغا ئىگە بولغان بۇ خەلقلەر، ئۆز داستانلىرىنى مۇرەككەپ مۇزىكا ئاھاڭلىرى بىلەن كۈيلەشكە ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ مۇرەككەپ ۋەزىنلىك شېئىرلارنى ئىجات قىلىشقا ئادەتلەنگەن. قىپچاقلار بولسا كۆچمەن چارۋىچىلىق ھايات بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەچكە «كىشىلىك ھاياتقا كىرەكلىك ۋە خەلق مەنپەئەتى بىلەن مۇددىئاسىنى كۆز-لەيدىغان نەسرى ياكى شېئىرى ئەسەرلەرنى بېزەپ تارقىتىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان ۋە خەلق يادقا ئېيتىپ ئېسىدە ساقلاپ قېلىشقا مەجبۇر بولغان.»⑬ بۇ ھال قىپچاق داستان-لىرىنى شەكىل جەھەتتىن بىر خىللىققا، مۇزىكا ئاھاڭى جەھەتتىن ئاددىيلىققا ئىگە قىلغان. ئوغۇزلار داستان ئىجات قىلىش ئەنئەنىسىدە باي مۇزىكا ئاساسىغا تايانغانلىقتىن شېئىرى قىسمىنى ئاھاڭ بىلەن ۋە بۇ ئاھاڭنى مۇزىكا بىلەن ئىجرا قىلىشقا ئادەتلەنگەن. شۇڭلاشقا داستان ۋەقەلىكلىرىنىڭ ھەممىسىنى يالغۇز شېئىر بىلەنلا ئېيتىشقا ھاجەت چۈشمىگەن. قىپچاقلارنىڭ داستانچىلىق ئەنئەنىسىدە بولسا، ئاھاڭ ۋە مۇزىكا جەھەتتە ئۇنداق ئېتىۋار بېرىلمىگەنلىكتىن، يەنى مۇزىكىنى داستان كۈيلەش ۋاستىسى قىلمىغانلىقتىن ۋەقەنى باشتىن-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitab.com

ئايساق بايان قىلىشتا كىشىلەرگە ۋاستىلىق ھالدا مۇزىكىلىق سىزىم بېرەلەيدىغان شېئىر شەكلىدە ئىجرا قىلىشنى كۆزلىگەن ۋە بۇنى قىپچاق داستانچىلىق ئەنئەنىسى قىلغان.

2. سىيۇژىت جەھەتتە: ئوغۇز داستانلىرىدا يەرلىك مىللىي سىيۇژىتلاردىن تاشقىرى ئەرەب - پارس سىيۇژىتلىرىمۇ ئارىلاشقان. بۇ يالغۇز كىلاسسىك ئەدەبىياتقىلا ئەمەس، بەلكى خەلق ئەدەبىياتىغىمۇ خاس خۇسۇسىيەتتۇر. مەسىلەن: «غېرىپ - سەنەم»، «يۈسۈپ - ئەھمەت»، «گۆر ئوغلى»، «قورقۇت ئاتا»، «تاھىر - زوھرا»، «مەلىكە ئەييار» قاتارلىقلار ئوغۇزلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە باغلىق مىللىي سىيۇژىتلار بولسا «لەيلى - مەجنۇن»، «ھۆرلىقا»، «يۈسۈپ - زۇلەيخا»، «رۇستەمنى داستان» قاتارلىق سىيۇژىتلار ئاساسەن ئەرەب - پارس ئەدەبىياتىدىن سىڭىپ كىرگەنلىكى مەلۇم.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغۇز داستانلىرىدىكى ۋەقەلەر ئاساسەن رۇم، ئەجەم، پەرەڭ، تۇران، باغدات، چىنى - ماچىن، مىسىر قاتارلىق قەدىمقى مەشھۇر يەر ناملىرى بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ.

قىپچاق داستانلىرىنىڭ سىيۇژىتى ئەسلىدە قىپچاقلار ھاياتىنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىزىكچىلىكى، شۇنداقلا مىفولوگىيىلىك ۋە دىنىي چۈشەنچىلىرىدىن پەيدا بولغان بەدىئىي تۇقۇلمىلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا موڭغۇل ئىستىلاچىلىقى ۋە قالماق خانلىقلىرىغا قارشى مىللىي ئازاتلىق قوزغىلاڭلىرىنىڭ رىۋايەتلىك بەلگىلىرى ئەكس ئېتىلىدۇ. «ئالپامىش»، «ماناس»، «ئېرتارغىن»، «قوبلاندى»، «قوزى كۆرپەش - بايان سۇلۇ» قاتارلىقلار ئەنەشۇنداق داستانلارنىڭ تىپىك ئۈلگىسى بولۇپ قالغان. «تاھىر - زوھرا»، «يۈسۈپ - ئەھمەت»، «يۈسۈپ - زۇلەيخا»، «سەيپۇلمۇلۇك»، «بوز يىگىت» قاتارلىق سىيۇژىتلار قىپچاقلار ئارىسىغا پەقەت XIX ئەسىر ئىچىدە يازما تۈردە تارقالغان بولۇپ، «كىتابىي ئەدەبىيات سۈپىتىدە تونۇلغان».⑭ شۇنىڭ ئۈچۈن ئوغۇز ھەم شەرق سىيۇژىتلىرىنىڭ قىپچاق سىيۇژىتىغا بولغان تەسىرى سىزىلەرلىك ئەمەس، چۈنكى قىپچاق بىلەن ئوغۇز سىيۇژىتلىرىنىڭ ۋەقەلىكى بىر - بىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئادەتلىرىگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. مەسىلەن: «ماناس» ۋەقەلىكى دالا شارائىتىدا چارۋىچىلىق كۆچمەنچىلىك ھاياتى، قەبىلىۋى ماجرالار ئارىسىدا راۋاجلانسا «يۈسۈپ - ئەھمەت» ۋەقەلىكى شەھەر ھاياتى، فېئودال مۇنارخىيىلىك تۈزۈم، ئوردا ماجراسى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىدۇ.

3 - داستان پېرسوناژلىرىنىڭ نامى جەھەتتە: ئوغۇز داستانچىلىقىدا كۆپىنچە ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭ رايونى جۈملىدىن پارس - ئەرەبلەردە (بۇ تەركىپ ئازراق) ئۆتكەن مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر، قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان خەلق ئاغزىدىكى رىۋايەت قەھرىمانلىرى داستان پېرسوناژلىرى ئۈچۈن مەنبە بولغان بولسا، قىپچاق داستانچىلىقىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ناملىرى ئۆزىگە يېقىن ۋە خەلق ئاغزىدا ئېقىپ يۈرگەن موڭغۇل (قالماق) سەركەردىلىرىنىڭ ئاتلىرى ئاساسىي مەنبە بولغان. شۇنداقلا، يەنە، ئوغۇز داستانلىرىدا پېرسوناژلارنىڭ ناملىرى كۆپىنچە زامانغا مۇۋاپىقلىشىپ ئەرەبچە ۋە پارسچە ئېلىنغان قىپچاق داستانلىرىدا بولسا، ئارخائىزىملىق ئىسىملار ئىستىمالدىن قالغان ئىسىملار ساقلاپ قېلىنغان. كونكرېت يەر - جاي

ۋە شەھەر ئاتلىرى قىپچاق داستانلىرىدا ئاساسەن ئۇچرىمايدۇ، ئوغۇز داستانلىرىدا بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقتىكى مەشھۇر يەر - جاي، دەريا - تاغ ۋە شەھەر ناملىرى تىلغا ئېلىنىدۇ. لېكىن بۇ پەرقنى مۇتلەقلاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بىزگە مەلۇم بولغان ئىككى چوڭ گۇرۇپپىغا مەنسۇپ بولغان داستان قەھرىمانلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى تەكشۈرسەك نىسبىي ھالدا بىر - بىرىگە ئوخشايدىغانلىقىنى سېزىمىز. مەسىلەن: ئوغۇز داستانلىرىدىكى ئاق خان بىلەن قارا خان بەزى قىپچاق داستانلىرىدا قارا باي بىلەن سارى باي ياكى باي سارى بىلەن بالي قارا (ئاقشاخان بىلەن سارى خان) بولۇپ كەلگەن. «كۆر ئوغلى» دىكى سىپتەك بىلەن سىپتەك «ماناس» داستانىدا سىپتەك بىلەن سىپتەي بولۇپ كەلگەن. «يۈسۈپ - ئەھمەت» دىكى كۆكچى شائىر (كۆكچى باتۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، «ئىرتارغىن» داستانىدىكى كۆكچى باتۇر بىلەن «ماناس» دىكى كۆكچى كۆز دېگەن ئىسىملار بىر مەنبەدىن كەلگەن ۋە باشقىلار. بۇ ھال ئىككى ئېتنىك گۇرۇپپا داستانلىرىدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي رىۋايەتلەر ئاساسىنىڭ بىر مەنبەدىن پەيدا بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، ھازىر بىر قانچە مىللەتلەرگە ئورتاق دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقان ئايرىم داستانلارنىڭ تېمىسى ۋە سيۇژېتى ئەسلىدە قەدىمقى بىر قەبىلە ياكى بىر ئۇرۇقتا پەيدا بولغان بولۇپ، كېيىنچە بۇ قەبىلىلەر ئۆزئارا قوشۇلۇپ يېڭى خەلققە ئۇيۇشۇشى نەتىجىسىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنىمۇ بىللە قوشۇپ ئالىدۇ. نەتىجىدە ئۇ ئەسەر يېڭىچە ۋارىيانتقا ئىگە بولۇپ، بىر قانچە خەلقلەرگە ئورتاق بولغان ئەدەبىي مىراسقا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن: «ئالپامىش» ئەسلىدە سىر دەريا بويلىرىدا ياشىغۇچى قوڭرات ئۇرۇغىنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولغان بولۇپ، قوڭراتلار ھازىرقى ئۆزبېك، قازاق، قاراقالپاق، باشقىرتلار ئارىسىغا سىڭىپ كېتىشى ئارقىلىق بۇ داستاننىڭ بۈگۈنكى خەلقارا ۋارىيانتلىرىنى پەيدا قىلغان، سىڭىشتۈرۈش ئارقىلىق يەكۈنلەنگەن بۇ پەرقلەرگە ئاساسەن، ھازىرقى قېرىنداش مىللەتلەر ئارىسىدا تەۋەلىكى ئېنىق ئايرىلمىغان داستانلارنىڭ چېگرىسىنى ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىش مۇمكىن. بۇ يەردە يەنە شۇنداق بىر ھەقىقەتنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، «بىر خەلقنىڭ داستانىنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلىشتىكى ئۆلچەم (ئومۇمەن نوقۇل ھالدا) داستاننىڭ بولۇشى بىلەن ئەمەس، بەلكى پەقەت خەلقارا سيۇژېتقا شۇ خەلقنىڭ جاۋاپ تەرىقىدە ئۆز ۋارىيانتىنى ياراتقان ياكى ياراتمىغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ». ⑮

X X X

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش مەملىكىتىمىزنىڭ سىڭىشتۈرما ئەدەبىياتىنى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان مەزمۇن.

يۇقۇرقى قىسقا بايانلاردىن مەلۇم بولدۇكى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى ھېمىشەم بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەچكە، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ ئېلىمىزنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى بېيىتىش، تەرەققى قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. ئۇيغۇرلار جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپىدۇر. ئۇلار يالغۇز ئۆزىنىڭ ئۆچمەس ئەسەرلىرى بىلەن دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدا ۋەتىنىمىز ئۈچۈن شان-شەرەپ كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى بىر پۈتۈن گەۋدە بولغان ئېلىمىز ئەدەبىياتىنىڭ شەكىل، ژانىر ۋە تېما ساھەسىنى كېڭەيتتى. ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات تارىخى بىلەن ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخى ئۆزئارا بىر-بىرىنى تولۇقلاپ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق شانلىق ئەدەبىيات تارىخىنى ھاسىل قىلدى.⑯

ئۇنداق بولسا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئارقىلىق يەكۈنلەپ چىقىرىلغان دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى ۋە تەسىرى قانداق ئومۇمى قانۇنىيەتلەرگە ئىگە بولىدۇ؟ بۇ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇھىم بىر مەسىلە. بۇ ھەقتە دەسلەپكى قەدەمدە بىر قانچە يۈزەكى تونۇشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقايلى.

1. ھەر مىللەت خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بىر-بىرىگە باغلىنىشى ۋە ئۆزئارا تەسىرى تەسادىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان بولماستىن، بەلكى ئۇزۇن مۇددەت شەرتلىك ۋە تەبىئىي ھالدا ئېلىپ بېرىلغان دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىقتىسادى، سىياسى ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرى ھەر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ بىر-بىرىگە باغلىنىشىنىڭ تۈپ ئاساسى. مۇنداق مۇناسىۋەتلەرنى ھەر قايسى جەھەتلەردىن تەمىن ئېتىدىغان مىساللار تارىخى مەنبەلەردە ناھايىتى كۆپ كۆزگە چېلىقىدۇ. مەملىكىتىمىز ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلغان خەنزۇلار ئېلىمىزنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىغا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن سىرت، ئېلىمىزدىكى 50 نەچچە ئاز سانلىق مىللەت ئاساسەن چېگرا رايونلارغا ئولتۇراقلاشقان. جەنۇبى جۇڭگو، شىمالى جۇڭگو ۋە شەرقى شىمال رايونلىرىدا بولسا، خەنزۇلار بىلەن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر گىرەلەشكەن ھالدا ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. جاڭ چيەننىڭ غەربى رايونغا ئەلچى بولۇپ كەلگىنىدىن باشلاپ، غەربى رايون بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدا قويۇق ئىجتىمائى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنى ئالاقە ئۈزۈلۈكسىز داۋاملىشىپ، بۇ رايونلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور رول ئوينىغان.

2. مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋەت ۋە ئىپتىدائى تىل مەنبەسىنىڭ بىر بولۇشتەك ئوبيېكتىپ شارائىتمۇ شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ چەكلىك دائىرىدىكى ئوخشاشلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. تىلشۇناسلىق ۋە مىللەتشۇناسلىق نۇقتىسىنەزەردىن ئېيتقاندا، ھازىرقى زامان مىللەتلىرى بىر ياكى بىر قانچە ئۇرۇق ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ تەدرىجى قوشۇلۇشى، بۆلۈنۈشى، ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتى ئارقىلىق شەكىللەنگەن. ئەسلىدە بىر ئۇرۇق ياكى قەبىلىگە تەۋە بولغان بەزى مىللەتلەر تىل، ئۆرپ-ئادەت، ئېتىقات، پسىخولوگىيە جەھەتلەردە تەبىئى ئورتاقلىققا ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمىيەت توغرىسىدىكى ئىدىئولوگىيىلىك قاراشلىرىمۇ مۇئەييەن ئوخشاشلىققا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ھەر

قايسى مىللەتنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغان ئەدەبىياتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، شۇنى بايقاپ ئالالايمىزكى، ئوخشاش بىر تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش شەكىلدىكى ئەسەرلىرى كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

3. ھەر قايسى مىللەتلەر ھامان باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدىكى پايدىلىق بولغان ئېسىل ئامىللارنى ئۆگىنىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىياتىنى بېيىتقان ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان بولىسىمۇ، لېكىن بۇنداق ئۆزئارا تەسىر ھېمىشە تەڭ نىسبەتتە بولمايدۇ. مەسىلەن: بېيزۇلار- نىڭ يۇننەندىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى چوڭراق ۋە چوڭقۇرراق بولغان.

ماركس: «ماددى تۇرمۇشنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلى پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۇرمۇش، سىياسى تۇرمۇش ۋە مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى شەرت قىلىدۇ»⑰ دېگەن ئىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ تەكشىسىزلىكى ھەر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا تەسىرىنىڭ تەكشىسىزلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات سەۋىيىسى بىر قەدەر ئىلغار بولغان مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى بىر قەدەر ئاستا بولغان مىللەتلەرگە بولغان تەسىرى تېخىمۇ چوڭراق ۋە چوڭقۇرراق بولۇشى مۇمكىن (لېكىن بۇ مۇتلەق قانۇنىيەت ئەمەس).

4. ھەر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشى ۋە تەسىرى دائىم دېگۈدەك ئۆز مىللىتىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، ئىدىيىۋى ئېتىقادى، ئىستېتىك ئارزۇلىرى، پىسخىك تۇيغۇسى ۋە سەنئەت ئەنئەنىلىرىگە ئاساسەن ئىجادىي ئۆزگەرتىلىپ، روشەن مىللىي تۈسكە ئىگە قىلىنىدۇ. ئۇنداق بولمىسا ئۇنى مىللىي ئەدەبىيات نۇقتىسىدا ئېتىراپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ (بولۇپمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ) خىلمۇ-خىل ۋارىيانتلىرىنى پەيدا قىلىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى.

دېمەك، ھەر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئالمىشىشى ۋە ئۆزئارا تەسىرى ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، ئۇ، مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

سوتسىيالىزم دەۋرى - ھەر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىش دەۋرى، ھەر قايسى مىللەتلەر پەقەت ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسىنى بويلاپ، ئۆز مىللىتىنىڭ سەنئەت ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي ئۇسلۇبىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شۇ ئاساستا ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بىرلىكتە ئۆگىنىپ، بىرلىكتە يۇقىرى ئۆرلىسىلا، ئاندىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەدەبىيات سەنئىتى گۈللەپ ياشناپ، تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشەلەيدۇ، خالاس.

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ھەققىدە يۇقىرىدا بايان قىلغان يۈزەكى چۈشەنچە- لىرىمىزگە ئاساسەن، دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلۇش ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش مۇناسىۋىتى بار دەپ قارايمىز. بۇ ماركسىزمچە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەدەبىياتشۇناسلىق ئېچىپ بەرگەن ئەدەبىيات تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىدىن بىرى، بۇنداق سېلىشتۇرما تەتقىقات بىزگە تېخىمۇ كۆپ ھالدا: «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ھەرگىز بىر مۇقىم مەركەزنى ئوق قىلىپ ئايلىنىۋەرمەيدىغانلىقىنى، غەربنىڭ ھەممە نەرسىنىڭ ئۈلگە بولۇۋەرمەيدىغانلىقىنى، شەرقنىڭمۇ ھەممە نەرسىنىڭ قالاق بولۇۋەرمەيدىغانلىقىنى ئوقتۇرۇپ بېرىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شەرقنىڭ ئۈلگە بولغان ۋاقتى، غەربنىڭ ئارقىدا قالغان ۋاقتى ئۇزۇن بولغان؛ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، مىللەتلەرنىڭ تۆھپىسىنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش بولۇپ، ئۇلاردا ئىلگىرى - كېيىنلىك، چوڭ - كىچىكلىك ۋە ئاز - كۆپلۈك پەرقى بولغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئەزەلدىن يۇقىرى - تۆۋەنلىك، قەدىرلىك - پەسلىك پەرقى بولغان ئەمەس.» ⑱

ئىزاھلار:


① «ئۆزبېك تىياتىر تارىخى» تاشكەنت، 1975 - يىل 1 - توم ئېپىلوگ.

② «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات ئەنئەنىسى» 1984 - يىل 4 - سان، 7 - بەت.

③ «يۇلتۇزلار يۇرتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى، 1 - بەت.

④ «قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانمىلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىل، 71-بەت.

⑤ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1983 - يىللىق 2 - سانىغا قاراڭ.

⑥ «قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرىگە قارالسۇن.

⑦ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى: 1983 - يىل 2 - سان 138 - بەت.

⑧ ليۇ بىڭ: «شىنجاڭنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقات توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە»گە قاراڭ.

⑨ ئۆزبېكچە «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» 1960 - يىل تاشكەنت.

⑩ ل. ۋ. سولوۋيوۋ: «خوجا نەسىردىن ھەققىدە قىسسە» تاشكەنت 1959 - يىل. ئۇيغۇرچە 674 - 675 - بەتلەر.

⑪ گې باۋچۈەن: ئەپەندى لەتىپىلىرى 1963 - يىل، خەنزۇچە نەشرى كىرىش سۆز.

⑫ گې باۋچۈەن: «ئەپەندى ۋە ئەپەندى لەتىپىلىرى»، «ھەر خىل بىلىملەر» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي 195 - سانىنىڭ 35 - بېتىگە قارالسۇن.

⑬ K. جۇمالىيوپ: «قازاق ئېپوسى بىلەن ئەدەبىيات تارىخىنىڭ مەسىلىلىرى» ئالمۇتا. 1 - توم 1959 - يىل نەشرى 6 - بەت.

⑭ T. И دويسەنبايوپ: «قازاقنىڭ لىرو - ئېپوسى» ئالمۇتا 1973 - يىل نەشرى 22 - 23 - بەتلەر.

⑮ قوڭراتبايوپ: «قازاقنىڭ قوزى كۆرپەش جىرى توغرىسىدا» ئالمۇتا، 1959 - يىل 18 - بەت.

⑯ ليۇ بىڭ «شىنجاڭنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقات توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە»گە قاراڭ.

⑰ «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 2 - توم، خەنزۇچە 112 - 113 - بەتلەر.

⑱ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1983 - يىل 2 - سان 159 - بەت.

# «جامىئۇل ھىكايەت» توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە

تۇرسۇن قۇربان

قەدىمقى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ئاسىياسىنىڭ مەدەنىيەتلىك خەلقلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇرلار يالغۇز رىيالىستىك روھقا ئەڭ باي خەلق بولۇپلا قالماستىن، ئۇلغار رومانتىك روھقىمۇ باي خەلق. ئۇلار ئىجتىمائى كۈرەش، ئىشلەپچىقىرىش كۈرەشى ۋە ئىلىم ئىزلەش ئەمگەكى پائالىيەتلىرىدە، بۇ ئەمەلى پائالىيەتلەرنى ئىنكاس قىلىدىغان تەپەككۇر شەكىللىرىدە ھامان رىيالىزىم ئېلېمېنتلىرى بىلەن رومانتىزىم ئېلېمېنتلىرىنى ئۆز ئارا بىرىكتۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، رىيالىزىم ئارقىلىق رومانتىزىمغا كۈچلۈك جان بەرگەن، ئۇلغار رومانتىك خىياللار ئارقىلىق رىيالىزىم گەۋدىسىگە روھ بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ تارىخنامىلىرىنى، چوڭ-قۇر پەلسەپىۋى چۈشەنچىلىرىنى ۋە ئىستېتىك قاراشلىرىنى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا قالدۇرۇپ كەلگەن. ئۇلار ناھايىتى قەدىمقى دەۋرلەردىلا تەبىئەت دۇنياسى ۋە كىشىلىك دۇنياسى ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزگەن، خىياللار قىلىشقان ۋە شۇ خىياللىرىنى ئەمەلىيەتتە كۆر-سىتىشكە تىرىشقان. قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى كۈرەشلىرى ۋە تەبىئەتنى بوي-سۇندۇرۇش يولىدىكى پائالىيەتلىرى ھەيۋەتلىك بولۇپ، بۇ پائالىيەتلەردە بىر قىسىم تالانتلىق قەھرىمان شەخسلەرمۇ يېتىشىپ چىققان. ئۇيغۇر خەلقى شۇ ھەيۋەتلىك كۈرەش پائالىيەتلىرىنى، شۇ پائالىيەتنى ئۇيۇشتۇرغۇچى قەھرىمان شەخسلەرنى ئىدىياللاشتۇرۇپ، ئۇلار شەرىپىگە خىلمۇ-خىل گۈزەل ھىكايە-رىۋايەتلەرنى ياراتقان. بۇ قەدىمقى ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ، قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ خىيالى تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلى. بۇ گۈزەل ئىپتىدائى ئەدەبىيات، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىمقى ئىپتىدائى پائالىيەتلىرى ۋە ئۇلغار رومانتىك خىياللىرىنىڭ ئىدىئاللاشتۇرۇلغان بەلگىلىرىدىن ئىبارەت. بۇ بەلگىلەر قەدىمقى تارىخىي ئىزلارنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ تۇپرىقى، ئۇيغۇر ئىپتىدائى تارىخىنىڭ بەدىئى ئىزناسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن 500 نەچچە يىل ئىلگىرى رەتلەنگەن «جامىئۇل ھىكايەت» ئەنە شۇ قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بىرى.

× × ×

«جامىئۇل ھىكايەت» ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى غەزىنىسىدىكى «ساپ بەدىئى ئىجا-دىيەت»، ئۇ، ئۇلغار رومانتىك خىياللارغا باي بولۇشى، قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت كۈچ-

www.uyghurkitap.com

لەرنى ۋە ئىجتىمائىي رېئاللىقنى بېيىسۇندۇرۇش يولىدىكى كۈرەش پائالىيەتلىرىنى، تەپەككۇر خىياللىرىنى ئىدىياللاشتۇرۇپ خاتىرىلىگەنلىكى، ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ ئاكتىپ ۋە يۇقۇرى تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىقى، بەدىئىي جەھەتتە خېلىلا مۇكەممەللىشىپ بەلگىلىك دەرىجىدە يازما ئەدەبىيات خاراكتېرىگە ئۆتۈنگەنلىك خېلى روشەن سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغانلىقى بىلەن شەرق ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

«جامىئۇل ھېكايەت» قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ قابىلىيىتى بىلەن بەدىئىي دىتىنى ئۆزىدە نامايەن قىلغان. «ھېكايەت» تە بۇ قابىلىيەت ۋە دىت ئاجايىپ دەرىجىدە ئىدىياللاشتۇرۇلغاچقا، ھازىرقى زامان كىشىلىرى شاھزادە بەختىيار ۋە مەلىك ھەسەنلەرنىڭ ئاجايىپ خىزمەت قابىلىيىتىگە ۋە ئۇلار ھەققىدىكى ئەپسانىنى توقۇغۇچىنىڭ بەدىئىي دىتىگە ھەيران قالماي مۇمكىن ئەمەس. م. گوركىي مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئادەملەرنىڭ قابىلىيەتلىرىنى ئىدىياللاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ زور تەرەققىياتىنى ئالگىرىدىن سەزگەندەك مىف ئىجادىيىتى، ئاساسەن رېئال ئىدى». بۇ سۆز «جامىئۇل ھېكايەت» كىمۇ ماس كېلىدۇ، چۈنكى: «جامىئۇل ھېكايەت» دىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەپسانىلار توپلىمىنىڭمۇ ئاساسى دەل رېئاللىقتۇر. ماركس: «ھەر قانداق ئەپسانىدا تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن تەبىئەت كۈچلىرى بويسۇندۇرۇلىدۇ. تەبىئەت كۈچلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىنىدۇ، تەبىئەت كۈچلىرى ئوبرازلاشتۇرۇلىدۇ؛ شۇڭا تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمرانلىق قىلىنىشىغا ئەگىشىپ ئەپسانىلارمۇ يوقىلىدۇ».① دېگەن ئىدى. قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي كۈرەشلىرى، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش يولىدىكى ئەمگەكلىرى، سۇ، قۇرۇقلۇق، ھاۋا قاتنىشىشىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن قىلغان خىياللىرى ۋە ئەمەلىي پائالىيەتلىرى، رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرى، يېڭىچە دۇنيا قۇرۇش ئىستىكى بىلەن ئەخلاقىدا گۇمانىزىملىق خىسلەتلەر مول دەرىجىدە بولمىغان بولسا، بۇنداق ئېسىل ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. گەرچە «جامىئۇل ھېكايەت» كە كىرگۈزۈلگەن ئەپسانە، چۆچەكلەردە «ئەپسۇن ئوقۇش»، «جادۇ قىلىش» ۋە باشقا روھانىي كۈچ مەزمۇنلىرى بولسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل ھېكايەتلەرنىڭ ئومۇمىي خاھىشى، يەنىلا كىشىلەرنىڭ خىلمۇ - خىل سېھىرگەرلىكلەرنى يېڭىپ، تەبىئەت كۈچلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، ئىنسانلارغا بەخت يارىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ غايىنى نامايەن قىلىدۇ.

ئەپسۇسكى، ئەپسانە - چۆچەكلەرنى تەتقىق قىلىش، ئۇنى ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىقىش، ھەم بۇ ئەپسانە - چۆچەكلەر ئاساسىدا يېڭىچە چۆچەكلەرنى، ئىلمىي خىيالىي ھېكايىلارنى ئىجاد قىلىش ئانچە چىڭ تۇتۇلمىدى. باشقا ئەل ۋە مىللەتلەردە بولسا بۇ ئىشقا ئېتىبار بېرىلىپ، ھەتتا سەھنىلەردە ئوينالدى ياكى كىنولاشتۇرۇلۇپ ئېكرانلاردا كۆرسىتىلدى، «مالەنخۇا»، «ئەتىر گۈل ۋە كىرىستال كەش»، «سادكۇ»، «چىرايلىق ۋاسىلىسا» - (پاقا قىز)، «چولپان»، «قوزا كۆرپەش - بايان سۇلۇ» قاتارلىق بەدىئىي فىلىملەر ئەنە شۇنداق خەلق ئەپسانە چۆچەكلىرى ئاساسىدا ئىشلەنگەن. بىزدىمۇ شۇنداق قىلىنىشى لازىم، ئەلۋەتتە.

«جامىئۇل ھېكايات» دىن ئىبارەت بۇ نادىر خەلق ئەپسانە ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى: بىرىنچىدىن، بۇ خىل ئەسەرلەر قەدىمقى ئۇيغۇر-لارنىڭ ئىپتىدائىي دۇنيا قارىشى، تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئىككىنچىدىن، بۇ خىل ئەسەرلەر قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ پىكىر قىلىش شەكلى، تەسەۋۋۇرى ۋە خىيالى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بەلگىلىك دەرىجىدە پەلسەپە، ئىستېتىكا قارىشىنى ئوبرازلاشتۇرغان، ئۈچىنچىدىن، بۇ خىل ئەسەرلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنوگىراپىك ئالاھىدىلىكلىرى ۋە بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، تۆتىنچىدىن، بۇ خىل ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەسرى ژانىرى-نىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش تارىخى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا «جامىئۇل ھېكايات» - نى تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىش، يۇقىرىدىكى بىر قانچە مۇناسىۋەت مەسىلىلىرىنى ئېنىقلاپ چۈشىنىشكە پايدىلىق.

× × ×

«جامىئۇل ھېكايات» - ھېكايىلارنى توپلاپ، رەتلەپ كۆچۈرگۈچىلەر تەرىپىدىن قويۇلغان ئىسىم بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ھېكايىلەر توپلىمى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دەسلەپكى رەتلىنىشىدە بۇ توپلامغا «بەختىيارنامە» دەپ نام بېرىلىپ، ئاساسى قەھرىمان شاھزادە بەختىيارنىڭ نامى ئاساس قىلىنغان، كېيىنچە قايتا تولۇقلىنىپ «جامىئۇل ھېكايات» دېگەن نام قويۇلغان.

«جامىئۇل ھېكايات» جەمئىي 20 ھېكايىدىن تەركىب تاپقان. ئالدىنقى 10 ھېكايە «بەختىيارنامە» ھېكايىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. قالغان 10 ھېكايە خەلق ئىچىدە ئېيتىلىپ يۈرگەن ھېكايىلاردىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر نۇسخىسىمۇ بولۇپ، ئۇ 45 ھېكايىدىن تەركىب تاپقانلىقى مەلۇم. «بەختىيارنامە» 1432 - يىلى تۈزۈلگەن. «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرقى بىر سانىدا يېزىلىشىچە 1470 نەچچىنچى يىللارغا كەلگەندە ئەلشىر ناۋائىينىڭ تەشەببۇسى بىلەن «بەختىيارنامە» يەنە بىر قېتىم قولغا ئېلىنىپ، ھىرات شەھىرىدىكى ئۇيغۇر كاتىپلىرى تەرىپىدىن قايتا رەتلەنگەن ۋە كۆچۈرۈلگەن. 19 - ئەسىرگە كەلگەندە «ھېكايات» - نىڭ يەنە بىر نۇسخىسى مەيدانغا كېلىپ، بۇ نۇس-خىنى موللا سەنجار ئىبنى ئىبراھىم قەشقەرى تەييارلىغان. دېمەك «جامىئۇل ھېكايات» - نىڭ بىر قانچە خىل نۇسخىلاردا بولۇشى ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن ھېكايىلارنىڭ ھەر قايسى جايلاردا ھەر خىل ۋارىيانتقا ئىگە بولغانلىقى، توپلاپ رەتلىگۈچىلەرنىڭ خاھىشى ۋە تاللاش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقى، ھەر خىل تارىخىي دەۋردە ھەر خىل كۆچۈرۈلۈشى بىلەن مۇنا-سىۋەتلىك بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

«جامىئۇل ھېكايات» نىڭ سىستېمىلىق تۈردە رەتلىنىپ، بىر مۇكەممەل بەدىئىي ئەسەر بولۇپ دۇنياغا تونۇلغىنىغا 553 يىل بولۇپ قالدى. «ھېكايات» نىڭ بۇندىن 5 يېرىم ئەسىر بۇرۇن مەخسۇس كاتىپ - ئەدىبلەر تەرىپىدىن توپلىنىپ، رەتلىنىشى ئۇيغۇر

www.uyghurkitap.com

مەدەنىيەت تارىخىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يادىكارلىقلىرىنى يىغىش، رەتلەش، ئايرىم نۇسخىلىق كىتاپقا ئايلاندۇرۇش خىزمىتىنىڭ خېلى بالدۇر قولغا ئېلىنغانلىقىنى، ئۇيغۇر باللار يازما ئەدەبىياتىنىڭ بالدۇر شەكىللىنىشىگە يۈزلەنگەنلىكىنى، ئۇيغۇر ئەپسانە - چۆچەك ئىجادىيىتى ئۇزاق تارىختا ئىگە بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا خېلى تەسىرلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇر مەدداھلىق ئەدەبىياتىنىڭ خېلى بۇرۇن باشلانغانلىقىنى، شۇنداقلا ئەزەلدىن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازغۇچىلار ئەدەبىياتىنىڭ زىچ مۇناسىۋەتتە ئىكەن-لىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

«جامىئۇل ھېكايەت» كە كىرگۈزۈلگەن ھېكايىلار زادى قاچان پەيدا بولغان؟ بۇ ھەقتە ئۈزۈپ بىر نەمە دېيىش قىيىن، لېكىن بۇ ھېكايىلارنىڭ بۇنىڭدىن 553 يىل بۇرۇن توپلىنىپ، رەتلىنىپ كۆچۈرۈلۈپ قولدىن - قولغا ئۆتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ناھايىتى بۇرۇنلا قەھرىمانلار كۆپلەپ چىقىۋاتقان مەزگىلدە پەيدا بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. كېيىن بۇ ھېكايىلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى تەرەققىياتى ۋە ئۇيغۇر ئەللىرى بىلەن ئەرەپ، پارس، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قويۇقلۇشىشىغا ئەگىشىپ، شۇ ئەللەر-نىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تېخىمۇ بېيىپ، گۈزەللىشىپ بارغان. رەتلىگۈچىلەرنىڭ ئىش قېشىشى ئارقىلىق، بەلگىلىك دەرىجىدە يازغۇچىلار ئەدەبىياتى خۇسۇسىيىتىگىمۇ ئىگە بولۇپ قالغان. بۇ ھېكايەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن بار دېيىش مۇمكىن. چۈنكى ئۇلاردا «ئەپسۇن ئوقۇش»، «جادۇ قىلىش» ئادەتلىرى تەسۋىرلەنگەن. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغاندىن كېيىن، ھېكايەتلەردىكى پېرسوناژلار، ۋەقەلەر، شارائىتلار تەسۋىرى ئىسلاملاشقان بولۇشى مۇمكىن.

«جامىئۇل ھېكايەت» نىڭ بالدۇر رەتلىنىشى ۋە بىر قانچە نۇسخىلىرىنىڭ ئىشلە-تىلىشى تاسادىپىي ئىش ئەمەس. ئوبيېكتىپ سەۋەپ - مەدداھلىق كەسپى ۋاستىسىدىن ئىبارەت. ئۇستا ئۇيغۇر مەدداھلىرى - «جامىئۇل ھېكايەت» نى زامانىمىزغا ئېلىپ كەلگۈچىلەردۇر. مەلۇمكى، خېلى قەدىمقى زاماندىن تارتىپلا، بولۇپمۇ شەھەرلەر تەرەققى قىلغان ئوتتۇرا ئەسىردىن تارتىپ مەدداھلار ۋە مەدداھلىق ئەدەبىياتى پەيدا بولغان. بازار، ھېيت - ئايەم، توي - تۆكۈن بايرام، - مۇراسىم كۈنلىرى مەدداھلارنىڭ ھېكايە - رىۋايەت ئېيتىدىغان ۋاقتى ئىدى. قەشقەر، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچار، قارا شەھەر، تۇرپان، قۇمۇل، ئۈرۈمچى، ئالمىلىق (غۇلجا)، يەتتە سۇ قاتارلىق ئۇيغۇر ۋىلايەت، شەھەرلىرىدە مەدداھلىق پائالىيىتى دايىم بولۇپ تۇراتتى. ھەر قايسى سورۇندا مىڭلىغان ئاڭلىغۇچىلار مەدداھلارنىڭ ئاجايىپ قىزىق ھېكايىلىرىنى ھەۋەس بىلەن ئاڭلايتتى. بۇ خىل مەنىۋى ھايات تەقەززاسى ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە - رىۋايەتلىرىنى قېزىش، رەتلەش، كۆچۈرۈپ تارقىتىشتەك ئەدەبىي پائالىيەتنى شەكىللەن-دۈرگەن. مۇشۇنداق شارائىت ئاستىدا «جامىئۇل ھېكايەت» قېزىلدى، رەتلەندى، كۆچۈرۈپ كەڭ تارقىتىلدى. ئىككىنچى تەرەپتىن، كىلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ خەلق ئەپسانە رىۋايەتلىرىدىن ئۆگىنىش، ئۇلارغا تەقلىت قىلىش، ئۇلارنى ماتېرىيال قىلىش تەقەززاسى - «جامىئۇل ھېكايەت» نى زامانىمىزغا

ئېلىپ كەلگەن مۇھىم بىر ۋاستە، «ھېكايەت» يۇقۇرى دەرىجىدىكى نادىر ئەسەر بولغاچقا، كىلاسسىك يازغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىپ تۇرغان. 15 - ئەسىردە ناۋايى، 19 - ئەسىردە ئا. نىزارى قاتارلىق ئۇلۇغ ئەدىبلەر ئۇنىڭغا دىققەت قىلغان، ئۇلاردىن نۇزۇق ئالغان، ئۇلارنى رەتلەپ، كۆچۈرۈپ تارقىتىشقا يېتەكچىلىك قىلغان دېمەك، كىلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت تەقەززاسى «جامىئۇل ھېكايەت» نى خەلق ئىچىدە تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزغان. شۇنداق قىلىپ «جامىئۇل ھېكايەت» قولدىن قولغا ئۆتۈپ، قولاقتىن - قولاقتا ئاڭلىنىپ خەلقنىڭ مىللى غورۇرىنى، قەھرىمانلىق روھىنى، ئىستىقبالنىڭ غايىسىنى تەربىيىلەيدىغان، رومانتىك خىياللىرىنى ئاشۇرىدىغان مەنىۋى نۇزۇق بولۇپ قالغان.

× × ×

خىيال - ئىلمىي كەشپىيات ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ روھى ئاساسلىرىدىن بىرى. ئۆتكۈر خىيال ئادەمنىڭ ئالى خىسلىتى، خىيال ھايات بىلەن تەڭ پەيدا بولىدۇ، ئۆلۈم بىلەن تەڭ توگەيدۇ، شۇڭا كىشىلىك تۇرمۇش ھامان خىيالدىن بىر مىنۇت ئايرىلمايدۇ. ھەممىلا ئادەمدە خىيال بولسىمۇ، لېكىن خىيالنىڭ چوڭقۇرلۇق - تېيىزلىق، مۇرەككەپلىك - ئاددىلىق، ئۆتكۈرلۈك - گاللىق دەرىجىسى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

مەيلى خەلق ئەدەبىياتى بولسۇن، مەيلى يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرى بولسۇن، ھەممىدە مول رومانتىك خىيال بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى مول رومانتىك روھقا ئىگە بولىدۇ. رومانتىزىملىق ئەدەبىياتتىكى خىيال پەۋقۇلئاددە مول بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن رومانتىك خىيال رېئالىستىك ئەسەرلەردىن كۆپ دەرىجىدە ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەپسانە، چۆچەكلەر تامامەن خىيال ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ.

«جامىئۇل ھېكايەت»، قەھرىمانلار توغرىسىدىكى ئەپسانە - چۆچەكلەر جۈملىسىدىن بولۇپ، مول رومانتىك خىيال ۋە كۈچلۈك تەسەۋۋۇر كۈچىگە ئىگە. كەلگۈسى دۇنيا توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈش - ئۇنىڭ ئاساسى خۇسۇسىيىتى. ئۇ، مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن قوزغاتقۇچ كۈچكە ئىگە. شۇڭا ئۇنى ئوقۇغان ۋە ئاڭلىغان كىشىلەردە يېڭىچە خىيال، تەسەۋۋۇر، كېلەچەك ھەققىدە يېڭىچە ئوي - پىكىر قوزغالماي مۇمكىن ئەمەس. كىتابخان «ئالتۇن توخۇ ھېكايىسى» نى ئوقۇغاندا، مەلىك ھەسەننىڭ سۇمۇرۇققا مىنىپ كويىقاپقا قاراپ ئۇچقانلىقىدىن ھاياجانلىنىدۇ، ئۆزىنى گويا ئاسمان - پەلەكتە ئۇچقاندەك ھېس قىلىپ، ئۆزىنىڭ روھى جەھەتتىن يېنىكلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. م، گوركى مۇنداق دېگەن ئىدى: «قەدىمقى پانتازىيىنىڭ ھەر بىر پەرۋازىدىن ئۇنىڭ قوزغاتقۇچ كۈچىنى تېپىش ئوڭاي، بۇ قوزغاتقۇچ كۈچ ھەممە كىشىلەرنىڭ مېھنىتىنى يېنىكلەشتۈرۈشكە نىسبەتەن بولغان ئىنتىلىشتۇر. پۈتۈنلەي روشەنكى، بۇ ئىنتىلىشنى جىسمانى مېھنەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەر ئەمەلگە ئاشۇرغان».

جامىئۇل ھېكايەتنىڭ كىشىلەرنى مەھلىيا قىلىپ، روھىنى كۆتۈرىدىغان قوزغاتقۇچ كۈچى دەل «جامىئۇل ھېكايەت» كە قانات بولغان، شۇ ئارقىلىق ئىلغار ئىدىيىۋى

ئەزمۇننى پەرۋاز قىلدۇرغان باي، جۇشقۇن رومانتىك خىياللاردۇر.

ئىدىيۋىلىك جەھەتتىن ئېيتقاندا: «جامىئۇل ھېكايەت» ئادەملەرنى ئۆزى ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن بەخت ئىزدەشكە، بەختىنى قولغا كەلتۈرۈشكە، سىرلىق تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇپ ئۇنىڭدىن نەپ ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ، ئادەملەرگە ئومىتۋارلىق، قەھرىمانلىق، ئىجادكارلىق، ساداقەتلىك روھىنى بېغىشلايدۇ، شۇنداقلا ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. دېمەك، بەخت يەرلەردە كۆرەش قىلىش، بەختىيار ھاياتنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش «جامىئۇل ھېكايەت» تە ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئاساسىي ئىدىيە، شۇڭا «ھېكايەت» نىڭ تەسەۋۋۇردا قەھرىمانلار تەبىئەت كۈچلىرى ۋە ھاياتتىكى رەزىل قىلمىشلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، خىيالدىكى نىشانغا يېتىدۇ.

«جامىئۇل ھېكايەت» كە قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغرا، ئادىل بولغان تۈز ئورنۇتۇلغان دۇنيانى يارىتىش، ئادالەتنىڭ كۈچىنى نامايەن قىلىپ، زۇلمەتكە يول قويماسلىق چۈشەنچىسى ھەمدە بۇ ھەقتىكى رومانتىك خىياللىرى چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن.

«دۈشمىنىڭ بولسا كىچىك، خۇددى قىلدەك،
بولسىمۇ ئەگەر زەئىپ ۋە بىچارە.
چۈشسە ناگاھ قولۇڭغا ئەشۇ دۈشمەن،
قىل ئۇنى قىلىچ بىلەن ئۈز پارە».

مانا بۇ پارچىدا قەدىمقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ رەزىللىك، ۋەھشىلىك، ئادالەتسىزلىك ھۆكۈم سۈرگەن دۇنيانى گۇمران قىلىش، يېڭى بىر دۇنيانى قۇرۇش خىيالى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئومۇمەن، ئىنسانلارنىڭ بەختىيار ھايات كەچۈرگەن ئادالەتلىك دۇنيا قۇرۇش خىيالى ۋە غايىسى - «جامىئۇل ھېكايەت» نىڭ ئىلغار رومانتىك روھىنىڭ گەۋدىسى. «ھېكايەت» دە ئەشۇ گەۋدە مەركەز قىلىنىپ قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىلاھلاشقان بەختىيار ھايات قۇرۇش خىيالى، شەخسىي ئازاتلىقنى ۋە بەختىنى قولغا كەلتۈرۈش خىيالى، ئادالەت، ئىناقلىق، سەمىمىلىك - راستچىللىق، گۈزەللىك .... ھۆكۈم سۈرگەن جەمئىيەت خىيالى مەردپەتلىك دۇنيا قۇرۇش خىيالى، ئېقىللىق، بىلىملىك، پەزىلەتلىك، قابىلىيەتلىك، جەسۇر كىشىلەر دۆلەتنى تۇتۇش، خەلقنى باشقۇرۇش خىيالى، قاتناشنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلقارا ئالاقىنى كېڭەيتىش خىيالى، ئادەملەر تەبىئەت كۈچلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، تەبىئەتتىن خالىغان نەرسىگە ئېرىشكەن دۇنيانى يارىتىش خىيالى... قاتارلىق بىر قاتار رومانتىك خىيال-تەسەۋۋۇرلار روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. «ھېكايەت» دە سىمۇرغ، ۋاپادار دىۋە، جاھاننامە، ئالتۇن توخۇ قاتارلىقلار قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ خىيالدىكى ئوبرازلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكنى يېنىكلەشتۈرۈش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى. گوركى: «سوۋېت ئەدەبىياتى» دېگەن ماقالىدا، ئەپسانە، چۆچەكلەردە

قەدىمقى ئادەملەرنىڭ يېڭى دۇنيا قۇرۇش ئۈمىدلىرىنىڭ ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ «ئۇچار گىلەم» نى، سۇمرۇغنى، جاھاننامە ئەينەكنى ئويلاپ تاپقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى. بۇ خىل ئويلاپ تېپىش - «جامىئۇل ھېكايەت» ئۈچۈنمۇ ناھايىتى خاراكتېرلىكتۇر. «ھېكايەت» دىكى سۇمرۇغ، جاھاننامە، ئالتۇن توخو قاتارلىقلارنىڭ بەدىئىي تەسۋىرى قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت كۈچلىرى ۋە ھادىسىلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، خىلمۇ - خىل ئىش ھادىسىلەرنىڭ سىرلىرىنى بىلىشكە ئۇرۇنۇشىنىڭ ئىپادىلىنىشى، خالاس.

× × ×

«جامىئۇل ھېكايەت» قەدىمقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تۇرمۇش رېئاللىقىنى گىرەلەشتۈرۈپ، مۇبالىغىلەشتۈرۈپ، سېھىرلەشتۈرۈپ كۆرسەتكەن گۈزەل ئەپسانە، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك مەنزىرىلەرنى كۆز ئالدىمىزغا گەۋدىلەندۈرىدىغان رومانتىك ئەسەر. ئۇ بىر تەرەپتىن، قەدىمقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىلغار، باي رومانتىك خىياللىرىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، «ھېكايەت» دىكى ھەر بىر پېرسوناژ خىيالغا باي بولۇپ، ئۇلار ئۆز خىياللىرى ۋە ئۈستۈمتۇت ئەھۋاللار بويىچە، ئاجايىپ خىيالى شارائىتلاردا، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ھەركەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار مانا شۇ ئاجايىپ خەتەرلىك شارائىتلاردا يۈز بەرگەن ئاجايىپ ۋەقە - ھادىسىلەردە ئۆز خاراكتېرىنى نامايەن قىلىدۇ. بەختيارنىڭ ئاجايىپ قەھرىمانلىق خاراكتېرى، مەلىك ھەسەننىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئەقلى ۋە غەيرىتى، ئۇلارنىڭ خەتەرلىك شارائىتلاردىكى جەريانىدا روشەن گەۋدىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ خىيالىدىكى بۇ قەھرىمانلار «ھېكايەت» نى ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاڭلىغۇچىلار ئۈچۈن تولىمۇ سۆيۈملۈك تۇيۇلىدۇ.

«جامىئۇل ھېكايەت» دە ئىپادىلەنگەن رومانتىك خىياللار قەدىمقى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى رومانتىك خىياللارنىڭ بەدىئىي پىششىقلىنىشى، ئاجايىپ تۈس ئېلىشى، بەدىئىي چىنلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى، گەرچە «ھېكايەت» دىكى بەزى تەپسىلاتلاردا چۈش ۋە چۈشتە كۆرگەنلىرى بويىچە ئىشلەش تەسۋىرلەنسىمۇ، لېكىن ئۇلار بەرىبىر رونتىك خىيالنىڭ ئىپادىلىنىشى.

خىيال بولسا، ئادەمنىڭ ھازىرقى رېئاللىق ئاساسىدا تېخى ئۆزى كۆرمىگەن رېئاللىقنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىنكاس قىلىدىغان بىر خىل بىلىش پائالىيىتى جەريانىدۇر. خىيال تەپەككۇرغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، شۇنداقلا سەزگۈ، ئەسلەش (خاتىرە) جەريانلىرىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك. ئۇلۇق رۇس پېداگوگى ئۇشىنىسكىي: «خىيال قىلىش جەريانىنى بىر تەرەپتىن سەزگۈ ۋە ئەسلەش جەريانىدىن ئىككىنچى تەرەپتىن تەپەككۇر جەريانىدىن ئاجرىتىش دەسلەپ كۆرۈنگىنىدەك ئاسان ئەمەس»① دەيدۇ.

«جامىئۇل ھېكايەت» دىكى ئەپسانە - چۆچەكلەر ئومۇمەن خىيالى پېرسوناژلار، خىيالى شارائىتلار، خىيالى ۋەقە - ھادىسىلەر تەسۋىرلەنگەن، يۇقىرى دەرىجىدە پىششىقلىنىپ ئىشلەنگەن بەدىئىي تولۇقلىما بولۇپ، ئۇ غايەت زور مۇبالىغىلەشتۈرۈش، گىرەلەشتۈرۈش،

www.uyghurkitap.com

سېھرلەشتۈرۈشنىڭ، رومانتىك خىياللارنى يۇقۇرى دەرىجىدە بەدىئى ئۇيۇملاشتۇرۇشنىڭ مەھسۇلى.

بىز «ھىكايەت» نى ئوقۇغىنىمىزدا قەدىمقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان تارىخىي رىياللىق ھەققىدە ۋە ئۆزىنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا ئۆتكۈر دەرىجىدە تەپەككۇر قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ چىرىك شەيئىلەرنىڭ باش كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى، سېزىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. قەدىمقى ئەۋلادلىرىمىز تەپەككۇر جەريانىدا بەختىياردەك، مەلىك ھەسەندەك يېڭى دۇنياغا يول ئاچقۇچى قەھرىمانلارنى خىيال قىلىشقان، بۇنىڭ بىلەن بىر غايىۋى دۇنيانىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى سىزىپ بەرگەن، شاھزادە بەختىيار بىلەن مەلىك ھەسەنلەرنىڭ ئاخىرى پادىشا بولۇپ، تەختكە ئولتۇرغانلىقى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يېڭىچە دۇنيانى بەرپا قىلىش خىيالىدىن ئىبارەت. قەدىمقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يۇقۇرى سېزىمچانلىقى بىلەن ئادالەت، مەرىپەت ھۆكۈم سۈرىدىغان، شاھزادە بەختىيار ۋە مەلىك ھەسەندەك ئېقىللىق، ئادىل، چارە - تەدبىرلىك، پەزىلەتلىك قەھرىمانلار دۆلەتنى باشقۇرىدىغان يېڭى دۇنيانى، ئالدىن پەرەز قىلالىغان. بىز، «ھىكايەت» نىڭ بۇ خاسىيىتى ئارقىلىق قەدىمقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۇقۇرى سېزىمچانلىقى، ئۆتكۈر دەرىجىدە تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز.

«جامىئۇل ھىكايەت» نىڭ يېڭىچە دۇنيا، يېڭىچە كىشىلىك مۇناسىۋەت، يېڭى قەھرىمانلارنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى ئالدىن سېزەلىشى ئۇنىڭ يۇقۇرى تەسەۋۋۇر كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. پىسخولوگلار، توغرا تەسەۋۋۇرنى خىيالنىڭ مۇھىم شەرتى دەپ تونۇيدۇ، تەسەۋۋۇر كۈچلۈك، توغرا بولسا خىيالمۇ باي بولىدۇ. مەيلى شاھزادە بەختىيار بولسۇن، مەيلى مەلىك ھەسەن بولسۇن ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئۈستۈن، تەسەۋۋۇرى توغرا، شۇڭا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا قەتئىيلىك، باتۇرلۇق روھى جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار توغرا تەسەۋۋۇر ئاساسىدا خىيال قىلىپ، خەتەرلىك شارائىتلاردا ھەرىكەتلىنىپ، ئۆز خىياللىرىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاجايىپ سېھىرگەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە پەۋقۇلئاددە شارائىتلاردا ھەركەت قىلىشى، ئاخىرى كۆزلىگەن نىشانغا يېتىشى مول تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن خىيالنىڭ نەتىجىسى.

× × ×

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر خەلق ئاممىسىنىڭ يۇقۇرى بەدىئى تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ سەمەرىسى. «جامىئۇل ھىكايەت» تېخىمۇ شۇنداق، ئۇنىڭدا ئادەم ئوبرازى ناھايىتى نەتىجىلىك يارىتىلغان، گەرچە «جامىئۇل ھىكايەت» تە سۇمرۇغ، دىۋە، ئالتۇن توخۇ، ئەجدەرھا قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازىمۇ جايىدا يارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئوبرازلار يەنىلا شاھزادە بەختىيار ۋە مەلىك ھەسەن قاتارلىق خىيالى قەھرىمانلار توغرىسىدىكى ھېكايىلىك تەسۋىرى كۆرۈنۈشلەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

«جامىئۇل ھېكايات» دە نۇرغۇن تەسىرلىك ئوبرازلار بار. بۇ ئوبرازلار كىشىلەرگە ئۈمىتۋارلىق، باتۇرلۇق ۋە گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلار ئۈچۈن كۈرەش قىلىش روھىنى بېغىشلايدۇ. بۇ قەھرىمانلارنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇلار ئېقىللىق ۋە چارە-تەدبىرلىك، شەخسىيەتچىلىكتىن خېلىلا يىراق، ئاق كۆڭۈل، ئىنسانپەرۋەر، قورقماس ۋە باتۇر، ئۇلار يېڭىلىققا ئىنتىلگۈچىلەر، غايىلىك ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن ئىزدەنگۈچىلەر، ئۇلار ئىلىملىك، پەزىلەتلىك ۋە قابىلىيەتلىك، ئۇلار تەبىئەت كۈچلىرىنى بويسۇندۇرغۇچىلار، ئومۇمەن ئۇلار مۇشكۇللەرنى يېڭىپ، زىيانداشلارنى يوقۇتۇپ، تەبىئەت كۈچلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، ئىنسانلار ئۈچۈن بەخت ياراتقۇچىلاردۇر. ئۇلار خىيالى پېرسوناژلار بولۇپ، خىيالى شارائىتتا ياشاپ، ئاجايىپ سېھىر كۈچكە ئىگە ۋەقەلەرنى سادىر قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋەقەلىرىدە بىرخىل ئىزچىللىق بولۇپ، بۇ ئىزچىللىق خاراكتېرلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ھېكايەتلەرنى كۈچلۈك مەنتىقىلىققا ئىگە قىلغان. شۇڭا كىتابخان، ھەربىر ھېكايەتنى ئوقۇغاندا ئۆزىنى، پېرسوناژلار بىلەن بىللە ھەركەت قىلغاندەك، ئۇلاردەك تۈيغۇ-تەسىراتقا ئىگە بولغاندەك ھېس قىلىدۇ.

«جامىئۇل ھېكايات» نىڭ يەنە بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتى شۇكى، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشتا تەبىئىلىك بىلەن «ئاجايىپ-غارايىپلىق» زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. كىتابخان، ھېكايەتلەرنى ئوقۇغاندا پېرسوناژلارنىڭ بولۇپمۇ بەختىيار، مەلىك ھەسەن، شاھ كابۇلنىڭ باتۇرلۇق روھىنى، پاراسەتلىكىنى، ئۇنۇملۈك ھەركىتىنى تۇرمۇشقا يېقىن، تەبىئى ھېس قىلىدۇ. لېكىن «ھېكايات» دە ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى جانلاندۇرۇشتا «تاسادىپىلىق» كە يول قويۇلغان. بۇنىڭ بىلەن بۇ خىل تاسادىپىلىق، ئۇلارنىڭ تەغدىرىدىكى مۇقەررەرلىك (تەبىئىلىك) بىلەن زىچ باغلاشقان. بەختىيار، مەلىك ھەسەنلەر ئەسلىدە پەم-پاراسەتلىك، بىلىملىك، پەزىلەتلىك، پاك نىيەت شاھزادىلەر، ئۇلارنىڭ خىلمۇ-خىل توسالغۇلارنى يېڭىپ، كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ، ئاخىرى غەلىبە قىلىشى، ئادىل شاھ بولۇپ يۇرتنى سوراپ، خەلقنى رازى قىلىشى بىر مۇقەررەرلىك ئىدى. لېكىن ئۇلار نۇرغۇن تاسادىپى كېلىشمەسلىكلەرگە، ئاجايىپ خەتەرلىك ھادىسىلەرگە دۇچ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىسىدىكى بۇ ئاجايىپلىق بۇ قەھرىمانلارنىڭ پەۋقۇلئاددە باتۇرلۇق روھىنى نامايەن قىلغان.

بەدنىيەت، زالىم ۋەزىر-ئەمەلدارلارنىڭ ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر شاھزادە بەختىيارنى، ئىچى تار، قارا كۆڭۈل شاھزادىلەرنىڭ مەلىك ھەسەننى يوقۇتۇشقا ئۇرۇنىشى، لېكىن ئادالەتلىك غەلىبە قىلىپ، بەختىيار ۋە مەلىك ھەسەنلەرنىڭ شاھ بولۇشى — «جامىئۇل ھېكايات» نىڭ كۈچلۈك مەنتىقىلىقىدۇر.

«جامىئۇل ھېكايات» نىڭ بەدىئى جەھەتتىكى بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى: ھەربىر ھېكايەتتە جانلاندۇرۇش، ئوخشۇتۇش، مۇبالىغىلاشتۇرۇشتەك، ئەپسانە-چۆچەكلەرگە خاس ۋاستىلار ئوبدان قوللىنىلغان، شۇڭا ھېكايات بۇ جەھەتتە روشەن خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان، لېكىن جانلاندۇرۇش، ئادەملەشتۈرۈش تۇرمۇش مەنتىقىسىغا يېقىن، شۇنداقلا شۇ شەيئىنىڭ خۇسۇسىيىتىمۇ ئىپادىلەنگەن.

www.uyghurkitap.com

كۆچلۈك دىراماتىك ۋە لىرىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇش - «جامىئۇل ھېكايەت» دىكى ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىكتۇر. «ھېكايەت» دە زىددىيەت توقۇنۇشلىرى، بەختىيار، مەلىك ھەسەنلەرنىڭ بىرىنچىدىن ئادەملەر ئارىسىدىكى رەزىل كۈچلەر بىلەن، ئىككىنچىدىن، قورقۇنۇچلۇق تەبىئەت كۈچلىرى بىلەن ئېلىشىشى ھەم بەك جىددى، ھەم بەك تەسادىپى، ھەم بەك ئاجايىپ بولغاچقا، دىئالوگلاردا ۋە پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا دىراماتىكىلىق تولىمۇ كۈچلۈك.

«جامىئۇل ھېكايەت» گەرچە نەسىر بولسىمۇ، لېكىن مەزمۇنىدىن تا شەكلىگىچە گويا لىرىك پوئېمىغا ئوخشايدۇ. چۈنكى - «ھېكايەت» دە دىگىدەك مول لىرىكىلىق ھېسسىيات جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا كىتابخان بىر گۈزەل لىرىك شېئىرنى ئوقۇپ قانداق زوقلانسا، «جامىئۇل ھېكايەت» نىمۇ شۇنداق زوقلىنىدۇ. قويۇق لىرىك تۇيغۇ ھېكايەتنىڭ ھەممە تەرىپىگە - ئاپتور بايانىغىمۇ، ۋەقەلەر تەسۋىرىگىمۇ، دىئالوگلار، مونولوگلارغىمۇ تولۇق سىڭىپ كەتكەن. بۇ ھال «ھېكايەت» نى يۇقۇرى رومانتىك كۈچكە ئىگە قىلغان.

«جامىئۇل ھېكايەت» دە لىرىك تۇيغۇنىڭ مول بېرىلىشى، بۇ نەسىرنى يۇقۇرى بەدىئى قۇۋۋەتكە ئېرىشتۈرۈپ، يۇقۇرى شەرەپكە ئىگە قىلغان. «ھېكايەت» بۇ جەھەتتە ئەرەپ، پارس، ھىندى، يۇنان قاتارلىق ئەللەرنىڭ گۈزەل ئەپسانە — چۆچەكلىرىدىن قېلىشمايدۇ.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى: «جامىئۇل ھېكايەت» قەھرىمانلىق ھېكايىسى بولۇپ، يۈكسەك خەلقچىلىق روھىغا ئىگە. لېكىن ئۇلاردىكى ئىجابى قەھرىمانلار يەنىلا شەخسى قەھرىمانلاردىن ئىبارەت. ئەسەردە شاھنىڭ بالىسى شاھ بولىدۇ دىگەن قاراشمۇ ئىپادىلەنگەن. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئىللەتلەر «جامىئۇل ھېكايەت» نىڭ ئىدىيىۋى ۋە بەدىئى قىممىتىنى يوقۇتالمايدۇ. بەلكى «ھېكايەت» - «مىڭ بىر كېچە»، «ئىلىيادا»، «فائۇست» قاتارلىق ئەپسانىلاردەك يۇقۇرى شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

× × ×

ئادەتتە ئەپسانىلار 2 خىل بولىدۇ. بىرى، خۇدالار، ئەۋلىيا - ئەنبىيالار ھەققىدىكى ھېكايىلار، يەنە بىرى، قەھرىمانلار ھەققىدىكى ھېكايىلار. «جامىئۇل ھېكايەت» نى ئۆز ماھىيىتى جەھەتتىن قەھرىمانلار توغرىسىدىكى ئەپسانىلارغا كىرگۈزۈش مۇمكىن، چۈنكى، ئۇنىڭدا شاھزادە بەختىيار، شاھكابول، شاھزادە مەلىك ھەسەنلەرگە ئوخشاش قەھرىمان شەخسلەر مەدھىيىلەنگەن، گەرچە بۇ خىل شەخسلەر ئەقىل ۋە پائالىيەت جەھەتتىن تۇرمۇشتىن ھالقىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئادەملەرگە بەك يېقىن، «جامىئۇل ھېكايەت» نىڭ 550 يىلدىن بېرى، ئۇيغۇر سەنئەت ئاسمىنىدا نۇرلۇق چولپان بولۇپ ئۆچمەي كېلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ تېمىسىنىڭ ئەھمىيەتلىك بولغانلىقىدا.

بىرىنچى: «جامىئۇل ھېكايەت» قەدىمقى ئۇيغۇرلاردىن مىراس قالغان مۇنبەت سەنئەت تۇپرىغىنى ساقلاپ كەلدى ۋە ئۆزىمۇ بىر ئۈنۈملۈك تۇپراققا ئايلىنىپ، يېڭى سەنئەت

مايسىلىرىنى ئۇندۇرۇپ كەلدى. بۇ مۇنبەت تۇپراق كېيىنكى سۆز ئۇستىلىرىنىڭ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىشكە ئىلھام بەردى.

ئىككىنچى: «جامىئۇل ھىكايەت» قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلغار دۇنيا قارىشىنى، ئىستېتىك قارىشىنى، پىكىر قىلىش شەكلىنى، تەسەۋۋۇر خىياللىرىنى ساقلاپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ پىكىر قىلىشتا، تەسەۋۋۇر ۋە خىيال قىلىشتا قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلدى.

ئۈچىنچىدىن: «جامىئۇل ھىكايەت» ئۆزىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى روھلاندۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ (ئۇيغۇر ھىكايىچىلىقىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۆزىدە بار ئەۋزەللىكىنى ساقلاش ئارقىلىق) خەلق ئاممىسىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئىستېتىك زوقلاندۇرۇش ئارقىلىق كېيىنكى ئەۋلادلارنى خەلقچىللىق، قەھرىمانلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئۈمىتۋارلىق روھىدا تەربىيىلەپ كەلدى. كېيىنكى ئەۋلادلارنى گۈزەل كېلەچەكنى يارىتىشقا، رەزىللىككە، ئادالەتسىزلىككە قارشى جەڭ قىلىشقا رىغبەتلەندۇرۇپ كەلدى. بولۇپمۇ «ھىكايەت» بالىلار تەربىيىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، زور تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. «ھىكايەت» تىكى تەسەۋۋۇر ۋە خىياللار رىياللىققا ئايلانغان بوگۈنكى كۈندىمۇ، بۇ ئەسەر ياش ئۆسمۈرلەرنى ئۇنۇملۇك خىيال قىلىشقا، تەسەۋۋۇرغا باي بولۇشقا، قىيىنچىلىقلار ۋە مۈشكۈللۈكلەر ئالدىدا ئۈمىتۋار بولۇپ، غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

تۆتىنچىدىن: «جامىئۇل ھىكايەت» ئۇيغۇر ھىكايىچىلىقىنىڭ شانلىق نەمۇنىسى بولۇپ، شۇ ھىكايە ئىجادىيتىنىڭ سۈت ئانىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇر ھىكايىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. بۇخىل تەسىر ئۇيغۇر ئەلنەغمە مەدداھلىق ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا ۋە ئۇيغۇر ھىكايىچىلىق ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىدە كۆرۈلىدۇ. قەدىمقى ئەپسانە - رىۋايەتلەر، تۇرمۇش چۆچەكلىرى، ئىلمىي فانتازىيە ھىكايىلىرى ۋە مەسەللەرنىڭ ئانىسى. تۇرمۇش چۆچەكلىرى ۋە مەسەللەر بولسا ھىكايە ئەدەبىياتىنىڭ سۈت ئانىسى. ماركس: «يۇنان ئەپسانىلىرى يۇنان سەنئىتىنىڭ قورال ئامبىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تۇپرىقى»، دەيدۇ. «جامىئۇل ھىكايەت» مۇ ئۇيغۇر ھىكايە ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىدىن شەكلىگىچە گۈزەل ۋە ھەيۋەتلىك تۈسكە ئىگە بولۇش ئالاھىدىلىكى، بايان، ۋەقەلىك تەسۋىرى، دىئالوگ ۋە مونولوگلارنىڭ ھاياجانلىق بولۇشى، نەسرى بىلەن نەزمىنى بىرلەشتۈرۈش ئىستىلى، خاراكتېرلارنى ھەم تەبىئىلىككە ھەم «ئاجايىپلىق» قا ئىگە قىلىش ئۇسۇلى يازغۇچىلار ئەدەبىياتىغىمۇ، بولۇپمۇ ھىكايە، ئېپىك داستانلارغا كۈچلۈك تەسىر قىلغان. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ناۋايى، ئا. نىزارى، نازىملار بۇ ئەسەرگە بەك قىزىققان، ھەم يۇقۇرقىدەك ئالاھىدىلىكلەر كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ھازىرمۇ بىزنىڭ ھىكايىلىرىمىزدا «جامىئۇل ھىكايەت» نىڭ تەسىرىنى كۆرۈش مۇمكىن.

«جامىئۇل ھىكايەت» تۇرمۇشقىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، كىشىلەر ئىچىدە بەزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر غايىۋى، سېھىرلىك شەيئىلەرنى، ئوبرازلارنى پەيدا قىلغان. چۈنكى «ھېكايەت» دە تىلغا ئېلىنغان كويقاپ، جاھاننامە، ئالتۇن توخۇ، سۇمرۇغ، دىۋە، ئەجدەرھالار كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇش ئادىتىدە بىرخىل سىمۋوللارغا ئايلىنىپ قالغان، ھېلىمۇ بۇ نەرسىلەر تۇرمۇشتا دائىم تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدۇ. ھەتتا بۇ نەرسىلەر تۇرمۇشتا ۋە ئەدەبىياتتا جانلاندۇرۇش ۋاستىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدۇ.

ئومۇمەن «جامىئۇل ھېكايەت» زوقلۇنۇش قىممىتىگە، پايدىلىنىش قىممىتىگە، تەتقىقات ماتېرىيالى قىممىتىگە ھەم كۆڭۈل ئېچىش قىممىتىگە ئىگە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھازىرقى ھېكايە ئىجادىيىتى ئۈچۈن پايدىلىق قىممىتى يۇقىرى.

× × ×

«جامىئۇل ھېكايەت» نى تەتقىق قىلغاندا مۇنداق بىر قانچە مەسىلىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

1 - پېرسوناژلار ۋە ئۇلار ھەرىكەت قىلغان ئورۇن - جاي ئىسىملىرىنىڭ ئۇيغۇرچە ئەمەس، بەلكى ۋەقە - ھادىسىلەرنىڭ پارس - ئەرەب زېمىنىدا بولغان دەپ تەسۋىرلەنگەنلىكى مەسىلىسى. بۇ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك بىر مۇرەككەپ مەسىلە. ئۇزۇپ ئېيتىشقا بولىدۇكى «ھېكايەت» ئۇيغۇر ھېكايىسى. ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلار، ئورۇن - جايلار تامامەن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر يۇرتلىرى. شۇڭا ۋەقەلىكمۇ ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان ۋەقەلىكلەردىن ئىبارەت. شۇڭا ئۇنى قانداقتۇر ئەرەب ياكى پارس ھېكايىلىرىنىڭ تەرجىمىسى دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. «جامىئۇل ھېكايەت» دە پېرسوناژ ئىسىملىرى، ۋەقە يۈز بەرگەن جاي ئىسىملىرىنىڭ پارسچە ياكى ئەرەبچە بولۇپ قېلىشى بىرىنچىدىن ئەينى زاماندىكى تارىخىي شارائىت ۋە سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تەسىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، چۈنكى، ئەينى زاماندا ئۇيغۇر شاھلىرى ۋە شاھ ئوردىسىدىكى ئەمەلدارلار بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈچلۈك، ئۆتكۈر ئىدى. ئەگەر ۋەقە - ھادىسىلەر ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا بولغان دەپ ئوچۇق تەسۋىرلەنسە، ئۇ چاغدا زالىم شاھلار، قارا نىيەت ۋەزىرلەر بۇنىڭ ۋوجۇتقا چىقىشىغا، كەڭ تارقىلىشىغا يول قويمىغان بولاتتى. ئىككىنچىدىن: شۇنداق بولۇش ئىسلامىيەتنىڭ تەسىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق، ئەينى ۋاقىتتا غەيرى ئەرەب، پارس زېمىنلىرىدىكى مىللەتلەر ئىسلامغا كېيىن ئېتىقات قىلغان. ئىسلام دىنىغا يېڭىدىن ئېتىقات قىلغان ئۇيغۇرلار ئەرەب، پارسلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەل - يۇرتلىرىنى مۇقەددەس بىلىپ ئالىي ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالاتتى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلار بۇ جايلارنى بىر غايىۋى دۇنيا، ئاجايىپ مۆجىزىلەرگە تولغان ماكان دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ئىجات قىلغان ھېكايەتلىرىدە پېرسوناژ ئىسىملىرىنى، يەر - جاي ئىسىملىرىنى ئەرەبچە ياكى پارسچە ئاتاشنى، ۋەقەلىكلەرنى ئەرەب ياكى پارس تۇپرىقىدا بولغان دەپ تەسۋىرلەشنى بىر ئۇلۇق ئىش دەپ قارايتتى. ئۈچىنچىدىن: بۇنداق بولۇش ئومۇمى مۇسۇلمان ئەدەبىياتى بىلەن مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى ۋە ئەدەبىي ئىستىلىغا مۇناسىۋەتلىك، پېرسوناژلارنى ئەرەب ياكى

پارس ئىسىملىرى بىلەن ئاتاش، ۋەقە يۈز بەرگەن جايلارنى ئەرەپ ياكى پارس يۇرت ئىسىملىرى بىلەن ئاتاش ئومۇمى مۇسۇلمان ئەدەبىياتىنىڭ، جۈملىدىن شەرق مۇسۇلمان ئەدەبىياتىنىڭ بىر مۇھىم ئەنئەنىسى ۋە ئەدەبىي ئىستىلى ئىدى. خېلى كۆپ غەيرى ئەرەپ-پارس يازغۇچىلىرى، بولۇپمۇ ئەينى ۋاقىتتا يازما ئەدەبىياتتا كامالەتكە يەتكەن ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ئىجادى پائالىيەتتە ئۆز يۇرتىدىن مەنبە ۋە ئىلھامغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئەزەلدىن داۋام قىلىۋاتقان مۇسۇلمان ئەدەبىياتىنىڭ، بولۇپمۇ مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىلىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئىجات قىلىنغان ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلار ئىسىملىرى، يەر جاي ئىسىملىرىنى ئەرەپ-پارسچە ئاتاپ، ۋەقەلىكلەر ئەرەپ-پارس زېمىنلىرىدا بولغان دەپ تەسۋىرلەنگەن. ھەتتا ئەسەرنىڭ ماۋزۇلىرىمۇ ئەرەپچە ياكى پارسچە قويۇلغان. بۇ ئەنئەنە يالغۇز يازما ئەدەبىياتتا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن. ناۋايى، نىزارى، نازىمى قاتارلىق كىلاسسىكلار گەرچە ئەسەرلىرىنى ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يازسىمۇ، لېكىن ماۋزۇلارنى ئەرەپچە ياكى پارسچە قويۇشقان. تۆتىنچىدىن، قەدىمقى ئەپسانە-چۆچەكلەر مەدداھلار تەرىپىدىن ئىشلىنەتتى، مەدداھلار ئەرەپ-پارس ھېكايىلىرىنى ئېيتىشقا ئامراق ئىدى. بۇ خىل مىللى چۈقۇنۇش نۇرغۇن گۈزەل ئۇيغۇر ھېكايىلىرىنىڭ ئەرەپلىشىشىگە، ياكى پارسلىشىشىغا سەۋەپ بولغان.

2- «جامىئۇل ھېكايەت» نىڭ سېلىشتۇرما ئەدەبىيات خاراكتېرى مەسىلىسى. شۇنى ئېيتىش كېرەككى «ھېكايەت» نىڭ روشەن سېلىشتۇرما ئەدەبىيات خاراكتېرى بار. مەلۇمكى ھەر قايسى ئەللەر ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى ئۆز تەرەققىياتىدا ئۆز ئارا تەسىرلىنىش ۋە تەسىر قىلىش ئاساسىدا تەرەققى قىلىدۇ. بۇ خىل تەسىرلىنىش يالغۇز شەكىلدىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، مەزمۇن ئامىللىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بەزى تەسىرلىك پېرسوناژ ئوبرازلار، ھاياجانلىق ۋەقەلەر، ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان شارائىت تەسۋىرلىرى ئۆز ئارا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۆز ئارا ئۆتۈشكەندە، روشەن مىللى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. ھەتتا بۇ خىل ئۆتۈشۈش خاراكتېرلارنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ ئۆز تامغىسىنى باسىدۇ. ياۋرۇپالىقلارنىڭ «گاملېت» پاجىئەسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ «پەرھات-شىرىن» پاجىئەسى، ئۇيغۇرلارنىڭ «تاھىر-زۆھرە» پاجىئەسى بىلەن خەنزۇلارنىڭ «لياڭ شەنبەي جۇيىڭتەي» پاجىئەسى بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ھەتتا بۇ ئەسەرلەر بەدىئى قۇرۇلما، ۋەقەلىكلەرنىڭ قانات يېيىشى، خاراكتېرىنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ بىر-بىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، مانا بۇ ئوخشاشلىق سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر.

بىر مىللەت ئەدەبىياتىدىكى ئايرىم ئەسەرلەرنىڭ باشقا مىللەت ئەدەبىياتىدىكى ئايرىم ئەسەرلەرگە ئوخشىشىپ كېتەلىشى نورمال ئەھۋال بولۇپ، ئۇ مىللەتلەر ئارا ئەدەبىي ئالاقە ۋە ئەدەبىي تەسىرلىنىشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. ئايرىم ئوخشاشلىقىلا قاراپ، بىر مىللەت ئەدەبىياتىدىكى ئايرىم ئەسەرلەرنى كۆچۈرمە ئەدەبىيات دېيىشكە بولمايدۇ. شۇنى مۇ-

# شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قوشقان تۆھپىلىرى

جۇ ياڭگۈي، گاۋ شىنشىڭ

بۇ يىل ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىغا 40 يىل بولدى. بۇندىن 48 يىل ئىلگىرى، ياپونىيە جاھانگىرلىكى «7 - ئىيول» لوگوۋچاۋ ۋەقەسىنى پەيدا قىلىپ، جۇڭگوغا ئومۇمىيۈزلۈك تەجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى. مەملىكىتىمىزدىكى ھەربىي ۋە خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى بىلەن ئېلىمىز تارىخى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىگە قەدەم قويدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش - شەرق تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن، دۇنيا تارىخىدىمۇ ئۇلۇغ ئورۇن تۇتىدىغان ئۇرۇش. مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى 8 يىل جاپا مۇشەققەتلىك جەڭ قىلىش ئارقىلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بۇ ئۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ غەلىبە، جۇڭگو خەلقىنىڭ 100 يىللاردىن بېرى تەجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش مىللىي ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا قولغا كەلتۈرگەن 1 - قېتىملىق ئۇلۇغ غەلىبىسى. شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ تارىخى تۆھپىلىرى ئارقىلىق بۇ شانلىق تارىخقا يېڭى سەھىپە قوشتى.

---

ئەيىنلەشتۈرۈش كېرەككى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا قويۇق ئالاقە بولغان. «جامىئۇل ھىكايەت» مۇ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەللىشىش جەريانىدا بۇ مۇقەررەرلىكتىن خالىي بولالمىغان. بەلكى ئۇ، ئەرەپ - پارس ئەپسانە - چۆچەكلىرىنىڭ، بولۇپمۇ «مىڭ بىر كېچە» نىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى: «جامىئۇل ھىكايەت» قەدىمقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجادىي ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى، يۇقۇرى بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ رومانتىك ئوبرازى بولۇپ ئىپادىلىنىشىدۇر. شۇڭا ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ئۆلمەس ئەسەر. ئۇ «ئۇيغۇر ھىكايىچىلىق تارىخىنىڭ باشلىنىشى» نىڭ بەلگۈسى ۋە ھىكايىچىلىق سەنئىتىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى. بۇ تۇپراقتا يېڭى مايسىلار ئۆسۈپ چىققۇسى.

ئىزاھاتلار:

① م. گوركى «سوۋېت ئەدەبىياتى». «ئەدەبىيات توغرىسىدا» II توم 91 - بەت.

② گې باۋچۈەن، «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» دىكى «يونان - رىم ئەپسانىلىرى توغرىسىدا ھېكايىلار دىگەن» كىتابقا كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

③ «تاللانغان پىداگوگىكىلىق ئەسەرلەر» تاشكەنت ئۇيغۇرچە نەشرى، II توم، 550 - بەت.



www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

شىنجاڭ ھەرمىللەت خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئۇلۇق تۆھپىلەر قوشتى. بۇ تۆھپىلەر ئاساسەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ شەكلى ئارقىلىق بولدى. شىنجاڭدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۆزىگە خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى.

شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، يەر كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەت يەر كۆلىمىنىڭ $\frac{1}{6}$ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ رايوندا 14 مىللەت (ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى سان) ياشايدۇ. ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى، مۇڭغۇلىيە، پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگو تەدرىجىي يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودال جەمئىيەت بولۇپ قالدى. شىنجاڭمۇ چاررۇسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە قاتارلىق جاھانگىرلار تالىشىدىغان ئورۇنغا ئايلىنىپ قالدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى جاھانگىرلىككە قارشى شانلىق ئەنئەنىگە ئىگە خەلق.

1933 - يىلى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن «12- ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى ئارقىلىق جىن شۇرېننىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، شېڭ شىسەينىڭ سۇيىقەست ۋە ھىيلە مىكرى ئىشلىتىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەربىي مەمۇرىي چوڭ ھوقۇقى شېڭ شىسەينىڭ قولىغا ئۆتتى ۋە ئۇ «چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى» بولۇۋالدى. شېڭ شىسەي تەختكە چىققان كۈندىن باشلاپلا ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغان ئىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا ئىشەنمەيتتى، ئۇنىڭ كۈچىمۇ ئاجىز ئىدى. ئىگەللىگەن زېمىنىمۇ تار ئىدى. ماجۇڭيىڭ، جاڭ پېيۈەن كۈچلىرى بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلار ئۆز - ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، شېڭ شىسەيگە قارىتا مۇھاسىرە ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. بۇ خىل ئەھۋالدا، شېڭ شىسەي ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتا يېقىنلىشىش سىياسىتىنى قوللاندى. ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچى ئارقىلىق ئۆز رەقىبلىرىنى يېڭىپ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بىلەن ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىدى. ئۇ، شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى مۇرەككەپ ۋەزىيىتىگە ئاساسەن، ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوس بولۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، شىنجاڭنى ئىسلاھ ۋە تەمىر قىلىشتىن ئىبارەت 6 سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشكە باشلىدى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، 1934- يىلى 8- ئاينىڭ 1- كۈنى شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. 1935 -

يىلى 5 - ئايدا يوشۇسۇڭ (پارتىيىمىزنىڭ 1- تۈركۈمدىكى ئەزالىرىدىن بىرى شىنجاڭدىكى
تەخەللۇسى ۋاڭ شۇچىڭ) باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم كوممۇنىستلار كوممۇنىستىك ئىنتېرنا-
سىئونال تەرىپىدىن شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتىلدى. يوشيۇسۇڭ جاھانگىرلىككە قارشى
تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپلىقىنى ھەمدە شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى
ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۇلار 6 سىياسەتتىن پايدىلىنىپ، «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» ۋە
«شىنجاڭ گېزىتى» ئارقىلىق پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ،
ۋەتەننى قۇتقۇزۇش تەربىيىسىنى ئېلىپ باردى. مەكتەپلەردە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش
نەزەرىيىسى دەرسىنى رەسمىي دەرس قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى تەدرىجىي قانات يېيىپ كەتتى.

1936- يىلى 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شىڭشىسەي گومىنداڭ جۇڭياڭغا تېلېگرامما
ئەۋەتىپ «7 ماددىلىق ۋەتەن قۇتقۇزۇش كاڭلىڭى» نى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە: ئىچكى
ئۇرۇشنى توختىتىپ، بىردەك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى؛ پۈتۈن مەملىكەتتىكى
ھەر مىللەت، ھەر ساھە قېرىنداشلارنىڭ سەمىمىي ئىتتىپاقلىشىشىنى؛ دۇنيادا بىزنى ئۆزى بىلەن
باراۋەر كۆرىدىغان مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئورتاق كۈرەش ئېلىشنى تەلەپ قىلدى.
بۇ كاڭلىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. 11-
ئايدا، سۈييۈەندە تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ فۇزويى جاڭجۇن قوماندانلىقىدا ياپون ئالۋاستى-
لىرىغا قارشى چىقىشى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتە سۈييۈەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتى قوزغال-
دى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ ئىئانە توپلاشتىن ئىبارەت ئەمەلىي ھەرىكىتى بى-
لەن سۈييۈەننىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا ياردەم قىلدى. مەلۇماتلارغا قارى-
غاندا، شۇ چاغدا پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 90 مىليون سەر ئۆلكە پۇلى ۋە باشقا ماددىي
بۇيۇملار ئىئانە قىلىنغان. «شىئەن ۋەقەسى» دىن كېيىن، شىنجاڭ جاڭشۇلىياڭ، ياڭ خۇچېڭ-
لارنىڭ ھەققانىي ھەرىكىتىنى قوللىدى. شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە تارىخىي ئەھۋالى شىنجاڭدىكى
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى تەرەققىياتىنىڭ گومىنداڭ
ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا قارىغاندا تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ كەڭ بولۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ
بەردى، شۇنداقلا پارتىيىمىزنىڭ شىڭ شىسەي بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي
بىرلىكسەپ قۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

1937- يىلى 4 - ئايدا، پارتىيىمىز يولداش چېن يۈننى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق
شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، شىڭ شىسەي بىلەن ئۇچراشتۇردى ھەمدە سۆھبەت ئارقىلىق غەرپكە
يۈرۈش قىلغان ئارمىيىدىن 400 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى توغرىسىدا كې-
لىشىم ھاسىل قىلدى. بۇ قوشۇن 5- ئاينىڭ باشلىرى دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) گە
يېتىپ كېلىپ «يېڭى گازارما» قۇرۇپ ئالاھىدە قىسىملارنى تەربىيىلەش بىلەن شۇغۇللان-
دى. «يېڭى گازارما» نىڭ قۇرۇلۇشى پارتىيىمىزنىڭ شىڭ شىسەي بىلەن دەسلەپكى ئە-
دەم ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقانلىقىنىڭ ئالامىتى بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پارتىيە-

مەزنىڭ شىڭشىسەي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بارغانسىرى قويۇقلاشتى. ياپون باسقۇنچىلى-
رىغا قارشى ئۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك پارتلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك ئور-
نى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ قالدى. پارتىيىمىزمۇ شىڭ شىسەي بىلەن بولغان بىرلىكسەپ
خىزمىتىگە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى. 10- ئايدا جۇشاۋجۇنى شىنجاڭغا ئېۋەتىپ
دىخۇادا 8- ئارمىيىنىڭ ئىش باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە شىڭ شىسەي
بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، 8- ئارمىيىنىڭ ئىش باشقۇرۇش ئورنى (سىرتقا
نىسبەتەن 3- مېھمانخانا دەپ ئاتىلىدۇ) قۇرۇلدى. شۇنداق قىلىپ پارتىيىمىزنىڭ شىڭ شىسەي
بىلەن بولغان بىرلىكسەپ مۇناسىۋىتى رەسمىي شەكىللەندى. بىرلىكسەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن،
شىڭ شىسەي پارتىيىمىزدىن شىنجاڭغا كادىر ئېۋەتىشنى كۆپ قېتىم تەلەپ قىلدى. پارتىيە
مەركىزى كومىتېتى شىڭ شىسەينىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، ئىلگىرى ئاخىرى بولۇپ
«يېڭى گازارما»دىن، يەنئەندىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەربىيىلىنىشكە كېتىۋاتقان يولداش-
لار ئارىسىدىن 100 دىن ئارتۇق كادىرنى يۆتكەپ بەردى. ئۇلار شىنجاڭغا كەلگەندىن
كېيىن ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، مەدەنىي-مائارىپ، تەشۋىقات ئورۇنلىرى،
ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلاردا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇلارنىڭ قەتئىي مەيدانى
ۋە جاپا مۇشەققەتلىك خىزمەتلىرى ئارقىسىدا، پارتىيىمىزنىڭ شىڭ شىسەي بىلەن بولغان
بىرلىكسەپى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋى قىسمى
بولۇپ قالدى.

لېكىن، ئۇ 2- قېتىملىق گومىنداڭ گۇڭچەنداڭ ھەمكارلىقىغا ئوخشىمايدىغان ئالاھى-
دىلىكلەرگە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى شۇ يەردىكى، شىنجاڭ نامىدا گومىنداڭ
ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى بىر ئۆلكە بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شىڭ شىسەي پۈتۈنلەي مۇس-
تەقىل بولۇپ، گومىنداڭنىڭ سىياسىتىنى ئىجرا قىلمايتتى. شىڭ شىسەي ئەينى ۋاقىتتا يولغا
قويغان 6 سىياسەت پارتىيىمىزنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپ گاڭلىڭى بىلەن ئاساسەن ئوخ-
شاش بولغاچقا، ئىز، پارتىيىمىزنىڭ شىڭ شىسەي بىلەن بىرلىكسەپ تۈزۈشىدا سىياسى
ئاساس بولۇپ قالغان ئىدى. شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىز
باشقىچە بىر سىياسەت ئوتتۇرىغا قويمىدۇق، بەلكى 6 سىياسەتنى ئىزچىل ئىجرا قىلدۇق.
ئۇنىڭدىن باشقا، پارتىيىمىز ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولىۋاتقان پارتى-
يە ئەزالىرى ئارقىلىق 6 سىياسەتنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، پارتىيىنىڭ ياپون باسقۇنچى-
لىرىغا قارشى تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلدى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش-
قا ئاكتىپ ياردەم بەردى. شۇڭا، شىنجاڭدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپ
گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى رايونلىرىدىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدۇ.

ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى، كوممۇنىستلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، شىنجاڭدا ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقاتنىڭ كېڭىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى تۆھپىسى تېخىمۇ زورىيىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

باشلىدى. شىنجاڭ - پارتىيىمىز ۋە ئارمىيىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا مەدەت بېرىدىغان مۇھىم بازا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بېرىدىغان چوڭ ئارقا سەپ، خەلقارا ئالاقىنى راۋانلاشتۇرىدىغان مۇھىم يول بولۇپ قالدى.

ئەمما شىڭ شىسەي ئىنقىلابقا ساتقۇنلۇق قىلىپ، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، شىڭ شىسەي ئىلغار ئىنقىلاۋىي پۈتۈنلەي يىرتىپ تاشلىدى. 1942 - يىلى ئاتالمىش «تۇپىلاڭ ئۇيۇشتۇرۇش سۈيقەستى» ئەنزىسى پەيدا قىلىپ، شىنجاڭدىكى كوممۇنىستلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلىدى. 6 سىياسەتنى چۆرۈۋەتتى، جياڭ جيېشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدا ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىن بۇلاڭ - تالاڭ يۈرگۈزدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىلغار ۋەزىيىتى پۈتۈنلەي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچ- ردى. 1944 - يىلى گومىنداڭ كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى تېخىمۇ ئاياق ئاستى قىلىشى بىلەن مىللىي زىددىيەت تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتى، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى رايونلىرىدا دېموكراتىك ھەركەتلەر جۇش ئۇرۇپ قانات يېيىۋاتقان بىر چاغدا، شىنجاڭدا «3 ۋىلايەت» ئىنقىلاۋى پارتلاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىۋاتقان پارتىيىمىزگە ئارمىيىمىزگە ئىنتايىن زور مەدەت بەردى. 1945 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى كۈتۈۋالدى.

## شىنجاڭ — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقاتنىڭ قۇدرەتلىك بازىسى

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى ئۇلۇغ تۆھپىسى ئاساسەن بىرلىكسەپ شەكلى ئارقىلىق بولدى. كەڭ كوممۇنىستلارنىڭ شىنجاڭدا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنىڭ 1 - قەدىمى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سىياسى سەپەرۋەرلىكنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنى ئويغىتىش، دۈشمەنگە نەپرەت ياغدۇرۇپ، ياپون جاھانگىرلىكىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت بولدى.

يولداش ماۋزېدۇڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا «ئۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ كۈچىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر مەنبەسى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىچىدە» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.① پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاممىنى سەپەرۋەر قىلغاندىلا، دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىشنىڭ كەڭ زېمىننى ياراتقىلى بولىدۇ. شىنجاڭ ئۇرۇش سېپىدىن يىراق بولۇپ، يېرى كەڭ، ئاھالىسى ئاز، قاتناشمۇ قولايسىز. شۇڭا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە چوڭقۇر سىياسىي سەپەرۋەرلىك - ئىنتايىن مۇھىم. شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا زور تۆھپە قوشالىغانلىقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سىياسى سەپەرۋەرلىكنىڭ ياخشى ئىشلەنگەنلىكىدىن بولدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، پارتىيىمىز شىڭ شىسەي بىلەن بىرلىكسەپ مۇناسىۋىتىنى ئورناتتى، كۆپلىگەن كوممۇنىستلار شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت ئىشلىدى. ئۇلار شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ مۇھىم تەشۋىقات تىلى - «شىنجاڭ گېزىتى»دىن ۋە شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ سىياسىي ئاممىۋى تەشكىلات - «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما»دىن پايدىلىنىپ يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «بىز تەشۋىقاتىمىزغا، تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى ۋە ئېلانلارغا، گېزىت ۋە كىتاپلارغا، تىياتىر ۋە كىنولارغا، مەكتەپلەرگە، ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا ۋە كادىرلارغا تايىنىش»② توغرىسىدىكى تەلىمىگە بىنائەن ئورتاق سىياسىي گاڭلىڭ 6 سىياسەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۆلىمى زور بولغان تەلىم-تەربىيە ھەركىتى ئېلىپ باردى.

شىنجاڭ گېزىتىنىڭ باشلىقىدىن تارتىپ تاكى تەھرىرلىرىگىچە ھەممىسى دېگىدەك كوممۇنىستلار ئىدى. ئۇلار خىزمەتتى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان جىنايەتلىرىنى كەڭ پاش قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون ئالۋاستىلىرىغا قارىتا ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى. ئۇلار پارتىيىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشەببۇسلىرىنى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ فاڭجېنىنى كەڭ تەشۋىق قىلدى ھەمدە ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي، جۇدې قاتارلىق يولداشلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ماقالىلىرىنى دائىم ئېلان قىلىپ، خەلقنىڭ ۋەزىيەتنى تونۇپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلبىسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىشكە ياردەم بەردى. ئۇلار يەنە 8 - ئارمىيە، يېڭى 4 - ئارمىيەنىڭ قەھرىمانلارچە جەڭ قىلغان ئىش ئىزلىرىنى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بازىلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى خەۋەر قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە گۇڭچەنداڭ رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئارمىيىسى ۋە بازىلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى تۈۋرۈك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇتتى. ئۇلار شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش، خەلقارا قاتناشنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈپ ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشنىڭ مۇھىملىقىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت ئەمەلىي ھەركىتى بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ھەركىتىگە قاتنىشىپ، ئۇنىڭ غەلبىسىنى قولغا كەلتۈردى.

شىنجاڭدا «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ»، «شىنجاڭ ياشلىرى» قاتارلىق ئىلغار ژۇرناللار نەشر قىلىندى. «شىنخۇا رىباۋ»، «ئاممە» قاتارلىق گېزىت ژۇرناللار كەڭ تارقىتىلدى. 1938 - يىلى 2 - ئايلارغا كەلگەندە شىنجاڭدىكى ئەڭ چەت ناھىيەلەرنىڭ بىرى بولغان كىرىيە ناھىيىسىمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋەزىيىتىدىن خەۋەر تاپالىدى، كەڭ ئامما ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان ئەزىمەتلەرگە قايىل بولدى.

لىن جىلۇ، لى يۈنياڭ، جۇدەنخۇا، شىن گۈەن قاتارلىق يولداشلار شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مەكتەپلەردە خىزمەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ھەر قايسى مەكتەپلەر ياپون

باسقۇنچىلارغا قارشى پات-پات تەشۋىق يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى. شىنجاڭ شۆيۈەن ھەر شەنبە كۈنىنى «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش كۈنى» قىلىپ بەلگىلەپ، دوكلات يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى. لىن جىلۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىنى تەۋرەتكىدەك دوكلاتلار بەردى. دۇ جۇڭيۈەن ئەپەندى شىنجاڭ شۆيۈەننىڭ مۇدىرى بولغاندىن كېيىن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ دەرسىنى ئۆتتى. ئۇنىڭ دەرسى چوڭقۇر ئەمەلىي ۋە جانلىق بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار دەرسنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خىيالغا چۆمگەن ھالدا قىشىدىن كەتمەيتتى. ئۇلار يەنە ئوقۇغۇچىلارغا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ناخشىلارنى ئۆگىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىكى قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تىياتىر تەييارلىشىغا قىزغىن يېتەكچىلىك قىلدى. ھەتتا مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ جەمئىيەتكە چۆكۈپ، سەنئەتتىن ئىبارەت بۇ شەكىل بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قەھرىمانلارنى مەدھىيىلەپ، دۈشمەن ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنى قامچىلاپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قىزغىنلىقىغا ئىلھام بەردى.

«جاھانگىرلىككە قارشى باش ئۇيۇشما» ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىشتىكى ئەڭ چوڭ سىياسىي ئاممىۋى تەشكىلات بولدى. ئۇ، شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلىش ۋە تەشكىللەشتىكى مۇھىم بازا. يولداش خۇاڭ خۇچىڭ 1938-1939-يىللىرى بۇ ئۇيۇشمىنىڭ باش كاتىپى بولغان ئىدى. بۇ ئۇيۇشمىنىڭ مەقسىدى: جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشنى خالايدىغان ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، جاھانگىرلىككە قارشى تەشۋىقاتنى كەڭ ئېلىپ بېرىش، 6 سىياسەتنى ھىمايە قىلىش، جۇڭگونى ئۇزۇل-كېسىل ئازات قىلىشتىن ئىبارەت. «جاھانگىرلىككە قارشى باش ئۇيۇشما» ھەر دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار ئارقىلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئومۇميۈزلۈك ۋە ئۇزۇنمۇددەتلىك تەشۋىقات ئېلىپ باردى. چوڭ خاتىرە كۈنلىرى، مەسىلەن، «4-ماي»، «30-ماي»، «18-سىنتەبىر»، «7-ئىيۇل»، «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» كۈنلىرى تەشۋىقات تېزىسلىرى تارقىتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقاتنى قانات يايدۇردى.

شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سىياسىي سەپەرۋەرلىك كەڭ كوممۇنىستلار ۋە ئىلغار زاتلارنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا زور ئۈنۈملەرگە ئېرىشتى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىكى ئاڭ-سەۋىيىسى تېز ئۆستى. ئەينى ۋاقىتتا مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەرگەن. بىر كۈنى شىنجاڭ شۆيۈەننىڭ ئوقۇغۇچىلىرى كوچىلارغا چىقىپ كومېدىيە ئوينىغان. كومېدىيەدە بىر ئىشپىيوننىڭ دۈشمەن ئايروپىلانىغا نىشاننى ئاشكارىلاپ قويۇشى ئارقىسىدا نۇرغۇن ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى، ئىشپىيوننىڭ ئاممە تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ ئاممىنىڭ غەزەپ نەپرىتىگە ئۇچرىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئويۇن قويۇلۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئويۇن كۆرۈۋاتقان ئاممە تەسىرلەنگەنلىكتىن ئۆزىنى يوقۇتۇپ ئىشپىيون رولىدا چىققان كىشىنى تۇتۇۋېلىپ ساقچى ئىدارىسىغا ئاپىرىپ بەرمەكچى بولغان.



www.uyghurkitap.com

بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئاممىنىڭ مۇھەببەت ۋە نەپرىتىنىڭ قانچىلىك ئېنىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

1938 - يىلى 10 - ئايدا چاقىرىلغان پۈتۈن شىنجاڭ 3 - قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى - ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سىياسى سەپەرۋەرلىك مۇئىسسىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق چوڭ كۆرىگى بولدى. قۇرۇلتاي مەزگىلىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى شوئارلار پۈتۈن دىخۋا شەھرىگە چاپلىنىپ كەتتى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ناخشىلار ھەممىلا جايدا ياڭرىدى. تىياتىرلار كەينى كەينىدىن ئوينالدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاتموسپېراسى پۈتۈن دىخۋانى قاپلىدى. قۇرۇلتايغا قاتناشقان ھەر مىللەت ۋەكىللىرىمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئويغانغان خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. كىرىيىدىن كەلگەن بىر ئۇيغۇر ۋەكىل مۇنداق دېدى: «كىرىيە جۇڭگونىڭ يېرى، بىز - جۇڭگولۇق، ئارلىقنىڭ يىراقلىغىنى بانا قىلىپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش مەسئۇلىيىتىمىزدىن باش تارتالمايمىز! بىز قايتىپ بارغاندىن كېيىن تەشۋىق قىلىپ، ئىئانە توپلاپ، ھۆكۈمەتكە ياردەم قىلىمىز، دۆلەتنى قۇتقازغاندىلا ئاندىن خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەلەيمىز»③! قەشقەر يېڭىشەرلىك دىخان ئاتىخان: «ياپون ئالۋاستىلىرى - ئىپلاس! ئۇنى ئۇ يەردىكى دىخانلارمۇ بىلىدۇ، دىخانلارمۇ جۇڭگولۇق، ئۇلارمۇ ۋەتەننى قۇتۇلدۇرىدۇ»④ دېدى. شىمالى شىنجاڭدىكى شىۋە مىللىتىدىن بولغان شيوشەي: «بىزنى كىچىك مىللەت دېمەڭلار، بىز چوقۇم دۆلەت ئۈچۈن كۈچىمىزنى ئايىمايمىز»⑤ دېدى. خۇيزۇ ئاخۇن مالياڭجۇن قۇرۇلتايدا مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ياپونىيە، بىز ياپونغا بىردەك قارشى تۇرىشىمىز كېرەك، مەن گەرچە 70 كە يېقىنلاپ قالغان قېرى بولساممۇ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى خۇيزۇ قېرىنداشلارنى باشلاپ ۋەتەننى قوغقۇزۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى خالايمەن.⑥

### شىنجاڭ - پارتىيىمىز ۋە ئارمىيىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىشتىكى مۇھىم بازا

شىنجاڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە ئۇنىڭ سىياسى ۋەزىيىتى تۈپەيلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا مۇھىم ئىستىراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. پارتىيىمىز شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، بولۇپمۇ بىرلىكسەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، كەڭ كوممۇنىستلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قوللىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ پارتىيىمىز ۋە ئارمىيىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان مۇھىم بازا بولۇپ قالدى.

1. پارتىيىمىز شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ خەلقارا يول ئارقىلىق كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتتى. پارتىيىمىزنىڭ جۇ-

ئەمەلىي، رەھبىرى، ۋاڭ جاشاڭ قاتارلىق نۇرغۇن مەسئۇل كادىرلىرى خىزمەت قىلىش ۋە داۋالىنىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققىنىدا شىنجاڭ ئارقىلىق ماڭدى. نۇرغۇن كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىشى ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋەتەنگە قايتىشى، ئارمىيىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا يارىدار بولغان نۇرغۇن كوماندىرلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا داۋالىنىش ئۈچۈن چىقىشى يەنىلا شىنجاڭ ئارقىلىق بولدى. شىنجاڭ پارتىيىمىزنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى زىچلاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

2. شىنجاڭ ئارمىيىمىز ئۈچۈن ئالاھىدە قىسىم تايانچىلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىشتە زور تۆھپە قوشتى. 1937 - يىلى ئەتىياز، قىزىل ئارمىيىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغان قىسىملار چىلەنشەن تاغلىرىغا يۈرۈش قىلغان ئىدى. ئۇلار جۇڭگيانىڭ شىنجاڭغا بېرىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، لى شەننيەن، چېڭ شىسەي، لى زورەن قاتارلىق يولداشلارنىڭ باشچىلىقىدا شىنجاڭغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، شىڭ شىڭشادا چېن يۈن، تېڭ دەيۈەن قاتارلىق يولداشلار تەرىپىدىن كۈتۈۋېلىندى ۋە 400 دىن ئارتۇق كىشى 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى دىخۇاغا يېتىپ كەلدى. ئۇزاق مۇددەتلىك جاپا مۇشەققەتلىك جەڭلەر ئارقىلىق بۇ قوشۇندىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ سالامەتلىكى ئاجىزلاشقان، ماددى تەمىناتىمۇ قىيىنلاشقان ئىدى. ئۇلار شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن يېڭى كىيىم - كېچەك تارقىتىپ بېرىلدى. ھەر مىللەت خەلقى كالا ۋە قويلىرىنى سويۇپ، ئۇلارغا بەردى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى تېزدىن ئەسلىگە كەلدى. جۇڭگيانىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ قايتارما ھۇجۇم باسقۇچىدا يېڭى تىپتىكى قۇراللارنى كۆپەيتىش لازىملىقى، ئايروپىلان، پىرىيومنىك، زەمبىرەك قاتارلىق يېڭى تىپتىكى قۇراللارنى ئىگىلىگەن ئالاھىدە قوشۇن تايانچىلىرىنى تەربىيىلىگەندىلا ئاندىن ھۇجۇم ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغىلى بولىدىغانلىقىنى ھەمدە شىنجاڭدىكى بۇ يولداشلارنىڭ ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن قىزىل ئارمىيە كوماندىر - جەڭچىلىرى ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ سىياسى ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكى، شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماددى ۋە ئوقۇتۇش جەھەتتىكى ياردىمىگە ئېگە بولغىلى بولىدىغانلىقى، تۇرمۇش جەھەتتىمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياردىمىگە ئېگە بولغىلى بولىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدا ئالاھىدە ئىسىملار تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشىنى قارار قىلدى. جۇڭگيانىڭ يەنە شىڭ شىسەي بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق «يېڭى كازارما» قۇرۇشقا، بۇ قوشۇننىڭ شىنجاڭدا قېلىپ ئۆگىنىش قىلىشىغا قوشۇلدى. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا ئۆگىنىلىدىغان ئالاھىدە قىسىم تېخنىكىسى - ئايروپىلان ۋە ئايروپىلان ماشىنىلىرى. ئاپتوموبىل، پىرىيومنىك، زەمبىرەك تېخنىكىسى، سىمسىز رادىيو، داۋالاش، مال دوختۇرلۇقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارنى 2 يىللىق ئالاھىدە تېخنىكا ئۆگىتىش جەريانىدا ھەر خىل ھەربى قۇرال ۋە ئۈسكۈنىلەر ب-

لەن تەمىنلىدى، ئوقۇتقۇچىلارنى ئېۋەتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدە قىسىم تېخنىكىسىنى تېزراق ئۆگىنىۋېلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تۇرمۇش جەھەتتە ئۇچۇشلۇق تۇغدۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەردى. كەڭ كوماندىر جەڭچىلەر قىزىل ئارمىيەنىڭ قەيسەر روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەدىنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇشتەك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1939 - يىلىنىڭ ئاخىرى پارتىيىمىز ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن «يېڭى گازارما» دىكى كوماندىر جەڭچىلەرنى يەنئەنگە قايتۇرۇپ كېتىشنى قارار قىلدى. شۇندىن كېيىن، ئۇلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەر قايسى بازىلارغا ئاتلىنىپ، خەلق ئارمىيىسىنىڭ ئالاھىدە قىسىملىرىنى قۇرۇش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. كېيىنچە ئۇلار خەلق ئازاتلىق ئارمىيىمىز ئالاھىدە قىسىملىرىنىڭ كوماندىرلىرىدىن بولۇپ قالدى.

3. شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى 8 - ئارمىيىگە ماددى جەھەتتىنمۇ زور كۈچ بىلەن ياردەم بەردى. شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قانات يايدۇرۇلغان كەڭ ۋە چوڭقۇر تەشۋىقاتلار ئارقىلىق 8 - ئارمىيىنىڭ باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلىپ دۈشمەن قوشۇنلىرىنى كۆپلەپ يوقىتىپ قەھرىمانلىقلىرىنى، 8 - ئارمىيە، يېڭى 4 - ئارمىيىنىڭ مىللەتنىڭ نىجات يولتۇزى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ۋە 8 - ئارمىيە، يېڭى 4 - ئارمىيىگە ياردەم بېرىش لازىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئىدى. شۇڭا، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى زىمىستان قىش يېتىپ كېلىش ئالدىدا 8 - ئارمىيىدىكى ئەزىمەتلەرنىڭ ئىسسىق كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ كەمچىللىكىنى ئويلاپ، 50 مىڭ جۇۋا تەييارلىدى، ئارىلىقنىڭ يىراق، قاتناشنىڭ قولايسىزلىقىدىن ئىبارەت قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، 1937 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى 1 - تۈركۈمدە 3 مىڭ 6 يۈزدىن ئارتۇق جۇۋىنى لەنجۇغا ئەكىلىپ، شىئەن ئارقىلىق يەنئەنگە يەتكۈزۈپ بەردى، 1938 - يىلى 1 - ئاينىڭ باشلىرى، لەنجۇغا يەنە 103 تاي تېرە ئاپىرىپ، يەنئەنگە يەتكۈزۈپ بەردى. 8 - ئارمىيىدىكى يارىدارلار ئۈچۈن يەنە 800 جىڭ دورا تەقدىم قىلدى. بۇ خىل ماددى ياردەملەر ئارمىيىمىزنىڭ جىددى ھاجىتىنى قاندۇردى.

بۇنىڭدىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارمىيىمىزگە قىلغان ھەر خىل ماددى ياردەملىرى 8 - ئارمىيەنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقۇرۇش ئورنى ئارقىلىق لەنجۇغا ۋە شۇ ئارقىلىق يەنئەنگە يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى پارتىيە ۋە ئارمىيىمىزنىڭ كادىرلىرىنى كۈتۈۋالدى ۋە ئۇزاتتى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربى كادىرلارنى قوللىدى ۋە تەربىيىلىدى، ئارمىيىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا زور مىقداردىكى ماددى بۇيۇملار ئارقىلىق ياردەم بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## شىنجاڭ - ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قىلىشىغا مەدەت بىرىدىغان چوڭ ئارقا سەپ

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى بىر تەدەر قالاق، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ چوڭ ئارقا سېپىدە تۇرۇۋاتقان شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ ئارقا سەپنى مۇستەھكەملىشى ۋە گۈللەندۈرۈشىنىڭ ئۆزى شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قوشقان تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ. يولداش خۇاڭ خۇچىڭ 3 - قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىگە بەرگەن جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ خىزمەت دوكلاتىدا: «نۆۋەتتىكى باش ۋەزىپە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپنى مۇستەھكەملەپ، ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى ئەتمى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. شىنجاڭدىكى ۋەزىپە بولسا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئارقا سېپىنى قۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش، خەلقارا قاتناش لىنىيىسىنى قوغداش، كەڭ خەلق ئاممىسىنى تەشكىللەپ ۋە تەربىيىلەپ بارلىق ئىمكانىيەتلەر بىلەن ئالدىنقى سەپتىكى غەلىبىگە مەدەت بېرىشتىن ئىبارەت» ⑦ دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدى. كوممۇنىستلار، ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتلار، ئىلغار ياشلار ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بۇ جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلىدى. سىياسى جەھەتتە، 6 سىياسەتنى قەتئى ئىجرا قىلىپ، جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى كۈچەيتتى؛ يېزا باشلىقلىرىنى خەلق ئۆزى سايلاشنى يولغا قويۇپ، خىيانەتچىلەرنى قاتتىق جازالىدى، مىللى مۇناسىۋەتنى ياخشىلىدى؛ ئىقتىسادى جەھەتتە بولسا، پىلانلىق ئىقتىساتقا چىڭ تۇردى. 1937 - يىلدىن باشلاپ 1 - ئۈچ يىللىق پىلاننى يولغا قويىدى. 1939 - يىلى، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ماۋزېمىننىڭ رىياسەتچىلىكى بىلەن ئۆلكىلىك بانكا شىنجاڭ سودا بانكىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. پۇل تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، يېڭى پۇل تارقىتىلىپ، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى مۇقىملىشىپ، بازارلار جانلاندى. يېڭىدىن نۇرغۇن زاۋۇتلارمۇ قۇرۇلدى؛ شىنجاڭنىڭ ۋەزىيەت مۇقىملىقى ۋە قۇرۇلۇش نەتىجىلىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئېلىپ بېرىشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى. ئۇ، چوڭ ئارقا سەپتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشى ھەمدە مەلۇم كۈچ بىلەن ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرەلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. «ھەممە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن»، «پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش»، «كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىش»، «بىلىمى بارلار بىلىمىنى چىقىرىش» شۇئارىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا ياردەم بېرىش خىزمەتلىرى ياخشى ئىشلەندى، بەلكى بۇ، دۆلىتىمىز بويىچە ھەر قايسى ئۆلكىلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇردى.

ياپون باسقۇنچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ

ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. چوڭ ئارقا سەپتە تۇرۇۋاتقان خەلق ئاممىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشكىلاتلارنىڭ تۈرتكىسىدە، جەنۇبىي شىنجاڭدىن شىمالىي شىنجاڭغىچە، شەھەرلەردىن يايلاقلارغىچە ئىئانە توپلاش ھەركىتىنى قانات يايدۇردى. ئۇرغۇنلىغان ھاللىق ئاممە ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ، سېخىيلىق بىلەن ئىئانە بەردى. دىخۇا شەھىرىدە يۇپېڭلوڭ دىگەن سودىگەر 3 كۈن قىلغان سودىسىدىن كىرگەن پۇلنىڭ ھەممىسىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئىئانە قىلدى (ئۇنىڭ ھەر كۈنلۈك سودىسى نەچچە مىليون سەر ئۆلكە پۇلىغا توغرى كېلەتتى). شاجېڭ شاڭ ئەر خوتۇن نەچچە ئون سەر ئالتۇن ئىئانە قىلدى، ئىلى، چۆچەك ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى شەھەرلىرىدىكى ئۇرغۇن ھاللىق سودىگەرلەر نەچچە مىليون سەر ئۆلكە پۇلى ئىئانە قىلدى. كەڭ مېھنەتكەش ئامما ئاچ - توقلۇققا قارىماي پۇل ئىئانە قىلدى. مەلۇم بىر تامچى بىر كۈن جاپا چېكىپ ئىشلەپ تاپقان 3500 سەر ئۆلكە پۇلىنىڭ 500 سەرىنى يېمەك ئىچمەككە قالدۇرۇپ، 3000 سەرىنى ئىئانە قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا، ئىئانە توپلاش شەھەرلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، تاغلىق رايونلاردىكى كىگىز ئۆيلەردە ياشايدىغان ھەر مىللەت قېرىنداشلار ئارىسىدىمۇ كەڭ قانات يېيىپ كەتتى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلىنىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن توپلانغان ئىئانە خېلىلا كۆپ بولدى. «شىنجاڭ دۈشمەنگە قارشى ئارقا سەپ ياردەم بېرىش ئۇيۇشمىسىنىڭ» نىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 1937 - يىلى 9 - ئايدىن 1938 - يىلى 9 - ئايغىچە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدىن ئىئانىگە توپلانغان پۇل 2 مىليارت 412 مىليون سەر (ئىسلاھ قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى شىنجاڭ كونا پۇلى) دىن ئاشقان. ئۆكتەبىردە چاقىرىلغان 3 - قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى بۇ پۇلغا شىنجاڭ ماركىلىق دۆلەت مۇداپىئە ئايروپىلانىدىن 10 نى سېتىۋېلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم قىلىشنى قارار قىلدى.

شىنجاڭ ماركىلىق 10 ئايروپىلان تەقدىم قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى يەنە مەملىكەتلىك قىشلىق كىيىم - كېچەك توپلاش ھەركىتى ھەيئىتىنىڭ 4 مىليون جىلتكە، 5 مىليون كونا كىيىم توپلاپ، ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلەر ۋە ئارقا سەپتىكى قىيىنچىلىقى بار ئاھالىلەرنى سوغاقتىن ساقلاپ قىلىش توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، كۆلىمى زور بولغان قىشلىق كىيىم - كېچەك توپلاش ھەركىتىنى قانات يايدۇردى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى 1938 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى يىغىن ئېچىپ قىشلىق كىيىم توپلاش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە شىنجاڭ قىشلىق كىيىم توپلاش ھەيئىتىنى قۇردى. 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شىنجاڭ گېزىتى «ھەر مىللەت ھەر ساھەدىكى قېرىنداشلارغا قىشلىق كىيىم توپلاش توغرىسىدا خەت» ئېلان قىلىپ، كۆپچىلىكنى «ئىئانە توپلاش» ۋە «قىشلىق كىيىم - كېچەك يىغىش» قا، «ئۆز كۈچىنى پائال ئىشقا سېلىپ،

ئۆزىنىڭ ئازاتلىق ئەركىنلىگى ئۈچۈن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىش» قا چاقىردى. 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قىشلىق كىيىم - كېچەك يىغىش نىزامى ئېلان قىلىندى. كىيىم - كېچەك توپلاش ھەيئىتىنىڭ مەقسىدى: ئالدىنقى سەپتە مىللەتنىڭ ھاياتى ئۈچۈن باتۇرلارچە كۈرەش قىلىۋاتقان كوماندىر - جەڭچىلەر ئۈچۈن قىشلىق كىيىم - كېچەك يىغىپ، ئۇلارنى ئىسسىق كىيىندۈرۈش، دۈشمەننى يوقۇتۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنى كەڭ ئاممىنىڭ غەمخورلىغىدىن خەۋەردار قىلىشتىن ئىبارەت⑧ دەپ بەلگىلەندى. بۇ خىزمەت قىشلىق كىيىم - كېچەك توپلاش ھەيئىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تېز قانات يېيىپ كەتتى. دىخۇا شەھرىدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار، مەكتەپلەر، نەچچە يۈز كىشىلىك تەشۋىقات دۈيى تەشكىللىدى، جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما گىرىمىلىك ئۈنۈملۈك تەشۋىق ئەترىتى تەشكىللەپ، كوچىمۇ - كوچا ئارىلاپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقلار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ھەر مىللەت خەلق ئارقا - ئارقىدىن ئىئانە بەردى. كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان نۇرغۇن ئىشلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. دىخۇا شەھرىدە لى ۋاڭشى ئىسىملىك ئائىلە ئايلى ھال سوراش خېتى يېزىپ، قىزىنىڭ 5 يۈز مىڭ سەرلىك پەدەز قۇتىسىنى ئالدىنقى سەپتىكى كوماندىر - جەڭچىلەرگە قىشلىق كىيىم - كېچەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئىئانە قىلدى. ئۇ: «مەن ئايال كىشى، مەن جەڭ مەيدانىدا ئۇرۇشقا قاتنىشالمىساممۇ، ئالدىنقى سەپتە ياپون باسقۇنچىلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان كوماندىر - جەڭچىلەرگە پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ياردەم بېرىشنى خالايمەن! بىر ئاز پۇل خەجلەپ قىشلىق كىيىم - كېچەك تىكىش - ئالدىنقى سەپتىكى كوماندىر جەڭچىلەرنى ئىسسىقراق كىيىندۈرۈپ، ياپون ئالۋاستىلىرىنى كۆپرەك يوقۇتۇپ، تېخىمۇ جىقىراق جۇڭگولۇقنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن»⑨ دېدى. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئۆزىنىڭ كەنپۈت ئالىدىغان پۇلىنى يىغىپ، ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلەرگە ياردەم قىلدى. قۇتۇبى ناھىيىسىدە قىشلىق كىيىم - كېچەك توپلاش ھەيئىتى قۇرۇلۇش بىلەنلا خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئاكتىپلىق بىلەن ئىئانە توپلىدى، توپلىغان ئىئانە ناھايىتى تېزلا 200 نەچچە مىڭ سەردىن ئارتۇق ئۆلكە پۇلىغا يەتتى. ئاقسۇدىن بىر ئۇيغۇر ئايال مەردانىلىق بىلەن 27 يامبۇ ئىئانە قىلدى. قىشلىق كىيىم - كېچەك توپلاش ھەركىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى بىلەن زور نەتىجىگە ئېرىشتى.

12 - ئاينىڭ ئاخىرىغا يەتكەندە، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە قىشلىق كىيىم - كېچەك ئۈچۈن توپلىنىپ، ئېۋەتىپ بېرىلگەن ئىئانە پۇل 230 مىڭ يۈەن (پابى)★ بولدى، شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان قىشلىق كىيىم - كېچەك ئىئانە قىلىش ھەركىتىنىڭ نەتىجىسى ئالاھىدە بولغاچقا، مەمۇرى پالاتا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تېلېگىرامما ئېۋەتىپ تەقدىرلىدى. شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى 1938 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھەر يىلى ئالدىنقى سەپكە

---

★ پابى - گومىنداڭنىڭ 1935 - يىلدىن كېيىن تارقاتقان قەغەز پۇلى بولۇپ، بىر يۈەنلىك پابى 2000 سەرگە توغرى كېلىدۇ — تەرجىماندىن.



www.uyghurkitap.com

200 نەچچە مىڭ يۈەنلىك ئىئانە يىغىلىپ بېرىپ شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلىدى.

قىشلىق كىيىم - كېچەك توپلاش بىلەن بىرگە، شىنجاڭدا يەنە پۇل تەقدىم قىلىش ھەركىتى ئېلىپ بېرىلدى. 1940 - يىلى 6 - ئايغىچە، شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى توپلانغان پۇلنىڭ ئومۇمى سانى بىر مىليون 250 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

1943 - يىلى «بىر ناھىيە بىر ئايروپىلان ئىئانە قىلىش» ھەركىتى ئېلىپ بېرىلدى، بۇ ھەركەتكە ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى ئاما ئىنتايىن قىزغىن ئاۋاز قوشتى، بەزى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى قوي ئىئانە قىلدى ۋە ئۇنى ئالتۇنغا سۇندۇرۇپ ئايروپىلان سېتىۋېلىشقا ھەدىيە قىلدى. بۇ ھەركەت 1943 - يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى باشلىنىپ 1944 - يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاخىرلاشتى. پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە تەقدىم قىلىنىدىغان ئايروپىلان ئەسلى پىلاندىكى 64 دىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئېشىپ، جەمئىي 144 تى تەقدىم قىلىندى. بۇنىڭغا ئالدىدىكى 10 ئايروپىلاننى قوشقاندا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا تەقدىم قىلىنغان ئايروپىلانى 154 دىن ئاشىدۇ.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن بېرى، ئالدىنقى سەپتىكى كوماندىر جەڭچىلەرگە ھال سوراش خېتى يېزىپ، ھال سوراش پائالىيىتىنى ئۈزلۈكسىز قانات يايدۇردى، شىنجاڭ گېزىتى 1938 - يىلى 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئالدىنقى سەپتىكى كوماندىر جەڭچىلەردىن ھال سوراش تېلېگراممىسى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا: «شىنجاڭ - چەت ۋە يىراقراق بولسىمۇ، بۇ يەردىكى 14 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 4 مىليون قېرىنداش سىلەرنى ھەر ۋاقىت ئەسلىمەي قالمايدۇ. ئارقا سەپتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش خىزمىتى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمەي تۇرالمايدۇ، شىنجاڭدىكى قېرىنداشلار جۇڭگودا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلىنغاندىلا ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ غەلىبىسى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلار بارلىقىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا تەقدىم قىلىشقا تىرىشماقتا»⑩ دەپ كۆرسەتتى.

## شىنجاڭ - خەلقلارا قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى

شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، تاغلىرى ئېگىز، چۆللۈكلەر كۆپ، سۈيى ئاز، قاتناش ئىشلىرى ئىنتايىن قىيىن. «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭدا ئاپتوموبىل قاتنايدىغان تاشيول يوق دېيەرلىك ئىدى. شىڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن 6 سىياسەتنى يولغا قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتتى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېزلەتتى، بۇنىڭ بىلەن تاش يول قۇرۇلۇشى تېخىمۇ جىددىي بىر

www.uyghurkitap.com

مەسىلە بولۇپ قالغان ئىدى. 1935 - يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1859 كىلومېتىر كېلىدىغان دىخۇا - غۇلجا، دىخۇا - قومۇل تاشيولى ياسالدى. شىنجاڭنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان بۇ تاشيول 2 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ياسىلىش ئارقىلىق 1937 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تاماملىنىپ، قاتناش باشلاندى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ياردەم بېرىدىغان بولدى. ئۇنىڭ 1937 - يىلى 7 - ئايدىن 1941 - يىلى 6 - ئايغىچە، ھەربىي ئەشيا، ھاۋا ئارمىيىسى ۋە ھەربىي مەسلىھەتچى قاتارلىق جەھەتلەردە بەرگەن ياردىمى 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. ھالبۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان ماددىي ياردەملىرى ئىچكىرىگە شىنجاڭ تاشيوللىرى ئارقىلىق توشۇلاتتى، پارتىيىمىزنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بىلەن بولىدىغان ئالاقىسىمۇ مۇشۇ يولغا تايىناتتى؛ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالدىنقى سەپكە قىلغان ماددىي ياردەملىرى بولسا، تېخىمۇ بۇ يولغا تايىناتتى. شۇڭا، شىنجاڭ تاشيولى ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ مۇھىم خەلقارا يول بولۇپ قالغان ئىدى.

خەلقارا قاتناشنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ماددىي ياردەملەرنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ئۈزۈلدۈرمەي يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرۇش - ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا بېرىلگەن ئەڭ چوڭ مەدەت، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى، شىنجاڭ خېلى كۆپ ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچى سەرپ قىلىپ، دىخۇا - ئىلى، دىخۇا - قومۇل تاشيوللىرىنى ئوڭشىدى، ھەمدە دىخۇا - قومۇل تاشيولىنى قومۇلدىن شىڭشىڭشاغىچە كېڭەيتىپ، غەربىي شىمال تاشيوللىرىنى تۇتاشتۇردى؛ دىخۇا - ئىلى تاش يولى شىخەندىن تاكى جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىدىكى قورغاسقىچە ئۇلاندى. بۇ ئىككى لىنىيە قۇرۇلۇشىدا كولانغان تۇپا جەمئىي 6 مىليون 457 مىڭ كوپ مېتىر، پارتلىتىلغان تاش 120 مىڭ كوپ مېتىر، سەرپ قىلىنغان ئەمگەك كۈچى 3 مىليون 230 مىڭ، پولات 710 توننا، پارتلاتقۇچ دورا 160 توننا، سېمونت 1500 توننا، تاماملانغان 250 تونىلىق كۆۋرۈك 2439، پۈتكەن قاتناش بېكەتلىرى 91، ياسالغان ئۆي 1650 ئېغىزدىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خەلقارا قاتناش لىنىيىسىنىڭ راۋانلىقى ئاساسەن كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. 1939 - يىلى 5 - ئايدىن 10 - ئايغىچە يەنە 229 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يېڭىدىن تاشيول ياسالدى. 26 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كەڭساي تاغ يولى كېڭەيتىپ ياسالدى. بۇنىڭ بىلەن قاتناش شارائىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭ نۇرغۇن مالىيە كۈچى سەرپ قىلىپ توشۇش جەريانىدىكى قاتناش چىقىمىنى تولدۇرۇپ تۇردى. توشۇلىدىغان يۈك كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە راسخوتىمۇ ئۈستۈن ئىدى. بۇ جەھەتتە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى زور تىرىشچانلىق

كۆرسىتىپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم قىلىنغان ماددى ئەشيالارنى ئۈزۈلدۈرمەي يەتكۈزۈپ، بېرىش بىلەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسىنى قوشتى.

X X X

جۇڭخوا خەلق مىللەتلىرى ئىتتىپاقلىشىپ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئې-سىل ئەنئەنىگە ئىگە. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىل-لەت خەلقى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىللە تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قول-غا كەلتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ كۈچىنى يەنە بىر قېتىم نا-مايەن قىلدى.

4 تە زامانىۋىلىشىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيىمىز رەھبەرلىكىدە قول تۇتۇشۇپ بىللە ئىلگىرىلەپ، ئېلىمىزنىڭ گۈل-لەپ ياشنىشى ئۈچۈن يېڭى، ئۇلۇغ تۆھپىلەر قوشقۇسى.

ن. ئەخمەدنىڭ تەرجىمىسى.

## ئىزاھلار

① «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» ئۇيغۇرچە نەشرى 2 - توم 329 - بەت.
② «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» ئۇيغۇرچە نەشرى 2 - توم 269 - 268 - بەت.
③ ④ ⑤ ⑥ چېن جى يىلىڭ «شىنجاڭغا نەزەر».
⑦ 1938 - يىلى 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى خەنزۇچە «شىنجاڭ گېزىتى».
⑧ 1938 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى خەنزۇچە «شىنجاڭ گېزىتى».
⑨ 1938 - يىلى 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى خەنزۇچە «شىنجاڭ گېزىتى».
⑩ 1938 - يىلى 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «شىنخۇا رىباۋ».

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭدا ئەڭ دەسلەپ نەشر قىلىنغان ئالىي مەكتەپ ژۇرنىلى — «يېڭى نۇر»

ۋاڭ مېيتاڭ

شىنجاڭدا ئەڭ دەسلەپتە چىقىرىلغان ئالىي مەكتەپ ژۇرنىلى - «يېڭى نۇر» 1939 - يىلى 7 - ئايدا نەشر قىلىنغان. ئۇ، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى بىردىن بىر ئالىي بىلىم يۇرتى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورتاق باشقۇرۇشىدا چىقىرىلغان ئۇنىۋېرسال خاراكتېردىكى ئىجتىمائىي پەن ژۇرنىلى ئىدى. «يېڭى نۇر» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلار شۆبە ئۇيۇشمىسى چىقىرىۋاتقان «چېنىقىش» ناملىق ھەپتىلىك گېزىتلا بار ئىدى. بۇ گېزىت ساۋاقداشلارنىڭ ئىختىيارى كۆرۈشىنى نەزەردە تۇتۇپ، تام گېزىتى شەكلىدە مەكتەپ ئىچىدىكى ئېلان تاختىسىدا چىقىرىلاتتى. تام گېزىتى شەكلىدىكى بۇ ھەپتىلىك گېزىت يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشالمىدى، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، ساۋاقداشلارنىڭ يېزىقچىلىق ماھارىتىنى ۋە ماقالىلارنىڭ ئىلمىيلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، «شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشى، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ۋەزىپىسى ئۆزىنى يالغۇز تەشكىلىي جەھەتتىلا شىنجاڭدىكى ئالىي بىلىم يۇرتىغا ئايلاندۇرۇپ قالماي، 6 سىياسەت ئاساسىدىكى مەدەنىيەت، ئىدىيە، ئىلىم ساھەسىدىمۇ يېتەكچىلىك قىلىدىغان ۋە ئۈلگە بولىدىغان مەركەزگە ئايلاندۇرۇشى زۆرۈر» ئىدى. شۇڭا، ساۋاقداشلار «چېنىقىش» گېزىتىنى يېرىم ئايلىق ژۇرنالغا ئۆزگەرتىش ۋە ئۇنى كىتابچە قىلىپ تۈپلەپ، سىرتقا تارقىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ئىنستىتۇتنىڭ شۇ چاغدىكى يېڭى مۇدىرى دۇجۇڭيۈەن ئىنستىتۇتتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈزدىن ئاشمايدىغانلىقىنى، تام گېزىتى شەكلىدە چىقىۋاتقان «چېنىقىش»قىمۇ ماقالا ئۈلگۈرمەيۋاتقانلىقىنى، ناۋادا ئۇنى قەرەللىك ژۇرنال قىلىپ ئۆزگەرتىپ، سىرتقا تارقىتىشقا توغرا كەلسە، ماقالا مەنبەسى كەملىك قىلىش ۋە مەتبەئە قىيىنچىلىقى قاتارلىق بىر مۇنچە مۇشكۈل مەسىلىلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، يېرىم ئايلىق قەرەللىك ژۇرنال چىقىرىش پەيتىنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى كۆرسەتتى. كېيىن ساۋاقداشلارنىڭ قايتا - قايتا تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا ئۇلارنىڭ بۇ قايناق ئىنقىلاۋىي ھىمىياتىدىن تەسىرلەنگەن مۇدىر دۇجۇڭ-

يۈەن ئۇلارنى قوللىدى. ئۇ ژورنالنىڭ تۇنجى سانىغا يازغان بېغىشلىما سۆزىدە مۇنداق دېدى: «ياشلار جۈرئەتلىك، ھاياتچان كېلىدۇ، ئۇلار مىقتا ئۇسسۇپلىشتىن قورقمايدۇ. ژورنال چىقىرىش توغرىسىدا مەن بىلەن مەسلىھەتلەشكەن ساۋاقداشلار بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يەنە كېلىپ مەن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى، ئۇلار: مادادا ھەر كۈنى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. تارىخ قايتىلانمايدۇ. ئۆتكەن يىلدىكى كالېندارنى بۇ يىل يەنە كۆرەمدۇق؟ ... بۈگۈنكى شىنجاڭدا، باسما زاۋۇتى قۇرۇلدى. گېزىتلەر پېچەتلەندى، جاھانگىرلىككە قارشى سەپ ژورنىلى، ئەدەبىيات-سەنئەت ئايلىق ژورنىلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتكە يېڭى قىياپەت بىلەن نامايەن بولماقتا، بىزنىڭ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىمىزلا قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ تۇرامدىكەن؟ -دېيىشتى. بۇ جانلىق، تەسىرلىك ئېيتىلغان يوللۇق گەپ، مەنمۇ ئۇلارنىڭ پىكرىگە قۇلاق سېلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۇلارنىڭ سىناپ كۆرۈشىگە يەنە يول قويدۇم، شۇنىڭ بىلەن يېرىم ئايلىق ژورنالنىڭ نامىنى «يېڭى نۇر» دەپ ئاتىدىم» دۇجۇڭيۈەننىڭ قوللىشى ۋە ساۋاقداشلارنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا، «يېڭى نۇر» ژورنىلى نۇرغۇن ماقالىلارنى تاپشۇرۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن مەتبەئە جەھەتتىكى قىيىنچىلىق تۈپەيلى-دىن، نائىلاج ئايلىق ژورنالغا ئۆزگەرتىلدى. بىر مۇنچە ماقالىلارنىڭ ۋاقىت خاراكتېرىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ھەپتىلىك گېزىت «چىنىقىش» يېرىم ئايلىق گېزىتكە ئۆزگەرتىلدى. ماقالىلار يەنىلا تام گېزىتى شەكلىدە مەكتەپنىڭ ئېلان تاختىسىدا چىقىپ تۇردى. دېمەك، يېرىم ئايلىق ژورنال «يېڭى نۇر» تېخى ئاپىرىدە بولماي تۇرۇپلا ئايلىق ژورنالغا ئۆزگەرتىلدى. ساۋاقداشلار شەرت-شارائىت قىيىنچىلىقى ۋە تەجرىبىسىزلىكنى نەزەردە تۇتۇپ، ژورنالنى مەكتەپ مەمۇرىيىتى بىلەن بىرلىشىپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. دۇجۇڭيۈەن «يېڭى نۇر» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ پەخرىي مۇدىرلىقىغا، شېن يەنبىڭ، جاڭ جۇڭشى، گوشىنشيەن تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مەسلىھەتچىلىكى ۋە يېتەكچىلىكىگە تەكلىپ قىلىندى ژورنالنىڭ لاۋازىمەت ئىشلىرىغا مەمۇرىيەتتىكى خادىملار ياردەملىشىدىغان بولدى. گوخۇڭجىڭ تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، تاڭ شىڭخۇا، لىزۇجېن، زاڭ ئىرچۈن، خاۋيۈچىڭ، جاۋپۇلىنلار تەھرىر بولۇپ تەيىنلەندى. دۈيەنشياڭ تىجارەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، جۇسۇگىشەن ليۇيۈگۈي كاتىپ بولدى. ليۇجىشەن ماۋەنجىن، جېڭ جىفاڭ نەشر قىلىش ئىشىغا، ياڭ لىچېڭ تارقىتىش ئىشىغا، خەن جېڭمىڭ، ۋاڭ جىياۋ لاۋازىمەت ئىشلىرىغا، سۈي جىڭفۇ، شى ۋېنيۇ ئېلان ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. «يېڭى نۇر» ئايلىق ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تەشكىلىي جەھەتتىن مۇكەممەللىشىشى ۋە مەكتەپتىكى پۈتۈن ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەڭ كۈچ چىقىرىشى ئارقىسىدا 1939-يىلى 7-ئايدا «يېڭى نۇر» ئايلىق ژورنىلىنىڭ تۇنجى سانى دۇنياغا كەلدى ۋە ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

ئەپسۇسكى، «يېڭى نۇر» ژورنىلىنى ئايمۇ-ئاي چىقىرىپ تۇرۇش پىلانىمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى. تۇنجى سان ئەينى ۋاقىتتا ئاخىرقى سان بولۇپ قالدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى مەكتەپ مۇدىرى جياڭ زوجۇنىڭ «يېڭى نۇر» ژورنىلىنىڭ نەشرگە كەلتۈرۈلۈشى مۇناسىۋىتى

www.uyghurkitap.com

بىلەن يازغان بېغىشلىما سۆزىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، شۇ چاغدا ھەم ئەمەلىي قىيىنچىلىق بولغان، ھەم مۇرەككەپ سىياسىي سەۋەبلەر بولغان، بېغىشلىما سۆزىدە، «بۇ ژورنال ئۆتكەن يىلى 7 - ئايدا دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن مەتبەئە قىيىنچىلىقى ۋە باشقا ھەر خىل مۇناسىۋەتلەر سەۋەبىدىن داۋاملاشالماي قالدى ئۇ، تۈپ - توغرا بىر يىلغا يېقىن توختاپ قالدى.» دېيىلگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان «ھەر خىل مۇناسىۋەتلەر» ئەمەلىيەتتە دۇجۇڭيۈەننىڭ مۇدىرلىقتىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر قىلىنغانلىقى ھەم شېڭشىسەي تەرىپىدىن نازارەت ئاستىغا ئېلىنغانلىقىدۇر. 1940 - يىلى 6 - ئايدا ژورنال قايتا نەشر قىلىنغاندا، «يېڭى نۇر» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى. دۇجۇڭيۈەن ئەمدى پەخرىي مۇدىرلىقتىن قېپقالدى، ئۇنىڭ ئورنىغا چياۋگورېن مۇدىر بولدى. يېڭىدىن باش تەھرىر تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭغا لىشۇشياڭ تەيىنلەندى. تەھرىر بۆلۈمىگە جاۋپولىن، ژاڭئېرچۈەندىن باشقا، يېڭىدىن جاڭچېڭبىن خەنلىڭگەي، ۋاڭدادۇڭ ۋېيزۇڭجۇلار قوشۇلدى. تىجارەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا كېگوچۈەن يەڭگۈشلەندى. ماقالا ئۇيۇشتۇرۇش ئىشىغا ۋۇرېنۋېن مەسئۇل بولدى. يېڭىدىن مەخسۇس كوررېكتور گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ژورنال تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئاپپاراتى تەڭشىلىپ خادىملىرى يەڭگۈشلەنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەقسىدى ئۆزگەرمىدى، ئۇ يەنىلا 6 سىياسەتنى مەدھىيىلەپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنى تارقىتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنى تەشۋىق قىلىپ، جەمئىيەتكە يېڭى قىياپەت بىلەن نامايەن بولدى. بېغىشلىما سۆزدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «يېڭى نۇر» شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرلىكتە باشقۇرۇشى بىلەن چىقىدىغان ژورنال بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىز شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەخسىي ئىلكىدىكى نەرسە ئەمەس دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، مەكتىۋىمىزدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بولۇپمۇ ژورنىلىمىزنىڭ مەسئۇللىرى بۇ ژورنالنى داۋاملاشتۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئىلكىدىكى بۇ نەرسىنى ھەمىشە كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا نامايەن قىلىپ تۇرۇشقا، ئۇنى كۆپچىلىكنىڭ ئىلكىدىكى نەرسىگىلا ئايلاندۇرۇپ قالماي، بەلكى كۆپچىلىكنىڭ دائىملىق ئىلكىدىكى نەرسىگە ئايلاندۇرۇشقا ھەر سائەت - ھەر مىنۇت تىرىشىشى لازىم. ژورنالنى قايتا نەشر قىلىشتىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرىنچىسى ئەنە شۇ، «يېڭى نۇر» - جۇڭگونى ئازات قىلىش ۋە يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشنىڭ جارچىسى، «يېڭى نۇر» - تروتسكىي باندىتلىرىنىڭ ناتوغرا نەزەرىيىسىگە قارشى تۇرۇشنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى، «يېڭى نۇر» - شىنجاڭدىكى ئوغۇل - قىز ياشلارنىڭ ھەركەت قىبلىنامىسى ...... مانا شۇ سۆزلەردىن بۇ ژورنىلىمىزنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە يۈكىنىڭ ئېغىرلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ... شۇڭا، ژورنىلىمىزنىڭ مەسئۇللىرى بۇ ژورنالنى داۋاملىق چىقىرىپ تۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىماسا بولمايدۇ. ژورنالنى قايتا نەشر قىلىشتىكى سەۋەبلەرنىڭ ئىككىنچىسى ئەنە شۇ. شىنجاڭ چەت - چېگرا جاي بولۇپ، قاتنىشى قولايسىز، روھىي ئوزۇقى ئىنتايىن ئاز. ھازىر جاھانگىرلىككە قارشى سەپ ژورنىلى قەرەللىك چىقىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتى ئالاھىدە تېز تەرەققىي قىلىۋاتقاچقا، يالغۇز بىرلا ژورنال بەكمۇ

كەملىك قىلىدۇ. شىنجاڭ ئىنستىتۇتى - شىنجاڭدىكى ئالىي بىلىم يۇرتى، شۇڭا ئۇندا 6 سىياسەت ئاساسىدىكى مەدەنىيەت، ئەدەبىيات، ئىلىم ساھاسىدە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ۋە شىنجاڭ جەمئىيىتىگە تەقدىم قىلىنىدىغان بىر ژورنال بولۇشى كېرەك. ژورنالنىڭ قايتا نەشر قىلىنىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ ئۈچىنچىسى ئەنە شۇ ژورنىلىمىزنىڭ قايتا نەشر قىلىنىشىدىكى ئاخىرقى بىر سەۋەب شۇكى، بۇندا بىز ساۋاقداشلارغا يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشنى كۆزدە تۇتتۇق... ساۋاقداشلارنىڭ يېزىقچىلىق ئىشىغا بولغان ھەۋىسىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنى يېزىقچىلىق ماھارىتىنى تېخىمۇ چاققان ئىگەللىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ 6 سىياسەتكە سادىق ياش يازغۇچىلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش مەقسىتىدە كۈچىمىزنىڭ بېرىچە بۇ ژورنالنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق.» ژورنالنى قايتا نەشر قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان بۇ بېغىشلىما سۆزدىن «يېڭى نۇر» ئاپلىق ژورنىلىنىڭ ئىنقىلاۋىيلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇ ماركسىزىم - لېنىنىزىمنىڭ تەسىرى، پارتىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سېپىنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەتئىي ئالغا ئىنتىلىش روھى بىلەن تولۇپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشى ئارقىسىدا نەشر قىلىنغان ژورنال بولسىمۇ، لېكىن مەتبەئە مەسىلىسى تۈپەيلىدىن، قايتا نەشر قىلىنغاندىن كېيىنمۇ ۋاقتىنچە قەرەلسىز ژورنال بولۇپ قېلىش ھالىتىنى ئۈزۈل - كېسىل تۈگىتەلمىدى. مەسىلەن قايتا نەشر قىلىنغان 1 - سان (1 - جىلد 2 - سان) 1940 - يىلى 6 - ئايدا چىققان بولسا، 1 - جىلد 3 - سان 11 - ئايدا چىققان.

«يېڭى نۇر» ژورنىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن مەملىكىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئاتاغلىق ئەربابلاردىن شېن يەنبىڭ، جاڭ جۇڭشى قاتارلىق كىشىلەر مەسلىھەتچى تەھرىرلىككە تەيىنلەندى، ئىنستىتۇتتىكى ئوقۇغۇچىلار ئاساس ئوقۇتقۇچىلار يېتەكچى قىلىنىپ، ھەممەيلەننىڭ تەڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن بۇ ژورنال چىقىرىلدى. بۇ ئىش يالغۇز شىنجاڭدىكى تەرەققىيپەرۋەر دېموكراتىك زاتلارنىڭلا كۆڭۈل بۆلۈشىگە ۋە قوللىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ قالماي، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭمۇ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشىغا مۇيەسسەر بولدى. شۇڭا «يېڭى نۇر» ژورنىلىنىڭ مەزمۇنى مول شەكلى ھەر خىل بولدى، ئۇنىڭغا ئىلمىي ماقالىلاردىن باشقا، خەلقارا ۋەزىيەت ئىچكى ۋەزىيەت ۋە ئۆلكىنىڭ قۇرۇلۇشىغا دائىر ماقالىلارمۇ بېسىلدى. تەتقىقات مەسىلىلىرى، سوئاللارغا جاۋاپ دېگەن سەھىپىلەرمۇ ئېچىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كارىكاتۇرا، سەھنە ئەسىرى، شېئىر، ئوبزور، فېليەتون، ئېلان قاتارلىق نەرسىلەرمۇ بېسىلدى. مەسىلەن، 1 - سانغا شۇ چاغدىكى خەلقارا مەسىلىلەر ئوبزورچىسى خۇيۇجىز يازغان «تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئۇرۇش ئوتى ئىچىدىكى ۋېتنام - جەنۇبىي ساياھەت خاتىرىلىرى①»، جاڭ مىڭياڭ يازغان «ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرق دىپلوماتىيىسىدىكى يېقىنقى يۈزلىنىشلەر» دېگەن خەلقارا ۋەزىيەتكە دائىر ماقالىلار؛ ماۋدۇن يازغان « «4 - ماي» ھەركىتى ھەققىدە مۇھاكىمە»، جاڭ جۇڭشى يازغان «كاپىتالىزىمنىڭ يېڭى كرىزىسى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىگى»، دۇ جۇڭيۈەن يازغان «شىنجاڭدىكى

www.uyghurkitap.com

بارلىق ياشلارغا بىرىنچى خەت» دېگەن ئىلمىي ماقالىلار؛ يەنە ماۋدۇن رەتلىگەن «شىنجاڭ ماردىشى دېگەن» 4 پەردىلىك تىياتىر، كوممۇنىست گوشېن شىيەن يازغان «لاي [illegible] ياپىن»، دىڭ كېچاڭ يازغان «شىنجاڭ ياشلىرى 6 سىياسەتنى قانداق ئىگىلىشى ۋە تونۇشى كېرەك؟»، سۇي جىڭفۇ يازغان «ھەر بىر كىشىنىڭ كۈندە قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىشى كۈندىلىك خاتىرە»، دۇسۇڭ يازغان «مەكتەپ - تاۋلىنىش ئۈچۈنى»، شياۋرۇچىيەن يازغان «مايدىكى قانلىق قەرز» ۋە «ئىنستىتۇت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھاياتىدىن پارچىلار» دېگەنگە ئوخشاش ئەدەبىي - سىياسىي ماقالىلار بېسىلدى.

«يېڭى نۇر» 16 فورماتلىق بولۇپ، مىق مەتبەئەدە بېسىلاتتى. 1 - سانىنىڭ مۇقاۋىسى «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» ژۇرنىلىنىڭ مۇقاۋىسىغا ئوخشايتتى. قايتا نەشر قىلىنغان 1 - ساندىن باشلاپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە بولدى ھەم مۇقاۋىنىڭ ئاخىرقى بېتىگە كىشىلەرنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئوت ئېچىش روھىغا ئىلھام بېرىدىغان «يېڭى ناخشىلار» تونۇشتۇرۇلدى. ژۇرنال قەرەلسىز چىقىرىلغاچقا، ئۇنىڭ بەت سانى ۋە باھاسى تۇراقسىز ئىدى، كۆپ ھاللاردا 0.40 يۈەن، بەزىدە 0-25 يۈەن ئەتراپىدا سېتىلاتتى. قاتناش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ناھايىتى ئاز تارقىتىلىپ، ئاساسەن شىنجاڭ دائىرىسىدىلا تارقىتىلاتتى، شۇڭا، ئىچكى ئۆلكىلەردە «يېڭى نۇر» ژۇرنىلىنىڭ ماقالىلىرى تونۇشتۇرۇلغان «كىتاب ئوقۇش» ناملىق ئايلىق خەۋەرنى كۆرگەن كىشىلەر نۇرغۇن كىتابخانىلارغا بېرىپ تاپالماي، ئاخىرى «يېڭى نۇر» تەھرىر بۆلۈمىگە خەت يېزىپ ئالاتتى. مەسىلەن، بەي فېيشىڭ دېگەن كىشى تەھرىر بۆلۈمىگە يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەن: «ھازىر ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ھەر بىر قىزغىن ياش غەربىي شىمال چېگرا رايونلىرىنىڭ بارلىق مەسىلىلىرىگە پۈتۈن دىققەت ئېتىبارى بىلەن ھەر ۋاقىت نەزەر سالماقتا، كۆڭۈل بۆلمەكتە. بۇ يەردىكى بىر مۇنچە ھەمراھلىرىمىز سىلەر تەرەپكە بېرىپ ئۆگىنىشكە، خىزمەت قىلىشقا كېچە - كۈندۈزلەپ تەشنا بولماقتا. بىز سىلەرنىڭ «يېڭى نۇر» ئايلىق ژۇرنىلىڭلارنىڭ نەشر قىلىنغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىمىزدىن سەكرىشىپ كەتتۇق...... سىلەرنىڭ دەرھال بىر ئامال قىلىپ بىزگە بىر نۇسخا ئەۋەتىپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. بىزمۇ غەربىي شىمال چېگرا رايونىدىكى قېرىنداشلارغا چىقارغان ژۇرنالنى كۆرۈپ باقايلى!» بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، «يېڭى نۇر» ژۇرنىلىنىڭ ئاپىرىدا بولۇشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭلا ئېھتىياجى بولۇپ قالماي، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭمۇ ئېھتىياجى. شۇڭا، ئۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭلا ئالقىشىغا ئېرىشىپ قالماي، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىنقىلاۋى ياشلارنىڭمۇ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. بۇ ژۇرنالنىڭ ئوينىغان رولى خۇددى شۇ چاغدىكى ئۆلكە رەئىسى لى رۇڭنىڭ بېغىشلىمىسىدا ئېيتىلغاندەك بولدى:

«ئاپىرىدە بولۇپ ژورنال،
بەخش ئەتتى روھىي ھايات.
يېتەكلەپ يېڭى بىلىمگە،
كۆڭۈلنى قىلدى بەرىبات،

شەرھلىنىپ نەزەرىيە،
سىياسەتمۇ بولدى ئايان.
مەرىپەتنىڭ ئىقبال نۇرى،
يورۇتتى دىللارنى شۇئان.»

ئۇ ماركسىزم - لېنىنىزمنى تونۇشتۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ مۇنقەرىزلىكتىن قۇتۇلۇش، يەنى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى تەشۋىق قىلىش، ئىلمىي ئالاقە ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ياشلارنىڭ ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە باشلامچىلىق رولىنى ئوينىدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بولۇپمۇ ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىدىيىسىنى ئويغىتىش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، شېڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭ خەلقى ئارىسىدا، بولۇپمۇ ھەر مىللەت ياشلىرى ئارىسىدا كۈنسايىن ئۆسۈۋاتقان ئابرويىدىن قورقۇپ، ئالاقزادە بولدى. شۇڭا، ئۇ پارتىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىك سەپنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بۇ ئىنقىلاۋىي ژورنالنى ھەر خىل يوللار بىلەن چەكلىدى شۇ سەۋەپتىن، بۇ ژورنال بىر نەچچە سان چىقىپلا، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى،

قەييۇم قۇربان تەرجىمىسى

※※※※※※※※

# قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەر-» پېئىلى توغرىسىدا مۇلاھىزە

مەترېھىم سايىت

«ئەر-» قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادكارلىقلاردا ئىنتايىن كۆپ ۋە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان ئەڭ قەدىمقى پېئىللارنىڭ بىرى، ئۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، لېكسىكىلىق مەنا ۋە گراممانتىكىلىق رولى جەھەتتىن ئۈزلۈكسىز بېيىپ، خېلى كۆپ سىمانتىكىلىق گراممانتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. «ئەر-» ئۆزىنىڭ قەدىمىلىكى، باي سىمانتىكىسى، مول گراماتىكىلىق رولى بىلەن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا دەۋر، تۈرى، يېزىق ئايرىمچىلىقى ۋە دىئالېكتنىڭ پەرقى قاتارلىقلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي كەڭ ۋە ئومۇملىك قوللىنىلىدىغان سۆزگە ئايلانغان ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىمۇ كەڭ ۋە ئومۇملۇك قوللىنىلغان، ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىنمۇ «ئەر-»نىڭ ئاددى ئۆتكەن زامان شەكلى «ئەرتى - ئەردى»نىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىغان شەكلىدىن لېكسىكىلاشقان «ئىدى، ئەردى، ئەرتى»، «ئەر-»نىڭ پۈتكەن سۈپەتداش شەكلىدىن لېكسىكىلاشقان «ئىكەن، ئېركەن، ئەركەن»، «ئەر-»نىڭ ئاڭلاتما بايان رايى شەكلىدىن لېكسىكىلاشقان «ئىمىش، ئېرمىش، ئەرمىش» قاتارلىق هۆكۈم ياردەمچىلىرى، «ئەر-»نىڭ بولۇشسىز سۈپەتداش شەكلىدىن لېكسىكىلاشقان «ئەمەس، ئەرمەس، ئەرمەز» سۆزى قاتارلىقلار كەڭ قوللىنىلىپ، ئالاقىلىشىش ئېھتىياجى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلماقتا.

«ئەر-» پېئىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىغان شەكىللىرىدىن لېكسىكىلىشىپ كەلگەن شەكىللىرى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كەڭ ۋە ئومۇملۇك قوللىنىلىۋاتقان بولسىمۇ، قەدىمقى دەۋرىدىكى قوللىنىلىشى بىلەن ئايرىم جەھەتلەردە روشەن پەرقلەرگە ئىگە. شۇڭلاشقا قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەر-» پېئىلى زادى قانداق لېكسىكىلىق مەنا ۋە گراماتىكىلىق ئورۇنلاردا قوللىنىلاتتى؟ ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا «ئەر-» پېئىلى قانداق سىمانتىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرگە ئىگە بولغان؟ دېگەن سوئاللار تۇغۇلىدۇ. بۇ تىل - يېزىق خادىملىرىدىن جىددىي جاۋاپ كۈتمەكتە. بۇ مەسىلەرنىڭ ئۇتۇقلۇق يېشىلىشى هازىر قولغا ئېلىنىۋاتقان قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇش - ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتىدا كۆپ ئوڭۇشلۇقلارنى كەلتۈرۈپلا قالماي، بەلكى هازىرقى زامان ئۇيغۇر

تىلىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. قەدىمقى تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا «بىلگىلىكىنىڭ بىلگە تاش قورسانسا، قاش بولۇر - بىلمىلىكىنىڭ بىلگە تاش قىستۇرۇپ قويسا، قاشقا (ياقۇتقا) ئايلىنىدۇ.» دېگەن ئەقلىيە سۆز كەڭ تارالغان، بىز ئۆزىمىزنىڭ «ئەر-» سۆزى توغرىسىدىكى دەسلەپكى تەسىراتىمىزنى قۇراشتۇرۇپ، ماقالە قىلىپ چىقىشىمىزمۇ، قولىمىزدىكى بۇ تاشنى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مۇتەخەسسىلەرنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ قاشقا ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

## «ئەر-» - پېئىل سۆز توركۇمىگە تەۋە

«ئەر-» پېئىلى ھەم مۇستەقىل لېكسىكىلىق مەنىدە مۇستەقىل جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ؛ ھەم باشقا مۇستەقىل سۆزلەرگە يانداشىپ كېلىپ، گىراماتىك مەنا ئاڭلىتىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بەزىدە مۇستەقىل جۈملىنىڭ مۇستەقىل بۆلىكى بولۇپ كېلەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا «ئەر-»نى ھەم مۇستەقىل پېئىل ھەم ياردەمچى پېئىل دەپ قاراشقا بولىدۇ.

1. «ئەر-» مۇستەقىل پېئىل: «ئەر-»نىڭ مۇستەقىل پېئىل ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ مۇستەقىل لېكسىكىلىق مەنا ئاڭلاتقانلىقى، مۇستەقىل پېئىللارنىڭ بارلىق گىراماتىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكى، سۆز ياساشقا ئاساس بولالايدىغانلىقىغا قاراپ پەرقلەندۈرۈش مۇمكىن.

1) «ئەر-» - مۇستەقىل پېئىل سۈپىتىدە تۆۋەندىكىدەك لېكسىكىلىق مەنىلەردە كېلىشى مۇمكىن:

(1) مەۋجۇت بولماق، بار بولماق، تۇرماق دېگەن مەنىلەردە كېلىشى مۇمكىن مەسىلەن، ئول ئانتاغ ئوشۇلۇق چوقلۇغ يالىڭلىق كوچلۇگ سولۇگ قانىنىڭ ئۇلۇغى قاتۇنىنتا توغمىش كۆركەلى سەۋىنگىلىگ، كۆزۈلوگ مەڭزىلىگ ئۈچ ئوغلانى ئەرتى (ئەشۇنداق سۈرلۈك، ھەيۋەتلىك، كۈچ - قۇدرەتلىك ئىلىك خانىنىڭ چوڭ خوتۇنىدىن تۇغۇلغان، سۆيۈملۈك، كۆيۈملۈك، چىرايلىق ئۈچ ئوغلى بار ئىدى① ...... يېتى كۈن ئەرتمىش ئەرتى (...... يەتتە كۈن بولغان ئىدى②

(2) بارماق، يېتىپ بارماق، يەتكۈزمەك دېگەن مەنىلەردە كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: تۈركەس قاغان ئانچا تېمىس «بەنىڭ بودۇنۇم ئانتا ئەرۈر» تېمىس (تۈركەش خاقانى «مېنىڭ خەلقىم ئۇ يەرگە يېتىپ باردۇ» دەپتىمىش③ تەگۈر ساۋچىمىزقا تۈمەن مىڭ سالام، تۆزۈ تۆرت ئەشكە تاقى ئەر تورە (رەسۇلغا تۈمەن مىڭ سالام يەتكۈزگىن، (بۇ سالامنى ئۇنىڭ تۆت يارىغىمۇ قوشۇپ يەتكۈزگىن)④

(3)، ئۆتمەك، ئۆتۈپ كەتمەك دېگەن مەنىلەردە كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: قالتى ئالتى كۈن ئەرتىپ باردى، ئوگى قاڭى ئاتلىغى يوزلۇگى ئىغلايۇ بۇسايۇ تۇرغۇزۇپ نەڭ ئۇ نامادى (تاكى ئالتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، ئانىسى دادىسى (شۇنداقلا) يۈز - ئابرۇيلۇق

www.uyghurkitap.com

(ئۇردا ئەمەلدارلىرى) يىغلاپ - قاخشاپمۇ (تېگىنىنى) ئورنىدىن تۇرغۇزالمىدى⑤)

(4) ئۆتكۈزمەك، ئورۇنلىماق، تۈگىمەك دېگەن مەنىلەردە كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: كۆلتېكىن قونى يىلقا يېتى يەگىرمىكە ئۇچدى، توققۇزىنچ ئاي يېتى ئوتۇزقا يوغ ئەر تۈرتىمىز (كۆلتېكىن قوي يىلى 17 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى، 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ماتەم مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدۇق)⑥

ئەدگۈ ئەر سۆڭۈكى ئەردىر، ئاتى قالىر (ياخشى ئەر ئۆزى كېتىدۇ <بەرىبىر ئۆلىدۇ> <ئەمما> نامى قالىدۇ)⑦

يۇقۇرىدىكى «ئۆتكۈزمەك» دېگەن مەنىسى ئاساسىدا يەنە «ئەپۇ قىلماق، كەچۈرۈم قىلماق، يول بەرمەك» دېگەنگە ئوخشاش كۆچمە مەنىلەردىمۇ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئانىڭ ئىشىن ئەر تۈردى (ئۇنىڭ ئىشىنى ماقۇل كۆردى)ئانۇڭ يازۇقىن ئەر تۈردى. (ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈردى).⑧

2) «ئەر -» مۇستەقىل پېئىللاردىكى بارلىق گىراماتىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

(1) دەرىجە كاتېگورىيىسى بىلەن تۈرلىنىدۇ. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەر -» ئۆتۈمسىز ئۆزلۈك پېئىلى بولغىنى ئۈچۈن ئەسلى دەرىجە، مەجبۇرى دەرىجە بىلەنلا تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن، بەنىڭ بۇدۇنۇم ئانتا ئەرۈر (مېنىڭ خەلقىم ئۇ يەرگە يېتىپ بارىدۇ - ئەسلى دەرىجە) قاچان ئانتا تەگىپ ئىلىنچۇ مەگى ئىشىن ئەر تۈردۈكتە ئۆترۈ ئول ئۈچ تېگىتلار قۇۋا چەچەك، تۇش - يىمىش ئىدگەلى ئاتالارى ئىلىگ بەگكە ئۆتۈنۈپ قالتىلار، (سەيلى قىلىپ كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئۈچ يىگىت گۈل - چېچەك يەل - يېمىش يىغىش ئۈچۈن ئاتىلىرى ئىلىگ خاندىن ئىجازەت ئېلىپ <شۇ ئورمانلىق ئى - چىدە> قالدى مەجبۇرى دەرىجىدە.⑨

(2) بولۇشلۇق - بولۇشسىز كاتېگورىيىسى بىلەن تۈرلىنىدۇ، يەنى «ـــمە» قوشۇلمىسا بولۇشلۇق مەنىسىدە، «ـــمە» قوشۇلسا بولۇشسىز مەنىسىدە كېلىدۇ مەسىلەن: تەۋە بەدۈك ئەرسە ماياقى بەزدۈك ئەرمەس (تۆگە چوڭ مايىقى كىچىك)⑩

(3) رەۋىشداش شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

سەلىڭ بولۇك تەرىلىڭ تاغدا،
سەۋنگلىگ ئارانىيا تاندا،
سەۋرەلىپ ئاقار سۇۋلۇغ ئەرىپ،
سەپسەم ئاغلاقتا.
(چەت يىراق ئېچكىرلەپ كەتكەن تاغدا،
سۆيۈملۈك ئارانىيا تاندا،
شىلدىرلاپ ئاقىدىغان سۇ بويىدا
<شىلدىرلاپ ئاقىدىغان سۇ ئېقىنى بولۇپ>
ئاجايىپ جىمجىت خىلۋەت جايدا.)

بۇ شېئىرنىڭ ئۈچىنچى مىسرا ئاخىرىدىكى «ئەردىپ - بولۇپ» سۆزى «ئەر -» گە «- دىپ (- هال پېئىل قوشۇمچىسى)» قوشۇلۇپ ياسالغان.

(4) سۈپەتداش شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: ئانىتا ئەرتىمىش ئۆدتە (ئۆتۈپ كەتكەن مەزگىلدە - پۈتكەن سۈپەتداش بەنىڭ بۇدۇنۇم ئانىتا ئەرۇر (مېنىڭ خەلقىم ئۇ يەرگە يېتىپ باردۇ - پۈتمىگەن سۈپەتداش)

(5) ھەركەتنامى شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: قاچان ئانىتا تەگىپ ئىلىنچۇ مەڭى ئىشىن ئەر تۇردۇقتە ...... (ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ، سەيلى قىلىپ كۆڭۈل ئېچىش ئىشىنى تاماملىغاندىن كېيىن ......⑪) بۇ جۈملىدە «ئەر -» -tür (مەجبۇرى دەرىجە)، -dük (ھەركەتنام)، tə - (چەقىش كېلىش) قاتارلىق گىراممانىك قوشۇمچىلار بىلەن تۇرلەنگەن.

(6) زامان بىلەن تۇرلىنىدۇ. مەسىلەن: ئەرتى (ئۆتكەن زامان)، ئەرۇر (كېلەر زامان)، ئەر ياكى ئەرمەن شەكىللىرى (ھازىرقى زامان).

(7) شەخس بىلەن تۇرلىنىدۇ. مەسىلەن: ئەردىم ~ ئەرتىم (1 - شەخس، بىرلىك)، ئەردۇق (I - شەخس، كۆپلۈك)، ئەردىڭ (II - شەخس، بىرلىك)، ئەردىڭلار (II -شەخس، كۆپلۈك)، ئەردى (III - شەخس) قاتارلىقلار.

(8) راي بىلەن تۇرلىنىدۇ. مەسىلەن: ئانىڭ ئىشىن ئەرتۈردى (ئۇنىڭ ئىشىنى ماقۇل كۆردى)، ۋاستىسىز بايان رايىدا كەلگەن قاڭى قان سۈسى بۆرتەگ ئەرمىس، ياغىسى قونى تەگ ئەرمىس (ئاتام خاقان ئەسكەرلىرى بۆرىدەك ئىمىش، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى قويدەك ئىمىش⑫) - ئاڭلاتما بايان رايىدا كەلگەن. تەڭرى ئوغلى ئەرسەر، زۇمران كۆجى ئالغاي، ئىلىگ قان ئەرسەر، ئالتۇن ئالغاي، بۆرۈك ئەمچى ئەرسەر ئوت يىمە ئالغاي (تەڭرى ئوغلى بولسا، زۇمران كۈچىنى ئالغاي؛ ئىلىك خان بولسا، ئالتۇن ئالغاي؛ ئەگەر تىۋىپ ئەمچى بولسا، ئوت ئالغاي)⑬ - شەرت رايىدا كەلگەن. لوۋ قانى ئىنچە تىمىپ ساقىنتى: ئۇلۇغ كۈچلۈگ، قۇتلۇغ بۇدساۋاتلار ئەرمەسەر، بۇ يىركە تەڭ تەگمەي ئەرتى، ئول بودساۋات ئەرنىچ. (ئەژدىھارخانى ئۆز كۆڭلىدە ئۇلۇق، كۈچلۈك، قۇتلۇق بۇدساتىۋارلارنىڭ ئەجداتىدىن بولمىسا، بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇ چوقۇم بودساتىۋا بولۇشى مۇمكىن. دەپ ئويلاندى)⑭ مۆلچەر رايىدا كەلگەن.

«ئەر -» نىڭ سۈپەتداش شەكلى جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى، ھەركەتنامى شەكلى ھالەت بولۇپ كەلگەندىن باشقا قالغان گىراممانىك شەكىللىرى جۈملىدە ئومۇمەن خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. «ئەر -» باشقا سۆزلەرنى ئۆزىگە تولدۇرغۇچى ھالەت سۈپىتىدە بېقىندۇرۇپ كېلىش جەھەتتىنمۇ باشقا مۇستەقىل پېئىللار بىلەن ئوخشاش خاراكتېرلىنىدۇ (يۇقۇرىدىكى مىساللارغا قاراڭسۇن).

3) «ئەر -» سۆز ياساشقا ئاساس بولالايدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، تىلىمىزدا مۇستەقىل قوللىنىدىغان سۆزلەر يېڭى سۆزلەرنى ياساشقا ئاساس بولالايدۇ. يېڭى سۆزلەر ئادەتتە ئىككى خىل ياسىلىدۇ، ئۇنىڭ بىرى سۆزلەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەر خىل سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئاددىي ياسالما سۆزلەر ياسالسا، يەنە بىرى، سۆزلەرنى ئۆز - ئارا بىرىكتۈرۈش يولى بىلەن مۇرەككەپ ياسالما سۆزلەر ياسىلىدۇ. «ئەر-» مۇ دەل شۇ خۇسۇسىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا «ئەرتىنچ (بۇ سۆز يەنە «ئەر - »پېئىلىنىڭ مۆلچەر رايىدا تۈرلەنگەن شەكلى بىلەن شەكىلداش)» دېگەن مۆلچەر مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان، يۈكلىمىدىن ئىبارەت ياردەمچى سۆز بار. بۇ سۆز «ئەر - » گە ئالدى بىلەن «ـىن (ئۆزلۈك دەرىجە قوشۇمچىسى)» ئاندىن «ئىچ (پېئىلدىن تۇرغۇن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە) قوشۇلۇپ ياسالغان. مەسىلەن، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى «سەۋىنچ (- خۇشاللىق)»، «تەبرەنچ (تەۋرىنىش)»، «كۆركۈنچ (كۆركەم)» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ شەكىلدە ياسالغان.

يەنە قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەرۈش - (ئېرىمەك، ئارىلاشماق، ئۆتۈشمەك)» پېئىلمۇ «ئەر - » گە پېئىلدىن پېئىل ياسىغۇچى «- ئۈش (ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى بىلەن شەكىلداش)» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان.

ئۇنىڭدىن باشقا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەمىسە» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى جەھەتتىن، ئۇلارنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەر - » دىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە مۇنداق پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمىز: «ئەمىسە»، بۇ سۆز قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەر - » گە ئالدى بىلەن بولۇشسىز قوشۇمچىسى « - مە» ئاندىن شەرت رايى قوشۇمچىسى « - سەر» قوشۇلۇپ «ئەرمەسەر» بولغان (بۇنداق شەكىل قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ). تىل تەرەققىياتى جەريانىدا بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى بوغۇملارنىڭ ئاخىرىدىكى «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان (بۇنداق ئەھۋال ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى تەرەققىياتىدا خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ)، ئىككىنچى بوغۇمدىكى «ئە» تاۋۇشى « - ئى» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان. شۇنىڭ بىلەن «ئەمىسە» بولۇپ تۇراقلىشىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا كەلگەندە باغلىغۇچى سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولۇپ قالغان. دېمەك ئەسلىدىكى «ئەر - » نىڭ شەرت رايى، بولۇشسىز شەكلى «ئەرمەسەر» ئۆزگىرىپ شەرت بېقىندى قوشما جۈملىلەرنى باغلايدىغان ياردەمچى سۆزگە ئايلانغان. ئۇلار مەيلى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، مەلۇم ئېتىمولوگىيىلىك باغلىنىشقا ئىگە.

«ئەر - » خاس ئاددىي ياسالما سۆزلەرنى ياساشقا ئاساس بولۇپلا قالماي، بەلكى مۇرەككەپ ياسالما سۆزلەرنى ياساشقىمۇ ئاساس بولالايدۇ. ئالايلى، ئورخۇن يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدە «قارلۇق بودۇن ئەرۈر بارۇر ئەركلى ياغى بولتى (قارلۇق خەلقى مۇستەقىل بولغاندا بىزگە دۈشمەن بولدى)⑮ دېگەن جۈملىلەر ئۇچرايدۇ. بۇ جۈملىدىكى «ئەرۈر بارۇر - مۇستەقىل، ئۆز - ئۆزىگە خوجا» بىرىككەن سۆز بولۇپ، مۇزا - كىرىسىزدىكى «ئەر - » پېئىلى بىلەن «بار - » پېئىلىنىڭ پۈتمىگەن سۈپەتداش قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان شەكىللىرى زىچ بىرىكىشىدىن ياسالغان. بۇ جۈپ سۆزدە «ئەر - » «بار - »

دىگەن پېئىل بىلەن مەنىداشلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىپ، ئەسلىدىكى ئىككى سۆزنىڭ ئايرىم مەنىلىرىگە قارىغاندا كەڭرەك، مۇرەككەپرەك مەنىدىكى سۆز ياسالغان. ئەگەر «ئەر -» مۇستەقىل پېئىل ھېساپلانمىسا، بۇ بىرىككەن سۆزنىڭ ياسىلىشىنى ئىزاھلاش مۇمكىن ئەمەس.

2. «ئەر -» ياردەمچى پېئىل

(1) «ئەر -» ھۆكۈم باغلامچىسى بولۇپ كېلىشى مۇمكىن: «ئەر -» ھۆكۈم باغلامچىسى بولۇپ كەلگەندە ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، شۇ سۆز ئىپادىلىگەن ئۇقۇمنى يەنە بىر مەلۇم شەيئىگە باغلاپ، مۇقىملاشتۇرۇپ، مەۋجۇدىيەت مەنىسىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە راي، زامان، شەخس قاتارلىق گىرامماتىك شەكىللەر بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ، ئۆزى قوشۇلغان سۆزنىڭ راي، زامان، شەخس ئۇقۇملىرىنى قوشۇپ ئىپادىلەپ، جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ، بۇ مەنىدە قوللىنىلغاندا ئۇنىڭ ھۆكۈم مەنىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ھۆكۈم ياردەمچىلىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولىدۇ. مەسىلەن: تەڭرى ئۇغلى يىمەمەن ئۆك ئەرۈرمەن، ئىلىگ قان يىمەمەن ئەرۈرمەن، ئوتاچى ئەمچى يىمەمەن ئۆك ئەرۈرمەن تىپ يارلىقادى، (تەڭرى ئوغلىمۇ مەندۇرمەن، ئىلىگ خانىمۇ مەندۇرمەن، تېۋىپ - ئەمچىمۇ مەندۇرمەن دېدى)⑯ ئوشۇل ئوغۇلنۇڭ ئۆڭلۈگى، چىراغى كۆك ئەدى، ئاغزى، ئاتاش قىزىل ئەردى، كۆزلەرى ئال، ساچلارى، قاشلارى قارا ئەردىلەر ئەردى، ياخشى نەپسلىكلەردىن كۆرۈكلۈگرەك ئەردى. (بۇ ئوغۇلنىڭ يۈز چىراي كۆك ئىدى، ئاغزى چوغدەك قىزىل ئىدى، كۆزلىرى ھال، چاچلىرى، قاشلىرى قارا ئىدى ئۇ ھۆر پەرىلەردىنمۇ چىرايلىقراق ئىدى)⑰

(2) جەريان باغلامچىسى بولۇپ كېلىشى مۇمكىن «ئەر -» جەريان باغلامچىسى ۋەزىپىسىدە كەلگەندە ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەر بىلەن بىرگە كېلىپ، مەلۇم جەرياننى ئىپادىلەش ئارقىلىق ئۆزى قوشۇلغان سۆزنى پېئىللىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىدۇ. «ئەر -» بۇ خىل جەريان باغلامچىسى ۋەزىپىسىدە كەلگەندە، ئەسلىدىكى ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى مەلۇم دەرىجىدە ساقلاپ، خۇددى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «بول -، قىل -» پېئىللىرىغا ئوخشاش مەنىدە ۋە روللاردا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پېئىلغا خاس تۈرلىنىش ئارقىلىق ئۆزى قوشۇلغان ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەرنى پېئىلنىڭ ھەممە گىرامماتىك كاتېگورىيىلىرى بىلەن باغلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ خىل قۇرۇلمىلار جۈملىدە خۇددى پېئىللارغا ئوخشاش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: نەچەما ئۇپراق كەدۈك ئەرسەر، ياغمۇرقايارار (ھەر قانچە كونىرىغان كىيىم بولسىمۇ، يامغۇر ياققاندا ئەسقېتىپ قالىدۇ)⑱ ئۆترۇدوشتا ئاتلىغ راكشاس ئەرنىڭگۇ قورقۇپ، ئۆز راكشاس كۆركىن ئىرىل ئىلىگ بەگنىڭ ئاداقىنتا باغرىن سۇنا ياتىپ ئىنچە تېپىتىدى: ئۇلۇغ ئىلىگ ئەمتى مىنى ساڭا سانلىغ ئەرۈرمەن (ئاندىن كېيىن دۇشتا ئاتلىق راكشاس ناھايىتى قورقۇپ، ئۆزىنىڭ راكشاس قىياپىتى بىلەن ئىلىگ بەگنىڭ پۇتىغا يىقىلىپ، باغرىنى يەرگە يېقىپ مۇنداق دېدى: ھەي ئۇلۇغ بەگ ئەمدى مەن ساڭا تەۋە بولىمەن ساڭا بويسۇنۇپ، سېنىڭ ئىختىيارىڭدا بولىمەن)⑲.

(3) تۇس مەنىسىنى ئىپادىلەپ كېلىشى مۇمكىن «ئەر-» تۇس مەنىسىدە كەلگەندە مۇستەقىل پېئىللارنىڭ چېقىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، مۇستەقىل پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ مەلۇم ۋەزىنىشىگە، يۆنىلىشىگە قارىتىپ ئېلىپ بېرىلمىغانلىقىنى ياكى يىراقلاشقان ھەرىكەتنى ئىپادىلەپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: تەمىر قاپىغقا تەگى ئەرتىمىز (بىز تاكى تۆمۈر دەرۋازىسىچە يېتىپ باردۇق).

(4) خاس «ئۆتكەن زامان» ئۇقۇمىنى ئىپادىلەپ كېلىشى مۇمكىن «ئەر-» بەزىدە باشقا مۇستەقىل پېئىللارنىڭ ھەر خىل گىراماتىك شەكىللىرى بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، پەقەتلا «ئۆتكەن زامان» ئۇقۇمىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنلا قوللىنىلىشى مۇمكىن. مۇشۇ مەنىدە قوللىنىلغاندا ئۇ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئىدى» ئىپادىلىگەن ئۆتكەن زامان ئۇقۇمى بىلەن ئوخشاش مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: چوغاي قۇزىن قارا قۇمۇغ ئولۇرۇر ئەرتىمىز (بىز چوغاي قۇزى ۋە قارا قۇم دېگەن جايدا ئولتۇراقلاشقان ئىدۇق)[20] ئىل قان ئاتىما تويىن بولۇپ، بۇيان بىرزۇن تىپ، ئۆزىك بوس بىتىگ بىرىپ مىنى ئالدىپ ئەرتى، يانتۇرۇ ساتقالى ئالمادىپ ئەرتى. ئەمتى ساتارمان تىپ ئەرمىس، بەگلەرىم بۇ يانلايۇ تىسۇيۇر قىيۇ يارلىقاسار، (ئەل جامائەت ئۈچۈن راھىپ بولۇپ، بەخت كەلتۈرسۇن، دەپ ماڭا ئەركىنلىك خېتى بېرىپ ئالغان ئىدى، مېنى (باشقىلارغا) قايتا سېتىش ئۈچۈن ئالمىغان ئىدى. ئەمدى ئاڭلىسام ساتىمەن دەپ يۈرىمىش. بەگلىرىم ماڭا مېھرى شەپقەتتە بولۇپ ئاتىدارچىلىق قىلمىشلىرىنى ئۆتىنىمەن).

(5) «..... نە (نىڭ) .... ئەرسەر» فورمىسىنىڭ تەركىۋىدە باغلىغۇچى مەنىسىدە كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، نە-يارلىغىڭ ئەرسەر، ئول يارلىغىن بۇ تورگەلى ئانۇق تۇرۇر بىز. (قانداق بۇيرۇق چۈشۈرسەڭ، بىز ئۇنى ئىجرا قىلىشقا تەييارمىز). نەڭ-يېردەكى قاغانلىخ بودۇنتا بەنتەگى بار ئەرسە، نە بۇگى بار ئەرتەچى ئەرمىس (ھەر قانداق يەردىكى خاقانلىق خەلقلەردە مېنىڭدەك ئادەم بولىدىكەن، ئۇلاردا ھېچقانداق بەختسىزلىك بولمايدۇ)[21]

3. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەر-» بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئىدى، ئىكەن ...» قاتارلىق ھۆكۈم باغلامچىلىرى ئوپ-ئوخشاش ئەمەس:

(1) قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا «ئەر-» مۇستەقىل لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە، ئەمما ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يۇقۇرىدىكى ھۆكۈم باغلامچىلىرىدا مۇكەممەل لېكسىكىلىق مەنا يوق.

(2) قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەر-» باشقا پېئىللارغا ئورتاق بولغان گىراماتىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، ئەمما يۇقۇرىدىكى ھۆكۈم ياردەمچىلىرىدە بۇنداق خۇسۇسىيەت يوق. يەنى ھۆكۈم ياردەمچىلىرى تۈرلەنمەيدۇ، مۇستەقىل جۈملە بۆلىكى بولالمايدۇ.

(3) يۇقۇرىدىكى ھۆكۈم باغلامچىلىرى سۆز ياساشقا ئاساس بولالمايدۇ.

(4) قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا «ئەر-» نىڭ «ئەركەن»، «ئەرمىش» دېگەن گىراماتىك شەكىللىرى «ئەر-» نىڭ سۈپەتداش ۋە ئاڭلاتما بايان رايى شەكىللىرىنى ئىپادىلىگەن بولسا، ھازىر «ئىكەن، ئىمىش» لاردا راي ئىپادىلەنگەندىن باشقا يەنە

سۆزلىگۈچىنىڭ بىر خىل مەسخىرە قىلىش، مازاق قىلىش پەس كۆرۈش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىنىدۇ.

(5) قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا، «ئەردىم - ئەردۇق، ئەردىلىك، ئەردى» لارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن، يەنى «ئەر -» بىلەن شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن «- دى، - تى، - دۇ، - تۇ» قوشۇمچىلىرى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا ئۆتكەن زامان ئۇقۇملىرىنى بىلدۈرەتتى، بىراق بۇ خىل «ئەر -» نىڭ ئۆتكەن زامان، شەخسلىك شەكىللىرى ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ «ئىدىم، ئىدۇق، ئىدىلىڭ، ئىدى» بولۇپ تۇراقلاشتى. ھەمدە «- دى، - تى، - دۇ، - تۇ» قوشۇمچىلىرىدا ھېچقانداق زامان ئۇقۇمى ئىپادىلەنمەيدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن «ئەر -» نىڭ ئەسلىدىكى لېكسىكىلىق مەنىسى بارا - بارا يوقىلىپ «ئىدىم ئىدۇق، ئىدىسىڭ، ئىدى» دىگەنلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا كەلگەندە ھەممىسى ئۆز ئالدىغا ئايرىم - ئايرىم شەخسلەردە ئۆزى بېقىنغان سۆزنى ئۆتكەن زامانغا باغلاپ، مۇقىملاشتۇرۇپ، ھۆكۈم باغلامچىلىق رولىدا كېلىدىغان بولۇپ مۇقىملاشتى.

يۇقۇرىدىكىلەردىن شۇنداق خۇلاسىغا كېلىمىزكى «ئەر -» قەدىمقى زامانلاردا مۇستەقىل پېئىل. ئۇيغۇر تىلى يېزىق بىلەن خاتىرىلىنىشكە باشلىغان (ماتىرىياللارغا ئاساسەن تەخمىنەن 6 - ئەسىر) دىن تارتىپ تاكى 13 - 14 - ئەسىرلەرگىچە بولغان ئارىلىقتا (قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە) «ئەر -» سۆزىنىڭ مۇستەقىل پېئىللىق خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن، بىللە، ئۇنىڭدا ياردەمچى پېئىللىق خۇسۇسىيەتمۇ پەيدىن - پەي شەكىللىنىشكە باشلىغان. شۇنداقلا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، مۇستەقىل پېئىللىق خۇسۇسىيىتى ئاجىزلىشىپ، ياردەمچى پېئىللىق خۇسۇسىيىتى قويۇقلاشقان. «ئەر -» ئۇزاق بىر تارىخى جەريان ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە كەلگەندە «ئىدى، ئىمىش، ئىكەن، ئەمەس» قاتارلىق شەكىللەردە ئىستىمالدا مۇقىملىشىپ، «ئەر -» ئىستىمالىمىزدىن چۈشۈپ قالغان. بۇ نۇقتا تىلىمىزدىكى ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ئەسلىدە (ئۇيغۇر تىلىغا خاس) مۇستەقىل سۆزلەردىن بولۇپ، ئۇزاق جەريانلار ئارقىلىق پەيدىن - پەي شەكىللەنگەنلىكىنى قىياس قىلىشىمىزنى مەلۇم ماتىرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىزاھلار:

① ② «ئالتۇن يارۇق» دىن.
③ «تۈنيوقۇق مەڭگۇ تېشى» دىن.
④ «قۇتادغۇبىلىك» تىن.
⑤ «ئەككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» دىن.
⑥ «كۆلتېكىن مەڭگۇ تېشى» دىن.
⑦ ⑧ «تۈركى تىللار دىۋانى» دىن.
⑨ «ئالتۇن يارۇق» تىن.
⑩ «تۈركى تىللار دىۋانى» دىن
⑪ «ئالتۇن يارۇق» تىن
⑫ «كۆلتېگىن مەڭگۇتېشى» دىن.
⑬ «نىستورى دىنىغا ئائىت يادىكارلىقلار قالدۇغى» دىن.
⑭ «ئەككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» دىن.
⑮ «كۆلتېكىن مەڭگۇ تېشى» دىن.
⑯ «نىستورى دىنىغا ئائىت يادىكارلىقلار قالدۇغى» دىن.
⑰ «ئوغۇزنامە» دىن.
⑱ «تۈركى تىللار دىۋانى» دىن
⑲ «چاشتانى ئىلىگ بەگ» تىن
⑳ «تونيوقوق مەنگو تېشى» دىن
㉑ «تونيوقوق مەنگۇ تېشى» دىن

# ئۇيغۇر، قازاق يېزىغى ئىنفورماتسىيىسىنى PC-8000(B) مىكرو ھېساپلاش ماشىنىسىدا بىر تەرەپ قىلىش

سۇلتان جانبولاتوپ، ھۇشۇر ئىسلام، ۋۇ زۇگياۋ

بىز ھېساپلاش ماشىنىسى ئارقىلىق كۆپ خىل يېزىقلىق ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش تەتقىقاتىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر، قازاق يېزىغى ئىنفورماتسىيىسىنى ھېساپلاش ماشىنىسى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش تەتقىقاتىنى ئېلىپ باردۇق. بىر مەزگىللىك ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق ئۇيغۇر، قازاق يېزىقلىرىنى ئەسلىدىكى ASCII كودىدىكى★ ئىنگلىز، لاتىن ھەرىپى ۋە بەلگىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان كونۇپكا تاختىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر نەچچە خىل يېزىقنى بىرلىكتە كىرگۈزۈش، بىرلىكتە بىر تەرەپ قىلىش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇردۇق.

PC—8000 (B) مىكرو ھېساپلاش ماشىنىسى — 1979 - يىلى NEC شىركىتى ئىشلەپ چىققان يالغۇز كىشىلىك ھېساپلاش ماشىنىسى بولۇپ، ئىچكى ساقلىغۇچىنىڭ سىغىمى 64KB گە تەڭ. ئاساسى ماشىنىغا 12 سۇڭلۇق تېلېۋىزورلۇق نامايەندىگۈچ (CRT) ۋە 9 يىگىنلىك خەت بېسىش ماشىنىسى ئۇلانغان، 5 ئىنگلىز سۇڭىدىكى يۇمشاق دىسكا قوزغاتقۇچىدىن ئىككىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. CP/M ئوپېراتسىيە سىستېمىسى ۋە بىر نەچچە خىل يۇقۇرى دەرىجىلىك تىل قاچىلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە 24KB لىق N—BASIC ئىزاھات پىروگىراممىسى PROM ئىچكى ساقلىغۇچىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

بىز ئۇيغۇر، قازاق يېزىقلىرىنى 8 خانىلىق بىر خەتلىك كېڭەيتىلگەن ASCII كود جەدۋىلىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەسلىدىكى ئىنگلىز، لاتىن ھەرپلىرى ۋە بەلگىلىرى بىلەن بىرلىكتە كودلاشتۇردۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى «ھەرپ پەيدا قىلغۇچ» نىڭ EPROM پىلاستىنكىسىغا يېزىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر كونۇپكا ئارقىلىق بىر خەتنى كىرگۈزۈش (چىقىرىش) نى ئەمەلگە ئاشۇردۇق. ئۇيغۇر، قازاق يېزىقلىرىنى ئەسلىدىكى ASCII كود جەدۋىلىگە ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان كونۇپكا تاختىسىغا بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئورتاق ئىشلەتتۇق. نەتىجىدە، ئۇيغۇر، قازاق يېزىغى ئىنفورماتسىيىسىنى ئەسلىدىكى ئىنگلىز، لاتىن يېزىقلىرىغا ئوخشاش يۇقۇرى تېزلىكتە بىر تەرەپ قىلىشقا ئېرىشتۇق. ھېساپلاش ماشىنىسى-

★ ھەرپ، بەلگە ياكى شەكىللەرنى 2 لىك سىستېمىدا سانلىرى ئارقىلىق سىفىرلاشتۇرۇپ چىقىشنى كودلاشتۇرۇش دەپ ئاتايدۇ.

نىڭ ئىقتىدارىنى ئۇيغۇر، قازاق يېزىقلىرىدىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى، ماشىنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بارلىق ماشىنا تىللىرىنى ئۇيغۇر، قازاق يېزىغى ئارقىلىقمۇ ئىشلەتكىلى بولىدى. بىز ئېكران تەھرىر پىروگىراممىسىنىمۇ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ئوخشىمىغان يېزىش ئۇسلۇبىغا ئىگە ئىككى خىل تىل - يېزىقنى ئۆز ئۇسلۇبى، ئالاھىدىلىكى بويىچە بىرلەشتۈرۈپ تەھرىرلەش، بىرلەشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش قابىلىيىتىنى شەكىللەندۈردۇق.

ئۇيغۇر، قازاق يېزىقلىرى فونېتىكىلىق يېزىق دائىرىسىگە كىرىدۇ. گەرچە ئۇيغۇر تىلىدا 32 تاۋۇش بولسىمۇ، ئۇنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەر مۇستەقىل، باش ۋە ئاياق شەكىلدىن ئىبارەت بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان 62 گەۋدىدىن تەشكىل قىلىنغان. بۇنىڭغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان شەكىللەرنى قوشقاندا جەمئىي 126 ھەرپ شەكلىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «لا» شەكلى قوشما شەكىل بولغىنى ئۈچۈن ئەمەلىيەتتە قوللىنىلىۋاتىدۇ. دېمەك 127 ھەرپ شەكلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەر توپىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ، ھازىرقى ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسىنىڭ كونۇپكا سانىغا نىسبەتەن خېلى جىق، شۇڭا ھەرپ سانىنى ئىمكان قەدەر قىسقارتىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن قىسقارتىلغان ھەرپلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ يېزىق شەكىللىرىدىن چەتنەپ كەتمەسلىكى، شەكلى ئېنىق، ئوقۇشقا ئاسان، كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولۇشى لازىم. قازاق يېزىغىدىمۇ ئوخشاش ئالاھىدىلىك مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنىڭدا جەمئىي 119 ئاساسى شەكىل ھازىرقى زامان قازاق يېزىغىنىڭ ئېلىپبە جەدۋىلىنى تەشكىل قىلىدۇ. لېكىن قازاق يېزىغىنىڭ كۆپ شەكىللىرى ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ شەكىللىرى بىلەن ئوخشاش، ئوخشىمايدىغانلىرى ئاز ساندا. بۇ ھال ASCII كود جەدۋىلىگە ئورۇنلاشتۇرۇشقا قولايلىق بولدى.

بىز ھەر قايسى ساھەدىكى تىلشۇناسلار بىلەن كۆپ قېتىم مۇزاكىرىلىشىش ئارقىسىدا ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ 127 شەكلىنى 63 ھەرپ شەكلى ئارقىلىق تولۇق ئىپادىلەش مۇمكىنلىكىنى، قازاق يېزىغىدىكى ئوخشىمايدىغان 5 شەكىلنى قوشقاندا 68 ھەرپ شەكلى ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر، قازاق يېزىقلىرىنى تولۇق ئىپادىلەش مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلدۇق. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇيغۇر، قازاق ھەرپ شەكلىدىن 68 نى ۋە ئۇيغۇر، قازاق تىل يېزىغىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان، ئەمما بۇرۇنقى ASCII كود جەدۋىلىگە كىرگۈزۈلمىگەن ئالاھىدە بەلگىلەر «، ؛ ؟» دىن 3 نى (جەمئىي 71 بەلگىنى) ئۇيغۇر، قازاق يېزىغىنىڭ ھەرپ بەلگىلىرى قىلىپ بېكىتتۇق. ھەمدە بۇلارنى ئەسلىدىكى ASCII كودى بىلەن ئىپادىلەنگەن ئىنگلىز، لاتىن ھەرپلىرى ۋە بەلگە، رەقەملەر بىلەن بىرلىكتە كودلاشتۇردۇق. ئەسلىدىكى ASCII كود قىممىتىنى ئۆزگەرتمەي ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا يېڭىدىن «ئۇيغۇر، قازاق يېزىغى ئىنفورماتسىيەسىنى بىر تەرەپ قىلىش، ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان 8 خانىلىق كود بىلەن تۈزۈلگەن ھەرپلەر توپلىمى» (كېڭەيتىلگەن ASCII كود جەدۋىلى) نى لايىھەلەپ چىقتۇق. يېڭى ASCII كود جەدۋىلىدە 80H نىڭ تۆۋەن قىسمىغا ئۆلچەملىك ASCII كودىدىكى كونترول قىلغۇچى بەلگە، ھەرپ، رەقەملەر

ئۇيغۇر كىتابخۇر بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ كود قىممەتلىرى ئۆزگەرتىلمەي ساقلاپ قېلىندى. 80H نىڭ يۇقۇرىسى كېڭەيتىلگەن ASCII كود جەدۋىلى قىسمىغا ئۇيغۇر، قازاق يېزىقلىرى، لاتىن ھەرپلىرى ۋە بىر قىسىم كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بەلگىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ كېڭەيتىلگەن ASCII كود جەدۋىلى تۈزۈلدى. يېڭى 8 خانىلىق ASCII كود جەدۋىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «يېزىق ئىنفورماتسىيىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان 8 خانىلىق كود بىلەن تۈزۈلگەن ھەرپلەر توپلىمىنى كېڭەيتىش ئۇسۇلى» (يەنى GB2311—80) نىڭ كېڭەيتىش ئۇسۇلى ۋە بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن لايىھەلەندى.

كونۇپكا تاختىسى ئۈستىدىكى «ALTCHAR» كونۇپكىسىنى باسقاندا، ھىساپلاش ماشىنىسى ئۇيغۇر، قازاق يېزىغىنى بىر تەرەپ قىلىش ھالىتىگە كېلىدۇ، ئۇنى يەنە بىر قېتىم باسقاندا ئەسلىدىكى ھالەتكە قايتىپ كېلىدۇ، بۇ چاغدا ئۇيغۇر، قازاق يېزىغىنى بىر تەرەپ قىلىش ھالىتىدىن ئەسلىدىكى ئاساسى ASCII كود جەدۋىلىدىكى ئىنگلىز ھەرپى ۋە بەلگىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ھالىتىگە قايتىپ كېلىدۇ. GRAPH كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق ماشىنىنى شەكىل بەلگىلەر خىزمەت ھالىتىگە، لاتىن يېزىقلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ھالىتىگە يۆتكەش مۇمكىن. مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېڭى لايىھەلەنگەن ئۇيغۇر، قازاق يېزىق ئىنفورماتسىيىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان 8 خانىلىق كود جەدۋىلى ۋە بۇ كود جەدۋىلىگە ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان كونۇپكا تاختىسى (كونۇپكىلارنىڭ 2 لىك سىستېما كودلىرى يۇقۇرىدىكى ASCII كودى بىلەن ماسلاشتۇرۇلدى) ھىساپلاش ماشىنىسىنى كۆپ خىل يېزىق (ئۇيغۇر، قازاق، ئىنگلىز، لاتىن يېزىقلىرى) ئىنفورماتسىيىسىنى بىر تەرەپ قىلىش، ئالماشتۇرۇش قابىلىيىتىگە ئىگە قىلدى.

كونۇپكىلارنى ئورۇنلاشتۇرغاندا ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئىشلىتىلىشىنىڭ ئاز - كۆپلىكىنى نەزەردە تۇتتۇق. بارماقلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدارىغا، ئوڭ - سول قوللارنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ ئىشلىتىشكە دىققەت قىلدۇق. ئىمكان قەدەر ھازىر كۆپ ئىشلىتىلىۋاتقان ئۇيغۇر، قازاق يېزىق ماشىنكىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا يېقىنلاشتۇرۇشقا تىرىشتۇق.

(B) PC—8000 مىكرو ھىساپلاش ماشىنىسىنىڭ CRT نامايەنلەش ئۈسكۈنىسى ھەرپ ۋە بەلگىلەرنى 8×8 توچكا رىشاتكىسى ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەرپ شەكىللىرىنى 68 گە قىسقارتىشتا ھەرپ شەكىللىرىنىڭ توچكىلىق رىشاتكىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشتى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ھەرپلەرنى توچكىلىق رىشاتكىغا ئورۇنلاشتۇرغاندا يالغۇز كېلىدىغان، ئوڭدىن، سولدىن ئۇلىنىدىغان شەكىللەرنى ئايرىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئۇلىنىش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ توچكىلىق رىشاتكىنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرەپلىرىگە، يۇقۇرى ياكى تۆۋەن تەرەپلىرىگە سىزىۋېرەك ئورۇنلاشتۇرۇلدى. لېكىن ھەممىسىنىڭ ئۆلچەملىك ئوتتۇرا سىزىغى ئوخشاش بېكىتىلدى. ھەرپلەرنىڭ يۇقۇرقىدەك ئۇلىنىش قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئىگەللەپ توچك-

لىق رەشاتكىغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىقمۇ خېلى كۆپ ھەرپلەرنى قىسقارتىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى.

يېقىندىن تۈزۈلگەن ASCII كود جەدۋىلىدىكى بارلىق ھەرپ شەكىللىرى ۋە بەلگىلەر قايتىدىن 2k خەت بوغۇمىغا ئىگە ماشىنا تىلى ئارقىلىق ئىپادىلەپ چىقىلدى ھەمدە EPROM2716 پىلاستىنكىسىغا قايتىدىن يېزىلىپ، يېزىق ئامبىرى شەكىللەندۈرۈلدى. بىز، بۇرۇنقى PROM يېزىق ئامبىرىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇلۇپ «ھەرپ پەيدا قىلغۇچ» نىڭ ماس ئورنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ھېساپلاش ماشىنىسى ئۆلچەملىك ASCII كودى بىلەن ئىپادىلەنگەن ھەرپ، بەلگىلەرنى بىر تەرەپ قىلغانغا ئوخشاش، ئۇيغۇر، قازاق يېزىقلىرىنىمۇ بىرلىكتە بىر تەرەپ قىلىدىغان بولدى. ئەگەر ھۆسنخەت ياكى چوڭ خەتلىك يېزىق ئىنفورماتسىيىلىرىنى ئىشلىتىشكە، بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كەلسە، 16×16 تورچىكا رەشاتكىسى ئارقىلىق ھەرپ بەلگىسىنى ياساپ، ماگنىتلىق لېنتىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ يۇمشاق ماتېرىيال ئۇسۇلىدا بىر تەرەپ قىلىش تامامەن مۇمكىن.

ئۇيغۇر، قازاق يېزىقلىرى بىلەن ئىنگلىز، لاتىن يېزىقلىرىنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش ئەمەس، بىرى ئوڭدىن سولغا قاراپ يېزىلسا، يەنە بىرى سولدىن ئوڭغا قاراپ يېزىلىدۇ. بۇ، ھېساپلاش ماشىنىسىنىڭ ئېكران تەھرىرلىك پائالىيىتىگە قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلدى. ئۇيغۇر، قازاق يېزىقلىرى بىلەن ئىنگلىز، لاتىن يېزىقلىرىنى بىرلىكتە بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن «بىرلەشمە تەھرىر» يېڭى پروگراممىسى لايىھەلەپ چىقىلدى.

ئېكران تەھرىر پروگراممىسى ASCII كودىدىكى ھەرپلەر بىلەن ئۇيغۇر، قازاق ھەرپلىرىنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك. يەنى ASCII كودىدىكى ھەرپلەرنى ياكى لاتىن ھەرپلىرىنى كىرگۈزگەن ۋاقىتتا ئاپتوماتىك ھالدا سولدىن ئوڭغا كىرگۈزۈپ يازىدىغان (ياكى چىقىرىدىغان) بولۇشى، ھەر بىر ھەرپنى كىرگۈزگەندە يورۇق بەلگە ئاپتوماتىك ھالدا ئوڭغا سىلجىيدىغان بولۇشى لازىم. ئۇيغۇر، قازاق يېزىقلىرىنى كىرگۈزگەن ۋاقىتتا ئاپتوماتىك ھالدا ئوڭدىن سولغا كىرگۈزۈپ يازىدىغان (ياكى چىقىرىدىغان) بولۇشى، ھەر بىر ھەرپنى كىرگۈزگەندە يورۇق بەلگە ئاپتوماتىك ھالدا سولغا سىلجىيدىغان بولۇشى لازىم. بۇ تەلەپنى قانائەتلەندۈرگەندىلا ساپ ئىنگلىز، ساپ لاتىن ھەرپلىرى ياكى ساپ ئۇيغۇر، ساپ قازاق ھەرپلىرىنى كىرگۈزگىلى (چىقارغىلى)، تەھرىرلىگىلى بولىدۇ. دەرۋەقە بۇلا كۇپايە قىلمايدۇ، بىر قۇرنىڭ مەلۇم جايىدا، بىر خىل يېزىق يېزىش ئۇسۇلىدىن ئىككىنچى بىر خىل يېزىق يېزىش ئۇسۇلىغا ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلگەندە، يېزىش يۆنىلىشى ئوخشىمىغانلىقتىن يورۇق بەلگىنى مەلۇم جايغا يۆتكەپ ئەكىلىپ ئاندىن ھەرپ كىرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. يۆتكەپ ئەكىلىدىغان ئورۇننىڭ ئارىلىقى كىرگۈزۈلىدىغان ھەرپنىڭ سانىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، ھەرپ سانىنى ئېنىق بېكىتەلمىگەن شارائىتتا بۇنى مۆلچەرلەش قىيىن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز يەنە ASCII كودىدىكى ھەرپلەر بىلەن ئۇيغۇر، قازاق يېزىقىدىكى ھەرپلەرنى ئايرىم - ئايرىم بىر تەرەپ قىلالىشى كېرەك دېگەن 2 - تەلەپنى ئوتتۇرىغا قوي-

www.uyghurkitap.com

دۇق. بۇ تەلەپ ASCII كودىدىكى ھەرپلەرنى كىرگۈزگەندە سولدىن ئوڭغا يېزىش يۆ-
لىشىنى ساقلاپ قېلىش، ئۇيغۇر، قازاق يېزىقلىرىنى كىرگۈزگەندە «ئوڭغا سىلجىتىش» ئۇ-
سۇلى ئارقىلىق ھەل قىلىندى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئۇيغۇر، قازاق يېزىغىدىكى ھەرپ-
لەرنى كىرگۈزگەندە ئاپتوماتىك ھالدا بىر-بىرلەپ ئوڭغا سىلجىتىپ بېرىدىغان، ئەمما يې-
ڭى قۇر بەلگە ئورنىدىن قىمىرلىمايدىغان تەھرىر پىروگىراممىسى لايىھەلەندى. بۇنىڭ بىلەن
بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر، قازاق يېزىقچىلىقىدىكى ھەرپلەرنىڭ ئالدى-كەينىدىكى تەرتىپى بىلەن
كونۇپكىدىن كىرگۈزۈلگەن ھەرپلەر تەرتىپىنىڭ بىردەكلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنسا، يەنە
بىر تەرەپتىن ئوخشىمىغان تەھرىرلىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ASCII كودىدىكى ھەرپلەر بىلەن
ئۇيغۇر، قازاق ھەرپلىرىنىڭ بىرلەشمە تەھرىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. بۇ خىل «بىرلەشمە
تەھرىرلەش قابىلىيىتى» مىللىي رايونلاردا ھىساپلاش ماشىنىسىنى ئىشلىتىش ۋە ئومۇملاش-
تۇرۇشتا ناھايىتى زۆرۈر. بىرلەشمە تەھرىرلەش ئىقتىدارى N—BASIC سىستېمىسىدا
ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. N—BASIC ئىزاھلاش پىروگىراممىسى PROM ئىچكى ساقلى-
غۇچقا يېزىۋېتىلگەن. ئۇنى ئۆزگەرتىش قىيىن بولغاچقا، تەھرىر پىروگىراممىسىنى ئۆزگەرت-
مەي ئاددى تىل بويىچە تۈزۈلگەن 500 خەتتىن كۆپرەك بولغان پىروگىراممىنى تۈزۈپ
چىقىپ، باش ئادرىسى AOOOH بولغان ئىچكى ساقلىغۇچقا قاچىلىدۇق، ھەمدە ئىچكى
ساقلىغۇچتىكى F16EH دىن F17OH غىچە بولغان ئادرىستىكى بۆلەكچىنى AO،OO،CD
گە (يەنى CALLAOOOH غا) ئۆزگەرتتۇق.

قاچىلاش ئۇسۇلى ناھايىتى ئاددى، پەقەت يۇقۇرىدا دېيىلگەن 500 خەتلىك 16
لىك سىستېمىدىكى كودنى تۆۋەندىكى BASIC پىروگىراممىسىدىن پايدىلىنىپ كىرگۈزسەكلا
بولىدۇ. بۇ پىروگىراممىنى خالىغان «ئىسىم» بىلەن ماگنىتلىق دىسكىدا ساقلاش مۇمكىن.
ھىساپلاش ماشىنىسىنى ئىشلەتكەن ۋاقىتدا بىر قېتىمدىلا ئىچكى ساقلىغۇچقا يۆتكەپ ئىشلى-
تىش مۇمكىن. ئىچكى ساقلىغۇچقا يۆتكەپ كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن بىرلەشمە تەھرىر پىروگ-
راممىسىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئەسلىدىكى تەھرىر پىروگىراممىسىغا ئۇلىنىدۇ. بۇ چاغدا
يۇقۇرىدىكى BASIC پىروگىراممىسى ئەمەلدىن قالىدۇ.

بىرلەشمە تەھرىر پىروگىراممىسىنى ئەسلىدىكى تەھرىر پىروگىراممىسىغا ئۇلاشنىڭ ئا-
ساسى ئۇسۇلى مۇنداق:

ئەسلىدىكى تەھرىر پىروگىراممىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھالقىلىق جايىدىن بىر «پىرو-
گىراممىا كېڭەيتىش نۇقتىسى» تاللاپ ئېلىنىدۇ. بۇ كېڭەيتىش نۇقتىسىغا يۇقۇرىدىكى RAM
رايونىغا قاچىلانغان بىرلەشمە تەھرىر پىروگىراممىسى ئۇلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كېيىنكى بىر-
لەشمە تەھرىر پىروگىراممىسى دەسلەپكى تەھرىر پىروگىراممىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرى-
نىڭ ئورنىنى ئىگەللەپ قالغان قىسىملىرى بىلەن ئۇلىنىدۇ. بىز دەسلەپكى تەھرىر پىروگ-
راممىسىنىڭ 3C8CH نى كېڭەيتىش نۇقتىسى قىلىپ تاللىدۇق. ھەمدە «تارماق پىروگ-
راممىغا يۆتكەش» بۇيرۇغى «CALLF16E» نى F16E ~ F17OH دىكى 3 بۆ-

لەكچىگە كىرگۈزدۇق. ئادەتتىكى ئەھۋالدا ماشىنىنى توكقا ئۇلاش بىلەن بۇ 3 بۆلەكچە RET(CD) شەرتسىز قايتىش ھالىتىدە تۇرىدۇ. CALL AOOOH غا ئۆزگەرتىلگەندە، پىروگىراما ئىجرا قىلىنىپ، 3C8CH ئورۇنغا كېلىش بىلەن تەڭ CALL F16E بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىپ F16EH ئورۇنغا يۆتكىلىدۇ. بۇ چاغدا پىروگىراما RET شەرتسىز قايتىش ھالىتىدە بولماي، AOOOH ئورۇندىكى يېڭىدىن تۈزۈلگەن بىرلەشمە تەھرىر پىروگىراممىسىنى ئىجرا قىلىدۇ.

يېڭىدىن تۈزۈلگەن تەھرىر پىروگىراممىسى پۈتكۈل تەھرىر پىروگىراممىسىنىڭ پەقەت بىر قىسمىنىلا تەشكىل قىلغان بولۇپ، ھىساپلاش ماشىنىسىنى 2 خىل يېزىق ئىنفورماتسىيەسىنى ئۆزىنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى ۋە ئالاھىدىلىگى بويىچە بىرلەشمە تەھرىرلىتىش، بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلدۇرىدۇ. ھىساپلاش ماشىنىسىنىڭ ئەسلىدىكى ئېكران تەھرىرلەش ئىقتىدارىدىكى بارلىق قابىلىيەتلەر بولسا، تولۇق ھالدا ساقلاپ قېلىنىدۇ. ئۇيغۇر، قازاق يېزىق ئىنفورماتسىيەسىنى بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسىنىڭ تەتقىق قىلىنىپ چىقىشى ھىساپلاش ماشىنىسى ئارقىلىق مۇشۇ تىل - يېزىقتا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىشقا شارائىت يارىتىپ بەردى. بۇ سىستېما يالغۇز ئوقۇتۇش ساھەسىدىلا ئىشلىتىلىپ قالماستىن يەنە: كۆپ خىل يېزىق ئىنفورماتسىيەسى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان ھىساپلاش ماشىنىسى ئالاقىلىشىشى، نەشرىياتچىلىق، كارخانىلارنى باشقۇرۇش، كىتاپ - ئاخباراتلارنى تەكشۈرۈش، ئىشخانىلارنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەر ئۈچۈنمۇ يېڭى ئاساس يارىتىپ بەردى. ئىشىنىمىزكى، بۇ جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ يېڭىلىقلار بارلىققا كەلگۈسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ھىجرىيە ۋە مىلادىيە كالىندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

(چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن جەدۋەل بىلەن كۆرسىتىلدى)

| ھىجرىيە يىل تەرتىۋى / مىلادىيە يىل تەرتىۋى / ئايرىمىسى / ھىجرىيە ئاي تەرتىۋى | 721 / 1321 | | | 722 / 1322 | | | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كۈنلەر | مىلادىيە ئايلىرى | ھەپتە | كۈنلەر | مىلادىيە ئايلىرى | ھەپتە | |
| 1 | 31 | 1 | 7 | 20 | 1 | 4 | ھەر ئىككى كالىندارنىڭ |
| 2 | 2 | 3 | 2 | 19 | 2 | 6 | كۈن، ھەپتىلىرى ئوخشاش |

## ھىجرىيە يىلىنىڭ ئاي ئىسىملىرى ۋە تەرتىۋى

| | |
|---|---|
| 1. ئەلمۇھەررەم | Əlmuḥərrəm |
| 2. سەپەر | Səpər |
| 3. رەبىئۇل ئەۋۋەل | Rəbiul əwwəl |
| 4. رەبىئۇسسانى | Rəbiussani |
| 5. جامادىيەل ئەۋۋەل | Jamadiyəl əwwəl |
| 6. جامادىيەل ئاخىر | Jamadiyəl ahir |
| 7. رەجەپ | Rəjəp |
| 8. شەئبان | Xə'ban |
| 9. رامازان | Ramazan |
| 10. شەۋۋال | Xəwwal |
| 11. زۇلقەئدە | Zulkə'də |
| 12. زۇلھىججە | Zulhijjə |

| 145 | 721<br>1321 | 722<br>1322 | 723<br>1323 | 724<br>1323—1324 | 725<br>1324—1325 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 31.1.7 | 20.1.4 | 10.1.2 | 30.12.6 | 18.12.3 |
| 2 | 2.3.2 | 19.2.6 | 9.2.4 | 29.1.1 | 17.1.5 |
| 3 | 31.3.3 | 20.3.7 | 10.3.5 | 27.2.2 | 15.2.6 |
| 4 | 30.4.5 | 19.4.2 | 9.4.7 | 28.3.4 | 17.3.1 |
| 5 | 29.5.6 | 18.5.3 | 8.5.1 | 26.4.5 | 15.4.2 |
| 6 | 28.6.1 | 17.6.5 | 7.6.3 | 26.5.7 | 15.5.4 |
| 7 | 27.7.2 | 16.7.6 | 6.7.4 | 24.6.1 | 13.6.5 |
| 8 | 26.8.4 | 15.8.1 | 5.8.6 | 24.7.3 | 13.7.7 |
| 9 | 24.9.5 | 13.9.2 | 3.9.7 | 22.8.4 | 11.8.1 |
| 10 | 24.10.7 | 13.10.4 | 3.10.2 | 21.9.6 | 10.9.3 |
| 11 | 22.11.1 | 11.11.5 | 1.11.3 | 20.10.7 | 9.10.4 |
| 12 | 22.12.3 | 11.12.7 | 1.12.5 | 19.11.2 | 8.11.6 |

| 146 | 726<br>1325 - 1326 | 727<br>1326 - 1327 | 728<br>1327 - 1328 | 729<br>1328 - 1329 | 730<br>1329- 1330 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 8.12.1 | 27.11.5 | 17.11.3 | 5.11.7 | 25.10.4 |
| 2 | 7.1.3 | 27.12.7 | 17.12.5 | 5.12.2 | 24.11.6 |
| 3 | 5.2.4 | 25.1.1 | 15.1.6 | 3.1.3 | 23.12.7 |
| 4 | 7.3.6 | 24.2.3 | 14.2.1 | 2.2.5 | 22.1.1 |
| 5 | 5.4.7 | 25.3.4 | 14.3.2 | 3.3.6 | 20.2.3 |
| 6 | 5.5.2 | 24.4.6 | 13.4.4 | 2.4.1 | 22.3.5 |
| 7 | 3.6.3 | 23.5.7 | 12.5.5 | 1.5.2 | 20.4.6 |
| 8 | 3.7.5 | 22.6.2 | 11.6.7 | 31.5.4 | 20.5.1 |
| 9 | 1.8.6 | 21.7.3 | 10.7.1 | 29.6.5 | 18.6.2 |
| 10 | 31.8.1 | 20.8.5 | 9.8.3 | 29.7.7 | 18.7.4 |
| 11 | 29.9.2 | 18.9.6 | 7.9.4 | 27.8.1 | 16.8.5 |
| 12 | 29.10.4 | 18.10.1 | 7.10.6 | 26.9.3 | 15.9.7 |

| 147 | 731 1330-1331 | 732 1331-1332 | 733 1332-1333 | 734 1333-1334 | 735 1334-1335 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 15.10.2 | 4. 10 .6 | 22 .9 .3 | 12 .9 .1 | 1 .9 .5 |
| 1 | 14 .11 .4 | 3. 11 .1 | 22 .10 .5 | 12 .10 .3 | 1 .10 .7 |
| 3 | 13.12.5 | 2. 12 .2 | 20 .11 .6 | 10 .11 .4 | 30 .10 .1 |
| 4 | 12 .1 .7 | 1 .1 .4 | 20 .12 .1 | 10 .12 .6 | 29 .11 .3 |
| 5 | 10 .2 .1 | 30 .1 .5 | 18 .1 .2 | 8 .1 .7 | 28. 12. 4 |
| 6 | 12 .3 .3 | 29 .2 .7 | 17 .2 .4 | 7 .2 .2 | 27 .1 .6 |
| 7 | 10 .4 .4 | 29 .3 .1 | 18 .3 .5 | 8 .3 .3 | 25 .2 .7 |
| 8 | 10 .5 .6 | 28 .4 .3 | 17 .4 .7 | 7 .4 .5 | 27 .3 .2 |
| 9 | 8 .6 .7 | 27 .5 .4 | 16 .5 .1 | 6 .5 .6 | 25 .4 .3 |
| 10 | 8 .7 .2 | 26 .6 .6 | 15 .6 .3 | 5 .6 .1 | 25 .5 .5 |
| 11 | 6 .8 .3 | 25 .7 .7 | 14 .7 .4 | 4 .7 .2 | 23 .6 .6 |
| 12 | 5 .9 .5 | 24 .8 .2 | 13 .8 .6 | 3 .8 .4 | 23 .7 .1 |

| 148 | 736 1335—1336 | 737 1336—1337 | 738 1337—1338 | 739 1338—1339 | 740 1339—1340 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 21 .8 .2 | 10 .8 .7 | 30 .7 .4 | 20 .7 .2 | 9 .7 .6 |
| 2 | 20 .9 .4 | 9 .9 .2 | 29 .8 .6 | 19 .8 .4 | 8 .8 .1 |
| 3 | 19 .10 .5 | 8 .10 .3 | 27 .9 .7 | 17 .9 .5 | 6 .9 .2 |
| 4 | 18 .11 .7 | 7 .11 .5 | 27 .10 .2 | 17 .10 .7 | 6 .10 .4 |
| 5 | 17 .12 .1 | 6 .12 .6 | 25 .11 .3 | 15 .11 .1 | 4 .11 .5 |
| 6 | 16 .1 .3 | 5 .1 .1 | 25 .12 .5 | 15 .12 .3 | 4 .12 .7 |
| 7 | 14 .2 .4 | 3 .2 .2 | 23 .1 .6 | 13 .1 .4 | 2 .1 .1 |
| 8 | 15 .3 .6 | 5 .3 .4 | 22 .2 .1 | 12 .2 .6 | 1 . 2 .3 |
| 9 | 13 .4 .7 | 3 .4 .5 | 23 .3 .2 | 13 .3 .7 | 1 .3 .4 |
| 10 | 13 .5 .2 | 3 .5 .7 | 22 .4 .4 | 12 .4 .2 | 31 .3 .6 |
| 11 | 11 .6 .3 | 1 .6 .1 | 21 .5 .5 | 11 . 5 .3 | 29 . 4 .7 |
| 12 | 11 .7 .5 | 1 .7 .3 | 20 .6 .7 | 10 .6 .5 | 29 .5 .2 |



www.uyghurkitap.com

| 149 | 741<br>1340－1341 | 742<br>1341－1342 | 743<br>1342－1343 | 744<br>1343－1344 | 745<br>1344－1345 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 27.6.3 | 17.6.1 | 6.6.5 | 26.5.2 | 15.5.7 |
| 2 | 27.7.5 | 17.7.3 | 6.7.7 | 25.6.4 | 14.6.2 |
| 3 | 25.8.6 | 15.8.4 | 4.8.1 | 24.7.5 | 13.7.3 |
| 4 | 24.9.1 | 14.9.6 | 3.9.3 | 23.8.7 | 12.8.5 |
| 5 | 23.10.2 | 13.10.7 | 2.10.4 | 21.9.1 | 10.9.6 |
| 6 | 22.11.4 | 12.11.2 | 1.11.6 | 21.10.3 | 10.10.1 |
| 7 | 21.12.5 | 11.12.2 | 30.11.7 | 19.11.4 | 8.11.2 |
| 8 | 20.1.7 | 10.1.5 | 30.12.2 | 19.12.6 | 8.12.4 |
| 9 | 18.2.1 | 8.2.6 | 28.1.3 | 17.1.7 | 6.1.5 |
| 10 | 20.3.3 | 10.3.1 | 27.2.5 | 16.2.2 | 5.2.7 |
| 11 | 18.4.4 | 8.4.2 | 28.3.6 | 16.3.3 | 6.3.1 |
| 12 | 18.5.6 | 8.5.4 | 27.4.1 | 15.4.5 | 5.4.3 |

| 150 | 746<br>1345－1346 | 747<br>1346－1347 | 748<br>1347－1348 | 749<br>1348－1349 | 750<br>1349－1350 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 4.5.4 | 24.4.2 | 13.4.6 | 1.4.3 | 22.3.1 |
| 2 | 3.6.6 | 24.5.4 | 13.5.1 | 1.5.5 | 21.4.3 |
| 3 | 2.7.7 | 22.6.5 | 11.6.2 | 30.5.6 | 20.5.4 |
| 4 | 1.8.2 | 22.7.7 | 11.7.4 | 29.6.1 | 19.6.6 |
| 5 | 30.8.3 | 20.8.1 | 9.8.5 | 28.7.2 | 18.7.7 |
| 6 | 29.9.5 | 19.9.3 | 8.9.7 | 27.8.4 | 17.8.2 |
| 7 | 28.10.6 | 81.10.4 | 7.10.1 | 25.9.5 | 15.9.3 |
| 8 | 27.11.1 | 17.11.6 | 6.11.3 | 25.10.7 | 15.10.5 |
| 9 | 26.12.2 | 16.12.7 | 5.12.4 | 23.11.1 | 13.11.6 |
| 10 | 25.1.4 | 15.1.2 | 4.1.6 | 23.12.3 | 13.12.1 |
| 11 | 23.2.5 | 13.2.3 | 2.2.7 | 21.1.4 | 11.1.2 |
| 12 | 25.3.7 | 15.3.5 | 3.3.2 | 20.2.6 | 10.2.4 |

| 151 | 751<br>1350 - 1351 | 752<br>1351 - 1352 | 753<br>1352 - 1353 | 754<br>1353 | 755<br>1354 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 11.3.5 | 28.2.2 | 18.2.7 | 6.2.4 | 26.1.1 |
| 2 | 10.4.7 | 30.3.4 | 19.3.2 | 8.3.6 | 25.2.3 |
| 3 | 9.5.1 | 28.4.5 | 17.4.3 | 6.4.7 | 26.3.4 |
| 4 | 8.6.3 | 28.5.7 | 17.5.5 | 6.5.2 | 25.4.6 |
| 5 | 7.7.4 | 26.6.1 | 15.6.6 | 4.6.3 | 24.5.7 |
| 6 | 6.8.6 | 26.7.3 | 15.7.1 | 4.7.5 | 23.6.2 |
| 7 | 4.9.7 | 24.8.4 | 13.8.2 | 2.8.6 | 22.7.3 |
| 8 | 4.10.2 | 23.9.6 | 12.9.4 | 1.9.1 | 21.8.5 |
| 9 | 2.11.3 | 22.10.7 | 11.10.5 | 30.9.2 | 19.9.6 |
| 10 | 2.12.5 | 21.11.2 | 10.11.7 | 30.10.4 | 19.10.1 |
| 11 | 31.12.6 | 20.12.3 | 9.12.1 | 28.11.5 | 17.11.2 |
| 12 | 30.1.1 | 19.1.5 | 8.1.3 | 28.12.7 | 17.12.4 |

| 152 | 756<br>1355 | 757<br>1356 | 758<br>1356 - 1357 | 759<br>1357 - 1358 | 760<br>1358 - 1359 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 16.1.6 | 5.1.3 | 25.12.1 | 14.12.5 | 3.12.2 |
| 2 | 15.2.1 | 4.2.5 | 24.1.3 | 13.1.7 | 2.1.4 |
| 3 | 16.3.2 | 4.3.6 | 22.2.4 | 11.2.1 | 31.1.5 |
| 4 | 15.4.4 | 3.4.1 | 24.3.6 | 13.3.3 | 2.3.7 |
| 5 | 14.5.5 | 2.5.2 | 22.4.7 | 11.4.4 | 31.3.1 |
| 6 | 13.6.7 | 1.6.4 | 22.5.2 | 11.5.6 | 30.4.3 |
| 7 | 12.7.1 | 30.6.5 | 20.6.3 | 9.6.7 | 29.5.4 |
| 8 | 11.8.3 | 30.7.7 | 20.7.5 | 9.7.2 | 28.6.6 |
| 9 | 9.9.4 | 28.8.1 | 18.8.6 | 7.8.3 | 27.7.7 |
| 10 | 9.10.6 | 27.9.3 | 17.9.1 | 6.9.5 | 26.8.2 |
| 11 | 7.11.7 | 26.10.4 | 16.10.2 | 5.10.6 | 24.9.3 |
| 12 | 7.12.2 | 25.11.6 | 15.11.4 | 4.11.1 | 24.10.5 |

| 153 | 761<br>1359 - 1360 | 762<br>1360 - 1361 | 763<br>1361 - 1362 | 764<br>1362 - 1363 | 765<br>1363 - 1364 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 23.11.7 | 11.11.4 | 31.10.1 | 21.10.6 | 10.10.3 |
| 2 | 23.12.2 | 11.12.6 | 30.11.3 | 20.11.1 | 9.11.5 |
| 3 | 21.1.3 | 9.1.7 | 29.12.4 | 19.12.2 | 8.12.6 |
| 4 | 20.2.5 | 8.2.2 | 28.1.6 | 18.1.4 | 7.1.1 |
| 5 | 20.3.6 | 9.3.3 | 26.2.7 | 16.2.5 | 5.2.2 |
| 6 | 19.4.1 | 8.4.5 | 28.3.2 | 18.3.7 | 6.3.4 |
| 7 | 18.5.2 | 7.5.6 | 26.4.3 | 16.4.1 | 4.4.5 |
| 8 | 17.6.4 | 6.6.1 | 26.5.5 | 16.5.3 | 4.5.7 |
| 9 | 16.7.5 | 5.7.2 | 24.6.6 | 14.6.4 | 2.6.1 |
| 10 | 15.8.7 | 4.8.4 | 24.7.1 | 14.7.6 | 2.7.3 |
| 11 | 13.9.1 | 2.9.5 | 22.8.2 | 12.8.7 | 31.7.4 |
| 12 | 13.10.3 | 2.10.7 | 21.9.4 | 11.9.2 | 30.8.6 |

| 154 | 766<br>1364 - 1365 | 767<br>1365 - 1366 | 768<br>1366 - 1367 | 769<br>1367 - 1368 | 770<br>1368 - 1369 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 28.9.7 | 18.9.5 | 7.9.2 | 28.8.7 | 16.8.4 |
| 2 | 28.10.2 | 18.10.7 | 7.10.4 | 27.9.2 | 15.9.6 |
| 3 | 26.11.3 | 16.11.1 | 5.11.5 | 26.10.3 | 14.10.7 |
| 4 | 26.12.5 | 16.12.3 | 5.12.7 | 25.11.5 | 13.11.2 |
| 5 | 24.1.6 | 14.1.4 | 3.1.1 | 24.12.6 | 12.12.3 |
| 6 | 23.2.1 | 13.2.6 | 2.2.3 | 23.1.1 | 11.1.5 |
| 7 | 24.3.2 | 14.3.7 | 3.3.4 | 21.2.2 | 9.2.6 |
| 8 | 23.4.4 | 13.4.2 | 2.4.6 | 22.3.4 | 11.3.1 |
| 9 | 22.5.5 | 12.5.3 | 1.5.7 | 20.4.5 | 9.4.2 |
| 10 | 21.6.7 | 11.6.5 | 31.5.2 | 20.5.7 | 9.5.4 |
| 11 | 20.7.1 | 10.7.6 | 29.6.3 | 18.6.1 | 7.6.5 |
| 12 | 19.8.3 | 9.8.1 | 29.7.5 | 18.7.3 | 7.7.7 |

www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى

新疆大学学报（哲学，社会科学维文季刊）

(پەسىللىك ژورنال)

1985 - يىل 3 - سان

(ئومۇمى سانى 23)



ئىلى جىلغىسى قاتارلىق ئىنقىلاۋىي قۇربانلار ھايات ۋاقتىدا ئاساس سالغان
ئوقۇتۇش بىناسى — قىزىل بىنا

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر قايسى پوچتىخانىلار
باسقۇچى: شىنجاڭ داشۆ باسما زاۋۇدى
تارقاتقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
ش. ئۇ. ئا. ر. ژورناللارنى تىزىملاش ئورنىنىڭ كىنىشكە نومۇرى: 321

ۋاكالەت نومۇرى: 13 — 58
باھاسى: 0.40 يۈەن